荣获国家期刊奖提名奖的国家级维文双月刊

دۆلەتلىك ژۇرنال مۇكاپاتى بويىچە نام-زاتلىق مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن دۆلەت دەرىجىلىك ئۇيغۇرچە ژۇرنال

2007.4



● مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ گۈللىنىش يولىدا ... يېڭى باسقۇچ نۇقتىسى

● زادى قانداق ئانىلار ئۇلۇغ؟

● دوكتورلۇق دۇنياسى — دوكتور ئەسئەت سۇلايمان بىلەن سۆھبەت

● زادى كىم ئۆزگەردى؟

● كارامەتلىك تۇيغۇلار (چاتما نەسر)

# جۇڭگو مىللەتلىرى

www.seltenet.com

ISSN 1009-8917

중국민족 جۇڭگو مىللەتلىرى C·E·G 中国民族

## شىنجاڭ «خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى» غا ئېرىشكەن ژۇرنىلىمىز ئاپتورلىرىدىن:



### ئابدۇغېنى قۇربانىياز

1964 - يىل 7 - ئايدا چىرا ناھىيىسىنىڭ داملىكو يېزىسىدا دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1984 - يىلى خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومىنىڭ تىل - ئەدەبىيات كەسپىنى پۈتتۈرگەن. 1998 - يىلىدىن ئېتىبارەن داملىكو يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ. ئاپتورنىڭ «نان قېپى» ناملىق فېلىيېتونى ژۇرنىلىمىزنىڭ 2004 - يىللىق 4 - سانىدا ئېلان قىلىنىپ، 2005 - يىلى 14 - نۆۋەتلىك شىنجاڭ «خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى»غا ئېرىشكەن.




ئېرى دەيدۇ: خوتۇنۇم ئۆزگىرىۋالدى، كىچىككىنە ئىش ئۈچۈنمۇ كوتۇلداپ كېتىدۇ. بارغانسېرى ئانامغا ئوخشاپ قېلىۋاتىدۇ.

خوتۇنى دەيدۇ: ئېرىم ئۆزگىرىۋالدى. كۈن بويى ئويناشنىلا بىلىدۇ. ئۆينىڭ ئىشى بىلەن كارى يوق، بارغانسېرى ئوغلۇمغا ئوخشاپ قېلىۋاتىدۇ.

مۇئەللىم دەيدۇ: ئوقۇغۇچىلار ئۆزگىرىپ كەتتى. ساپاسى بارغانسېرى تۆۋەنلەپ كەتتى، كىچىكلا تۇرۇپ مۇھەببەتلىشىدۇ، دائىم دەرستىن قالىدۇ، ئاندىن ھەدەپ دەرستىن سىرتقى كۇرۇسلارغا يۈگۈرەيدۇ.

ئوقۇغۇچى دەيدۇ: مۇئەللىملەر ئۆزگىرىپ كەتتى، پۇل تېپىشنىلا بىلىدۇ، دەرسنى چىن كۆڭلىدىن ئۆتمەيدۇ، نۇقتىلىق مەزمۇنلارنى دەرستىن سىرتقى كۇرۇسلارغا قالدۇرىدۇ، بىزنىڭ قاتناشماي ئىلاجىمىز يوق، ھېيت ـ بايراملاردا يەنە «كۆڭلىمىزنى ئىزھار قىلمىساق بولمايدۇ».

دوختۇر دەيدۇ: بىمارلار ئۆزگەردى، ئۇلارغا تاقابىل تۇرۇش بارغانسېرى تەس بولىۋاتىدۇ، دورىنى كۆپرەك يېزىۋەتسەكلا، قويۇلۇپ كەتتىم دەيدۇ، كىچىككىنە چاتاق چىقسىلا ئەرز قىلىدۇ.

بىمارلار دەيدۇ: دوختۇرلار ئۆزگىرىپ كەتتى، «ئاق خالاتلىق پەرىشتىلەر»نىڭ ئالىيجانابلىقىنى ئەمدى كۆرگىلى بولمايدۇ، ئۇلار ماشىنىغا تايىنىپ ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈشتىن باشقىنى بىلمەيدۇ، يەنە تېخى «قىزىل بولاق»قا ئامراق.

سودىگەر دەيدۇ: ئىستېمالچىلار ئۆزگىرىپ كەتتى، بارغانسېرى مالدىن تولا ئېۋەن ئىزدەيدۇ، ھېچنېمىدىن ـ ھېچنېمە يوقلا ئىستېمالچىلار جەمئىيىتىگە ئەرز قىلىدۇ.

ئىستېمالچىلار دەيدۇ: سودىگەرلەر ئۆزگىرىپ كەتتى، بارغانسېرى پايدىنىلا كۆزلەيدىغان بولۇپ كەتتى، پۇل تېپىش يولىدا ھەرقانداق ۋاستىدىن باش تارتمايدۇ، مىلىغا ساختىلىق ئارىلاشتۇرۇپ پۇقرالارغا زىيان سالىدۇ.

رەھبەرلەر دەيدۇ: ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ئۆزگىرىپ كەتتى، ئىشتا ئاكتىپ ئەمەس، ئىلگىرىكىدەك جاپاغا چىداپ باش چۆكۈرۈپ ئىشلەيدىغانلار يوق، يەنە تېخى رەھبەرلەرگە يانىدۇ.

خادىملار دەيدۇ: رەھبەرلەر ئۆزگىرىپ كەتتى، ئىلگىرىكى يارىتىش مەزگىلىدىكى جاپاغا چىداش، تۆۋەندىكىلەرنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇش دېگەنلەر تارىخقا ئايلىنىپ قالدى، ھازىر ئۇلار ئاسانلا خاپا بولۇپ چېچىلىدىغان، راھەت ـ پاراغەتكە بېرىلىدىغان بولۇپ كەتتى.

ئەمەلدارلار دەيدۇ: پۇقرالار ئۆزگىرىپ كەتتى، كىچىككىنە ئىش بولسىلا يۇقىرىغا ئەرز قىلىدۇ، ھەدېسىلا «بىنادىن ئۆزۈمنى تاشلايمەن» دەپ جامائەتنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلىدۇ.

پۇقرالار دەيدۇ: ئەمەلدارلار ئۆزگىرىپ كەتتى، پۇقرالارغا ئاتىدارچىلىق قىلىدىغانلارنى تاپقىلى بولمايدۇ، كۈن بويى مەدھىيىلىنىشنىلا بىلىدۇ، ئاتالمىش سىياسى نەتىجىسىنى ئۆستۈرۈشنىلا قوغلىشىدۇ، ئاستىرىتتىن بولسا پارا يېيىشنى، چىرىكلىشىشنى، ئاشنا تۇتۇشنىلا ئويلايدۇ.

(ئىدرىس بارات تەييارلىغان)



# جۇڭگو مىللەتلىرى

خەنزۇ، ئىنگلىز، ئۇيغۇر، موڭغۇل، قازاق، چاۋشيەن تىللىرىدا نەشر قىلىنىدۇ؛ دۆلەت ئىچى ۋە چەت ئەللەردە ئاشكارا تارقىتىلىدۇ.

http://www.seltenet.com

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ باشقۇرۇشىدىكى ئۇنىۋېرسال ژۇرنال

● مەركەزدىن كەلگەن سادا

4 ئاز سانلىق مىللەت ئىشلىرى بىلانى: مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ ئىلمىيلىشىش يولىغا قاراپ يۈزلىنىشىنىڭ يېڭى باشلىنىش نۇقتىسى ...................... ژۇرنىلىمىز مۇخبىرى نيۇ جىندەن

● تەلەيلىك ئوقۇرمەن

9 تەلەيلىك ئوقۇرمەنلەرنى بارلىققا كەلتۈرۈش ۋارىقى ......................................

● مىللىتىم ھەققىدە پاراڭ

11 مەنىۋىيىتىمىزدىكى ياخشى يۈكسىلىشلەر(2)...................................ئۆمەرجان سىدىق

15 ئاتا دېگەن تاغ، ئانا دېگەن باغ ............................................ ھەبىبۇللا رەجەپ

● ساپا ھەققىدە پاراڭ

18 زادى قانداق ئانىلار ئۇلۇغ؟............................................. يالقۇن روزى

22 ھۆرمەتنىڭ قىممىتى ۋە ھېكمىتى........................................ ھەسەنجان ئابلەت

● كىتاب ۋە ساپا

25 دوكتورنىڭ دۇنياسى ــ دوكتور ئىشەت سولايمان بىلەن سۆھبەت ... غالىپ مۇھەممەت قارلۇق

● مىللەت خەزىنىسى

29 «دولان مۇقاملىرى» ۋە ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرى ...................... تۇرغان شاۋۇدۇن

33 فارابىنىڭ قانۇن ئىجاد قىلىشى ............................................ ئەختەم ئۆمەر

● مىللەت ۋە ئۆرپ ـ ئادەت

36 ئۇيغۇرلارنىڭ رەڭ چۈشەنچىسى ........................................ غەيرەتجان ئوسمان

40 ئۆستۈرۈشىمىزدىكى كەملىك ــ مىللىي كىيىم ـ كېچەكلىرىمىز ...... ئابدۇلئەھەد ئابدۇرەشىد بەرقى

● ھاياتلىق ھېكمەتلىرى

43 يەرلەتلىك ياشا، ھەي ئىنسان! ...................................... ئۆمەر مۇھەممەتئىمىن كروران

● مەڭگۈلۈك ئابىدىلەر

46 قەلبىمدىكى روزى سايىت ............................................ دۆلەت قۇربان

● مىللەت ۋە ئەدەبىيات ـ سەنئەت

48 سەنئەتچىلەرنىڭ ئەخلاق سايىسى ........................................ ئىنۋەر ئابدۇر




11 ـ بەتتە



18 ـ بەتتە




33 ـ بەتتە

باشقۇرغۇچى: مىللەتلەر ئىتتىپاقى ژۇرناللىرى نەشرىياتى

نەشرىيات باشلىقى : لى جيەنخۇي (خەنزۇ)

باش مۇھەررىر : گوجېڭيىڭ (يۇغۇر)

دائىمىي مۇئاۋىن نەشرىيات باشلىقى : تۇرۇپ بارات

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر : ئىدرىس بارات

مۇئاۋىن نەشرىيات باشلىقى، مۇئاۋىن باش مۇھەررىر : پياۋ ۋېنجى (چاۋشيەن مىللىتى)

مۇئاۋىن نەشرىيات باشلىقى، مۇئاۋىن باش مۇھەررىر : شى ۋېيبىن (مياۋزۇ مىللىتى)

ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى تۈزدى
ئۇيغۇرچە 19 ـ يىل نەشرى
(ئومۇمىي 113 ـ سان)



باش مۇھەررىر:
**ئىدرىس بارات**
(ئالىي مۇھەررىر)
تېلېفون: 8534567



مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:
**تۇرغۇن يىلتىز**
(كاندىدات ئالىي مۇھەررىر)
تېلېفون: 8559887



ئۇيغۇر بۆلۈم مۇدىرى:
**خەمت نىغمەت**
(كاندىدات ئالىي مۇھەررىر)
تېلېفون: 8558377



مۇھەررىر:
**ئەركىن ئەبەيدۇللا**
(كاندىدات ئالىي مۇھەررىر)
تېلېفون: 8558377



گۈزەل سەنئەت مۇھەررىرى:
**دىلشات ئىدرىس**
تېلېفون: 8569662

بۇ ساننىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى:
**خەمت نىغمەت**

## مۇشتەرى بولۇڭ

ژۇرنىلىمىزغا جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى ۋە بىرلىك سەپ، مىللەتلەر - دىن خىزمىتى تارماقلىرى ھەم تەھرىر بۆلۈمىمىز ئارقىلىق بىۋاستە مۇشتەرى قوبۇل قىلىنىدۇ

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى:
**58 — 117**

تەھرىراتنىڭ ئالاقىلىشىش تېلېفونلىرى :

**0991 ـ 8534567**
**0991 ـ 8558377**
**0991 ـ 8559887**

## بىلىپ قېلىڭ

ژۇرنىلىمىزنىڭ يىللىق باھاسى : 27 يۈەن

يېرىم يىللىق باھاسى : 5 . 13 يۈەن
بىر سانىنىڭ باھاسى : 5 . 4 يۈەن

## ئەسەر، ئېلان ئەۋەتىڭ

ئىدارىمىزنىڭ ئادرېسى:

ئۈرۈمچى جەنۇبىي تىنچلىق يولى
بارىكۆل رايونى 1 ـ بىنا 1 ـ ئىشىك
601، 603 ـ ئىشخانا
( خەلقئارا چوڭ بازارنىڭ شىمالىدىكى بىنادا )

پوچتا نومۇرى : 830001

编辑部地址：乌鲁木齐市和平南路
巴里坤小区 一号楼 一单元 601， 603 室

## ۋاقىپ بولۇڭ

ژۇرنىلىمىزنىڭ «سەلتەنەت» تورى ئارقىلىق ژۇرنىلىمىزغا ھەم تور بېتىمىزگە ئەسەر يوللىيالايسىز، يېڭى سان ژۇرنال ئۇچۇرىدىن ئەڭ تېز خەۋەردار بولالايسىز...

يېقىندا تور ئارقىلىق تېما بېكىتىپ ئەسەر قوبۇل قىلىش ۋاستىسىنى يولغا قويدۇق، قېنى سىزمۇ ئۆز «قەلەمگىز» نىڭ سېھرى كۈچىنى نامايان قىلىڭ!

ژۇرنىلىمىز «سەلتەنەت» تور بېتى ئادرېسى:
http : //www . seltenet . com

**0991 ـ 8569662**

7 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى
نەشردىن چىقتى

شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا
بېسىلدى



جۇڭگودىكى ئازسانلىق مىللەتلەرگە ئائىت بىردىنبىر دۆلەت دەرىجىلىك ئۇيغۇرچە ژۇرنال


● بەدىئىيەتتىن سادا


52 بىز يوقىتىۋاتقان تېپىشماقلار ۋە قۇربانلىقتا ئايلىنىۋاتقان باللار ...... ئاسقىز ئىزىز ئىلتەرىش
55 «مەكتىپىمىزدىكى مۇھەببەت» يەنە قاچانغىچە داۋاملىشار؟............ ئابلىز ئىبراھىم دولان


● مىللەتلەر باغچىسى


57 لىنجۇدىكى ئۇيغۇرلار ............................... ئابدۇۋەلى ئايۇپ
59 شىنزاڭدىكى لوبا مىللىتى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرى ............... ئابدۇسالام تۇرسۇن


● دۇنيا مىللەتلىرى


61 تۈركمەنلەر .......................................... دىلشات ئىدرىس


● بەۋەھەرلەردىن تەرمىلەر


1 زادى كىم ئۆزگەردى؟ ................................ ئىدرىس بارات تېپىارلىغان
24 دوستلارغا تىلەك ..................................... ئىدرىس بارات تېپىارلىغان
39 ئەقىل ئۈنچىلىرى ...................................... مەمتجان ئابدۇغېنى


● ھەزىل سوئال ـ جاۋابلار


63 ھەزىل سوئاللارغا بېرىلگەن جاۋابلار ۋە جاۋاب كۈتكەن سوئاللار ..................


● ئوقۇرمەنلەر ساداسى


64 «جايانشال رېستورانى» ـــ نادانلىقتا دادىل ئۇرۇلغان قامچا.................... ھوشۇر ئابدۇللا


● گۈلدەستە


66 ئارمانلىق تۇيغۇلار (چاتما نەسر)................................ ئىنايەتۇللا قۇربان
69 جىرىڭ ـ جىرىڭ مارجانلار (نەسرلەر)........................ مېھرىگۈل راخمان
71 ئۆزگىچە (شېئىر)........................................... مۇساجان يۇنۇس
71 دېھقان ئاتا (شېئىر)....................................... مۇھەممەدئىمىن ئابدۇقېيۇم
71 دوستلارغا سۆز (شېئىر)................................... ئابدۇكېرىم ئابدۇخېلىل
71 بىر غېرىچ (شېئىر)......................................... زەينۇرە زەيدىن
71 ياكىلىق قەسىدىسى (شېئىر)................................ مۇھەممەت مۇسا
32 دېھقان سۆرىتى (شېئىر) ................................. قۇربان ئابلىمىت


● مۇقاۋىدا


مۇقاۋىنىڭ 1 ـ بېتىدە: دېھقان .................................. ئۈركەش جايىيار فوتوسى
مۇقاۋىنىڭ 2 ـ بېتىدە: شىنجاڭ «خانىتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى»غا ئېرىشكەن ژۇرنىلىمىز ئاپتورلىرىدىن ـــ ئابدۇغېنى قۇربانىياز..............................
مۇقاۋىنىڭ 3 ـ بېتىدە: ئېرىدائى كومپيۇتېر ھۈسنىخەت ئەسەرلىرىدىن تاللانما ..................
مۇقاۋىنىڭ 4 ـ بېتىدە: ئۇيغۇر دېھقانلىرى (سۈرەت كىرىشتۈرۈلگەن شېئىر) ..................
.................. ماخمۇت مۇھەممەت شېئىرى، ئۈركەش جايىيار، غەيرەت ئەمىن فوتوسى





36 ـ بەتتە




61 ـ بەتتە




66 ـ بەتتە

ئاز سانلىق مىللەت ئىشلىرى يىلانى:

# مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ ئىلمىيلىشىش يولىغا قاراپ يۈزلىنىشىنىڭ يېڭى باشلىنىش نۇقتىسى

ـــ دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى دەنجۇ ئاڭبېنىنى زىيارەت

ژۇرنىلىمىز مۇخبىرى نيۇ جىندى

2007 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى، گوۋۇيۈەن بەنگۇڭتىڭى «ئاز سانلىق مىللەت ئىشلىرىنىڭ 11 ـ بەشيىللىق پىلانى»نى بېسىپ تارقاتتى. يېڭى جۇڭگونىڭ تۇنجى ئاز سانلىق مىللەت ئىشلىرى پىلانى بولغان بۇ پىلانىنىڭ ئېلان قىلىنىپ يولغا قويۇلۇشى ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى ئۈچۈن چوڭ ئىش بولۇپلا قالماستىن، ئوخشاشلا پۈتۈن مەملىكەت خەلقى ئۈچۈنمۇ خۇشاللىنارلىق ئىش. دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى دەنجۇ ئاڭبېن مۇنداق دەپ تەكىتلىدى: ئاز سانلىق مىللەت ئىشلىرىنىڭ 11 ـ بەشيىللىق پىلانى يولغا قويۇلغان پايدىلىق پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، مىللەتلەر سىياسىتى سىستېمىسىنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىكى ئامما ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان، ئەڭ بىۋاستە، ئەڭ رېئال بولغان مەنپەئەت مەسىلىسىنى ئوبدان ھەل قىلىپ، باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق، ھەمكارلىق، ئىناقلىق ئاساسىدىكى سوتسىيالىستىك مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى مۇستەھكەملەپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ، ھەرقايسى مىللەتلەر ئورتاق ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىش، ئورتاق گۈللىنىپ تەرەققىي قىلىش يېڭى ۋەزىيىتىنى يارىتىش كېرەك.

**مۇخبىر:** ئىگىلىشىمىزچە، ئاز سانلىق مىللەت ئىشلىرىنىڭ 11 ـ بەشيىللىق پىلانى يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيان ئاز سانلىق مىللەت ئىشلىرىنىڭ دۆلەت ئۇيۇشتۇرۇپ تۈزگەن تۇنجى پىلانى ئىكەن، بۇ پىلاننى تۈزۈشنىڭ قانداق مۇھىم ئەھمىيىتى بار؟

**دەنجۇ ئاڭبېن:** جۇڭگو ھۆكۈمىتى ئاز سانلىق مىللەت ئىشلىرىغا تارىختىن بېرى يۇكسەك دەرىجىدە كۆڭۈل بۆلۈپ، ئاز سانلىق مىللەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا زور كۈچ بىلەن مەدەت بېرىپ كەلدى. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، بولۇپمۇ غەربىي رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسى يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، ئاز سانلىق مىللەت ئىشلىرى تازا ئوبدان تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. لېكىن ئومۇمىي جەھەتتىن ئالغاندا، ئاز سانلىق مىللەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئەتراپلىق، تەكشى بولماي تۆۋەن سەۋىيىدە تۇرۇۋاتىدۇ. نۆۋەتتە مىللەتلەر خىزمىتى يېڭى ۋەزىيەت، يېڭى ۋەزىپە، يېڭى تەلەپكە يۈزلەنمەكتە، بۇ ھال ئاز سانلىق مىللەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىدىغان يېڭى تەسەۋۋۇر، يېڭى چارە، يېڭى تەدبىرلەرنىڭ بولۇشىنى بەلگىلىدى.

ئاز سانلىق مىللەت ئىشلىرىنىڭ 11 ـ بەشيىللىق پىلانىنى تۈزۈش دۆلىتىمىزنىڭ مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ ئىلمىيلىشىشقا قاراپ يۈزلىنىۋاتقانلىقىنىڭ مۇھىم بەلگىسى. بۇ ھەم ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ۋە ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇشنىڭ مۇقەررەر تەلىپى، ھەم سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىشنىڭ مۇقەررەر تەلىپى. پىلان تۈزۈش ئارقىلىق، 11 ـ بەشيىللىق پىلان مەزگىلىدە ئاز سانلىق مىللەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات تەسەۋۋۇرى، ئاساسىي ۋەزىپىسى ۋە كۈرەش نىشانى ئايدىڭلاشتۇرۇلدى، بۇ ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى ماس ئىلگىرى سۈرۈپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىپ، باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق، ھەمكارلىق، ئىناق-





مۇھەررىردىن: ژۇرنىلىمىزغا كۆڭۈل بۆلگەن ۋە قوللىغان بارلىق دوستلارغا سالام!

لىق ئاساسىدىكى سوتسىيالىستىك مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى مۇستەھكەملەپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ «ئورتاق ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىش، ئورتاق گۈللىنىپ تەرەققىي قىلىش»نى ئىلگىرى سۈرۈش جەھەتتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

**مۇخبىر:** پىلاندا 11 تۈرلۈك ئاساسىي ۋەزىپە ۋە 11 تۈرلۈك نۇقتىلىق قۇرۇلۇش ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات قاتارلىق كۆپ تەرەپلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، بۇ ۋەزىپىلەر ۋە قۇرۇلۇشلار قانداق بەلگىلەندى؟

**دەنجۇ ئاڭبېن:** بۇ مەسىلە پىلان تۈزۈشتە ئىگىلەشكە تېگىشلىك يادرولۇق مەسىلە. بىز پىلان ۋەزىپىسىنى بەلگىلەشتە ئاساسەن تۆۋەندىكى ئۈچ جەھەتتىن ئويلاندۇق.

بىرىنچىدىن، ئاز سانلىق مىللەت ئىشلىرىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىنى ئىگىلەش. ئاز سانلىق مىللەت ئىشلىرىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىنى ئىگىلەشتە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي، سىياسىي، مەدەنىيەت ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئومۇمىيىتىنى چىقىش قىلىپ، ئەتراپلىق ئويلىنىش، بىر تۇتاش پىلانلاش زۆرۈر. بىز ئاز سانلىق مىللەت ئىشلىرىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىنى ئىگىلەش ئارقىلىق، ئاز سانلىق مىللەت ئىشلىرىنىڭ 11 ـ بەشيىللىق پىلانىدىكى ۋەزىپىلىرىنى بەلگىلىدۇق.

ئىككىنچىدىن، ئاز سانلىق مىللەت ئىشلىرى پىلانىنىڭ ئورنىنى ئىگىلەش. ھۆكۈمەت جامائەتكە مۇلازىمەت قىلىش نۇقتىسىدىن ئاساسىي جامائەت مۇلازىمىتىنى تەگپۇڭلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى نىشان قىلىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىدىكى گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى ۋە ئالاھىدە قىيىنچىلىقلارنى قول سېلىپ ھەل قىلىشنى پىلانىنىڭ ئاساسىي ئورنى قىلدۇق. بۇ ــ ئاز سانلىق مىللەت ئىشلىرىنىڭ 11 ـ بەشيىللىق پىلانىدىكى ۋەزىپىلەرنى بەلگىلىشىمىزنىڭ مۇھىم ئاساسى.

ئۈچىنچىدىن، ئاز سانلىق مىللەت ئىشلىرى تەرەققىياتىنىڭ ھازىرقى ھالىتىنى ئىگىلەش. نۆۋەتتە، ئاز سانلىق مىللەت ئىشلىرى ناھايىتى زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىكى ئاممىنىڭ ئېھتىياجىدىن قارىغاندا يەنىلا مۇئەييەن پەرق مەۋجۇت، بۇ پەرق ئاساسەن مەجبۇرىيەت مائارىپى، ئاممىۋى سەھىيە، جامائەت مەدەنىيىتى، ئەمگەك، ئىشقا ئورۇنلىشىش، ئىجتىمائىي كاپالەت، نامراتلارنى يۆلەش، قىيىنچىلىقتا قالغانلارنى قۇتقۇزۇش، ئالاھىدە ئېھتىياجلىق تاۋارلار ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ ئاساسىي شارائىتى قاتارلىق ئاجىز ھالقىلاردا گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ. بۇ قىيىنچىلىق ۋە مەسىلىلەرنى تەدرىجىي ھەل قىلىش ئاز سانلىق مىللەت ئىشلىرىنىڭ 11 ـ بەشيىللىق پىلانىدىكى ۋەزىپىلەرنى بەلگىلەشنىڭ ئاساسىي چىقىش نۇقتىسى.

ئاز سانلىق مىللەت ئىشلىرىنىڭ 11 ـ بەشيىللىق پىلانىدىكى نۇقتىلىق قۇرۇلۇشلار جەھەتتە، پىلاندىكى ۋەزىپىلەرنى ئورۇنداش چىقىش قىلىنىپ، «بەزى ئىشلارنى قىلىش، بەزى ئىشلارنى قىلماسلىق» پرىنسىپى بويىچە بەلگىلەندى. بۇ، پىلاندىكى ۋەزىپىلەرنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ زۆرۈر ۋاستىسى ۋە مۇھىم يولى.

**مۇخبىر:** تۇرمۇش جەھەتتىكى قىيىنچىلىق يەنىلا نۇرغۇن ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى دۇچ كەلگەن ئەڭ رېئال مەسىلە. ھۆكۈمىتىمىز ئەزەلدىن ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنى نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى قىلىپ، يۈكسەك دەرىجىدە كۆڭۈل بۆلۈپ ۋە ئالاھىدە يۆلەپ كەلدى. ئاز سانلىق مىللەت ئىشلىرىنىڭ 11 ـ بەشيىللىق پىلانىدا ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ نامراتلىق مەسىلىسىنى ھەل قىلىش جەھەتتە قايسى كونكرېت ئىشلار نەزەرگە ئېلىندى؟

**دەنجۇ ئاڭبېن:** دۇرۇس، تەبىئىي، تارىخىي ۋە باشقا كۆپ جەھەتتىكى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ نامراتلىق مەسىلىسى يەنىلا ئىنتايىن ئېغىر. 2005 ـ يىلى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئولتۇراقلاشقان رايونلار يېزىلىرىدىكى مۇتلەق نامرات نوپۇس 11 مىليون 740 مىڭ بولۇپ، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ 49.5% نى ئىگىلىگەن؛ كىيىنىش ـ تويۇنۇش مەسىلىسى دەسلەپكى قەدەمدە ھەل قىلىنغان يېزىلاردىكى تۆۋەن كىرىملىك نوپۇس 20 مىليون 480 مىڭ بولۇپ، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ 50.4% نى ئىگىلىگەن؛ نامراتلىقنىڭ يۈز بېرىش نىسبىتى 6.9% بولۇپ، پۈتۈن مەملىكەتكە سېلىشتۇرغاندا 4.4 پىرسەنت پوئىنت يۇقىرى بولغان؛ ئۇنىڭ ئىچىدە تەخمىنەن 20 مىللەت، 3 مىليون 900 مىڭ نوپۇس خېلى بەك نامرات بولۇپ، نامراتلىقنىڭ يۈز بېرىش نىسبىتى 23.9% كە يەتكەن. بۇ ئالاھىدە نامرات ئاز سانلىق مىللەتلەر ئولتۇراقلاشقان رايونلاردا ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش شارائىتى ناچار، ئاساسىي مۇئەسسەسەلەر ئاجىز، ئىجتىمائىي مۇلازىمەت سەۋىيىسى تۆۋەن، كىرىمنى ئاشۇرۇش يوللىرى ئاز، تەبىئىي ئاپەت، كېسەللىك سەۋەبىدىن نامراتلىققا قايتىش دەرىجىسى يۇقىرى بولۇش مەسىلىلىرى ئومۇميۈزلۈك مەۋجۇت بولۇش ــ جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى ۋە قىيىن نۇقتىسى.



مۇھەررىردىن: زۇرنىلىمىزنى ئۆزىنىڭ ئىلك نادىر ئەسەرلىرى بىلەن تەمىنلەپ كېلىۋاتقان بارلىق ئاپتورلىرىمىزغا سالام!

يۇقىرىقى ئەھۋاللارغا قارىتا، ئاز سانلىق مىللەت ئىشلىرىنىڭ 11 ـ بەشيىللىق پىلانىدا، نامراتلىق مەسىلىسىنى ھەل قىلىش جەھەتتە تۆۋەندىكى تەدبىرلەر قوللىنىلدى: ئالاھىدە نامرات ئاز سانلىق مىللەتلەرنى نامراتلىقتىن قۇتقۇزۇش قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇش؛ ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان نامرات رايونلارنىڭ تەرەققىياتىنى نۇقتىلىق يۆلەش؛ ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان نامرات رايونلارنىڭ تۇرلۇك نامراتلارنى يۆلەش تەرەققىيات تەدبىرلىرىنىڭ يېزا، كەنت ۋە ئائىلىلەرگىچە ئەمەلىيلەشتۇرۇلۇشىگە تۇرتكە بولۇش؛ ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان نامرات رايونلارنىڭ تۇۋرۇك كەسىپلىرىنى زور كۈچ بىلەن يۆلەش؛ ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان نامرات رايونلارنىڭ ئەمگەك كۈچلىرىنى تەربىيلەشنى پائال قانات يايدۇرۇش؛ ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان نامرات رايونلارنىڭ ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش ـ ياردەم سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش ۋە مۇكەممەللەشتۇرۇش؛ ئېكولوگىيىلىك سەۋەبتىن ئاھالىلەرنى كۆچۈرۈش ۋە نامراتلارنى كۆچۈرۈپ يۆلەش ئىشىنى پۇختا قەدەم بىلەن ئالغا سىلجىتىش؛ ئاز سانلىق مىللەت نامرات ئاھالىلىرىگە قارىتىلغان بىۋاستە ياردەم ۋە يۆلەشنى كۈچەيتىش.

بىز بۇنىڭدىن كېيىنكى بەش يىلدا تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق، شارائىت ھازىرلانغان ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان ئالاھىدە نامرات كەنتلەردە توك ئۆتكۈزۈش، ماشىنا قاتناش، تېلېفوندا سۆزلىشىش، رادىئو ئاڭلاش، تېلېۋىزىيە كۆرۈش شارائىتى يارىتىپ بېرىش، مەكتەپ بولۇش، دوختۇرخانا بولۇش، ئادەم ۋە ھايۋانلارنىڭ بىخەتەر ئىچىملىك سۈيى بولۇش، خاتىرجەم ماكانلىشىش ئۆيى بولۇش، كىيىنىش ـ تويۇنۇش مەسىلىسىنى مۇقىم ھەل قىلىدىغان ئاساسىي دېھقانچىلىق ئېتىزلىرى، يايلاقلار بولۇش نىشانىنى ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇشنى تىرىشىپ قولغا كەلتۈرۈپ، ئالاھىدە نامرات ئاز سانلىق مىللەت ئاممىسىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش شارائىتىنى تەدرىجىي ياخشىلاشنى ئۈمىد قىلىمىز.

**مۇخبىر:** زۇڭلى ۋېن جياباۋ بۇ يىل ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن بەرگەن دوكلاتىدا مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشنى ئىجتىمائىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش بىلەن تەڭ ئورۇندا قويۇپ، مائارىپ تەرەققىياتى ۋە مائارىپ ئادىللىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش، سەھىيە ئىشلىرى ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتىنى تېزلىتىش، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت خىزمىتىنى كۈچەيتىش كېرەكلىكىنى ئالاھىدە تەكىتلىدى، ئۇنداقتا، ئاز سانلىق مىللەت ئىشلىرىنىڭ 11 ـ بەشيىللىق پىلانى خەلقنىڭ تۇرمۇش مەسىلىسىنى قانداق گەۋدىلەندۈردى؟

**دەنجۇ ئاڭبېن:** خەلقنىڭ تۇرمۇشىغا تېخىمۇ كۆڭۈل بۆلۈش زۇڭلى ۋېن جياباۋنىڭ بۇ يىلقى ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن بەرگەن دوكلاتىنىڭ بىر تۇرلۇك مۇھىم مەزمۇنى، بۇ 11 ـ بەشيىللىق پىلان مەزگىلىدە، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ تۇرمۇشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان مائارىپ، سەھىيە، مەدەنىيەت ۋە ئىجتىمائىي پاراۋانلىق قاتارلىق مەسىلىلەرنى تېخىمۇ كۆڭۈل بۆلۈپ ھەل قىلىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن، پىلاندا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ۋە مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئەمەلىيىتى چىقىش قىلىنىپ، ئوخشاشلا خەلق تۇرمۇشى مەسىلىسىدىكى كۆڭۈل بۆلىدىغان مۇھىم نۇقتا قىلىندى.

مائارىپ جەھەتتە، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ۋە مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ مائارىپ سەۋىيىسىنى كۈچەپ ئۆستۈرۈش. بۇ جەھەتتە ئاساسلىقى تۆۋەندىكى تەدبىرلەر قوللىنىلىدۇ: توققۇز يىللىق مەجبۇرىيەت مائارىپىنى ئومۇملاشتۇرۇپ ۋە مۇستەھكەملەپ، يېزا مەجبۇرىيەت مائارىپى باسقۇچىدا ئوقۇغۇچىلارنىڭ پارچە ـ پۇرات ئوقۇتۇش پۇلىنى كەچۈرۈم قىلىش، نامرات ئائىلە ئوقۇغۇچىلىرىغا دەرسلىك كىتابلارنى ھەقسىز بېرىش، ياتاقتا ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچىلارغا تۇرمۇش ياردەم پۇلى بېرىش قاتارلىق سىياسەتلەرنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۇرۇش؛ مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلىرىنى ئوبدان باشقۇرۇش، ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي مائارىپنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش؛ ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ مەكتەپ باشقۇرۇش شارائىتىنى ياخشىلاش، ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ جامائەت خىراجىتىنى كاپالەتلەندۈرۈش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش؛ مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشنى كۈچەيتىش، ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ سەۋىيىسىنى ۋە تەمىناتىنى تەدرىجىي ئۆستۈرۈش؛ پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەردە ئاز سانلىق مىللەت تەييارلىق سىنىپلىرىنى، مىللىي سىنىپلارنىڭ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش كۆلىمىنى مۇۋاپىق كېڭەيتىش؛ مائارىپقا مەبلەغ جەھەتتىن ياردەم بېرىشنىڭ ئۈنۈملۈك سىستېمىسىنى بەرپا قىلىپ، ئاز سانلىق مىللەت نامرات ستۇدېنتلىرىنىڭ ئوقۇشىنى تاماملىشىغا ياردەم بېرىش.

داۋالاش ـ ساقلىقنى ساقلاش جەھەتتە، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ داۋالاش ـ ساقلىقنى ساقلاش ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى كۈچەپ تېزلىتىش. بۇ جەھەتتە ئاساسەن تۆۋەندىكى تەدبىرلەر قوللىنىلىدۇ: مىللىي ئاپتونومـ



مۇھەررىردىن: ژۇرنىلىمىز ئەسەرلىرى توغرىسىدا تەسىرات، تەكلىپ ۋە پىكىر ئەۋەتكەن بارلىق ئوقۇرمەنلىرىمىزگە سالام!

يىلىك جايلارنىڭ جامائەت ساغلاملىقى ۋە ئاساسىي قاتلام داۋالاش مۇلازىمىتى سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش؛ مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ داۋالىنىش كاپالىتى تۈزۈمى قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىش؛ مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ يېزا داۋالاش ـ ساقلىقنى ساقلاش ئىختىساسلىق خادىملىرىنى تەربىيىلەشنى كۈچەيتىش؛ مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ يۇقۇملۇق كېسەللىك ۋە يەرلىك كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمىتىنى كۈچەيتىش؛ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى تېبابەتچىلىك ـ دورىگەرلىكىنى قوغداش ۋە قۇتقۇزۇش سالمىقىنى ئاشۇرۇش؛ نوپۇس، پىلانلىق تۇغۇت، سەھىيە، كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ساۋاتىنى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىپ، ئىلمىي، مەدەنىي، ساغلام بولغان تۇرمۇش ئۇسۇلىنى تەشەببۇس قىلىش.

ئىجتىمائىي پاراۋانلىق جەھەتتە، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي پاراۋانلىق سەۋىيىسىنى پۇختا قەدەم بىلەن يۇقىرى كۆتۈرۈش. بۇ جەھەتتە ئاساسلىقى تۆۋەندىكى تەدبىرلەر قوللىنىلىدۇ: ئىجتىمائىي كاپالەت سىستېمىسىنى ئورنىتىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئىجتىمائىي كاپالەتنىڭ قاپلاش دائىرىسىنى كېڭەيتىش؛ شەھەر ـ بازار ئاھالىلىرىنىڭ ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، يېزا، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش تۈزۈمىنى ئورنىتىشنى ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىش؛ نامراتلارنى يۆلەش، مېيىپلارغا ياردەم بېرىش، يېتىم ـ يېسىرلارنى قۇتقۇزۇش، قىيىنچىلىقتا قالغانلارغا ياردەم بېرىشنى مۇھىم نۇقتا قىلغان ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ئىشلىرى ۋە ئىجتىمائىي خەيرىيەت ئىشلىرىنى تېز تەرەققىي قىلدۇرۇش؛ ئىشقا ئورۇنلىشىش بويىچە تەربىيىلەش ۋە مۇلازىمەت سىستېمىسى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، يېزا ئەمگەك كۈچلىرىنى يۆتكەپ تەربىيىلەش سالمىقىنى ئاشۇرۇش.

**مۇخبىر:** نۆۋەتتە ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنى قانداق قوغداش ۋە راۋاجلاندۇرۇش قىزىق تېما بولۇپ قالدى. پىلاندا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىنى قوغداش ۋە راۋاجلاندۇرۇش جەھەتتە نېمىلەر نەزەرگە ئېلىندى؟

**دەنجۇ ئاڭبېن:** ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىنى قوغداش ۋە راۋاجلاندۇرۇش ئاز سانلىق مىللەت ئىشلىرىنىڭ 11 ـ بەشيىللىق پىلانىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى بولۇپلا قالماستىن، ئوخشاشلا جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ 11 ـ بەشيىللىق پىلان مەزگىلىدىكى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم تەرىپى. مەزمۇنى مول، شەكلى خىلمۇخىل بولغان ئاز سانلىق مىللەتلەر مەدەنىيىتى ھەم جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، شۇنداقلا جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ مۇھىم تۈرتكىلىك كۈچى. ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىنى گۈللەندۈرۈش ۋە راۋاجلاندۇرۇش — جۇڭگو مەدەنىيىتىنىڭ رىقابەت كۈچىنى ئاشۇرۇش، جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنى دۇنياغا يۈزلەندۈرۈشنىڭ مۇقەررەر تەلىپى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش ئوخشاشلا جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ئوبيېكتىپ ئېھتىياجى.

يېڭى ۋەزىيەتتە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن قوغداش ۋە قېزىش جەھەتتە كۈچ سەرپ قىلىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر مەدەنىيىتىنى قوغداش ۋە قېزىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىش كېرەك؛ ئالاھىدىلىكنى تازا چىڭ تۇتۇش جەھەتتە قاتتىق كۈچ سەرپ قىلغاندىلا، ئاز سانلىق مىللەتلەر مەدەنىيىتىنىڭ ئەۋزەللىكىنى شەكىللەندۈرۈپ، تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، نى ـ نى ئىشلارنى قىلغىلى بولىدۇ؛ يېڭىلىق يارىتىش جەھەتتە كۈچ سەرپ قىلىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىيات داۋامىدا يېڭىلىق يارىتىشى، يېڭىلىق يارىتىش داۋامىدا تەرەققىي قىلىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. مۇشۇ تەرەپنى نەزەردە تۇتۇپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىنى قوغداش ۋە راۋاجلاندۇرۇش جەھەتتە پىلاندا تۆۋەندىكى تەدبىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى: مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ مەدەنىيەت ئاساسىي مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش؛ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئاخباراتچىلىق، نەشرىياتچىلىق، رادىئو، كىنو ـ تېلېۋىزىيە، مەدەنىيەت ـ سەنئەت ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش؛ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت كەسىپلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى يۆلەش؛ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش، قۇتقۇزۇش، قېزىش، رەتلەش ۋە تەشۋىق قىلىش، كۆرگەزمە قىلىش ئىشلىرىنى كۈچەيتىش؛ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىنى پائال قانات يايدۇرۇش؛ ئاز سانلىق مىللەتلەر مەدەنىيىتى جەھەتتە تاشقى تەشۋىقات، ئالاقە ۋە ھەمكارلىق ئىشلىرىنى كۈچەيتىش؛ مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ مەدەنىيەت ـ سەنئەت ئىختىساسلىق خادىملىرىنى تەربىيىلەشنى كۈچەيتىش.

**مۇخبىر:** پىلاندا بەزى يېڭى سۆزلەر ئوتتۇرىغا چىقتى، مەسىلەن: «مىللەتلەر ئىشلىرى مۇلازىمەت سىستېمىسى بەرپا قىلىش قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇش»، سىزنىڭچە بۇ قۇرۇلۇش ئارقىلىق قانداق مەسىلىلەرنى ھەل قىلماقچى؟

**دەنجۇ ئاڭبېن:** بۇ مەسىلە دۆلىتىمىزنىڭ مىللەتلەر خىزمىتى دۇچ كەلگەن يېڭى مەسىلە. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، دۆلىتىمىزنىڭ مىللەتلەر خىزمىتىدە نۇرغۇن يېڭى ئەھۋال، يېڭى ئۆزگىرىش بولدى. بىرىنچىدىن، شەھەرلەردىكى



مۇھاررىردىن: بارلىق ئوقۇرمەن، ئاپتورلارنىڭ «تەرەپلىك ئوقۇرمەن» پائالىيىتىگە قىزغىن ئىشتىراك قىلىشىنى قىزغىن قارشى ئالىمىز.

ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى تېز سۈرئەتتە كۆپەيدى، دۆلىتىمىزنىڭ نۇرغۇن شەھەرلىرىدە ئاز سانلىق مىللەتلەر نوپۇسىنىڭ كۆپىيىشى شۇ جايدىكى خەنزۇلار نوپۇسىنىڭ كۆپىيىشىدىن كۆپ ئېشىپ كەتتى؛ ئىككىنچىدىن، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تارقاق ـ ئارىلاش ئولتۇراقلىشىش يۈزلىنىشى روشەن بولماقتا؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، مىللەتلەرنىڭ تەرەققىيات ئېگىز تەدرىجىي كۈچەيمەكتە.

نۆۋەتتە، دۆلىتىمىزدە ئۈچتىن بىر قىسىم ئاز سانلىق مىللەت ئاھالىسى شەھەرلەرگە ۋە مىللەتلەر تارقاق ـ ئارىلاش ئولتۇراقلاشقان رايونلارغا ئولتۇراقلاشقان، بۇ دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ مۇھىم بەلگىسى. لېكىن، شەھەرلەرگە كىرگەن بىر قىسىم ئاز سانلىق مىللەتلەر شەھەر تۇرمۇشىغا ماسلىشىش جەھەتتە ناھايىتى زور قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلمەكتە. مۇشۇ ۋەزىيەتنى نەزەردە تۇتقاندا، مىللەتلەر ئىشلىرى مۇلازىمەت سىستېمىسى بەرپا قىلىش قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇپ، مىللەتلەر ئىشلىرى مۇلازىمەت سىستېمىسى بەرپا قىلىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنى كەسپىي جەھەتتىن تەربىيىلەش، ئىشقا ئورۇنلىشىش مەسىلىسىتى بېرىش، قىيىنچىلىقتىن قۇتقۇزۇش، ياردەم بېرىش، قانۇن جەھەتتىن ياردەم بېرىش ۋە باشقا جەھەتلەردىكى خىزمەتلەرنى ئومۇمىيۈزلۈك قانات يايدۇرۇش ئىنتايىن زۆرۈر ۋە جىددىي بولۇپ قالدى. بىز مۇشۇنداق بىر قۇرۇلۇشنى يولغا قويۇش ئارقىلىق، شەھەرلەردىكى ئاز سانلىق مىللەت ئاممىسى ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ، تېخىمۇ ياخشى مۇلازىمەت قىلىپ، شەھەرلەردىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئىناق تەرەققىياتىنى ھەقىقىي ئىلگىرى سۈرۈشنى ئۈمىد قىلىمىز.

مۇخبىر: يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، دۆلىتىمىز مىللەتلەر خىزمىتى ساھەسىدە ئىلگىرى ـ ئاخىر بىر قاتار مۇھىم تەدبىرلەرنى قوللاندى، جۈملىدىن مىللەتلەر خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى قارارنى چىقىرىپ، «گوۋۇيۈەننىڭ ‹جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى›نى يولغا قويۇش توغرىسىدىكى بىرقانچە بەلگىلىمىسى»نى ئېلان قىلدى، «نوپۇسى بىرقەدەر ئاز ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتىنى يۆلەش پىلانى (2005 ـــ 2010 ـ يىل)»، «ئاز سانلىق مىللەت ئىشلىرىنىڭ 11 ـ بەشيىللىق پىلانى»، «چېگرا رايونلارنى گۈللەندۈرۈپ، خەلقنى بېيىتىش ھەرىكىتىنىڭ 11 ـ بەشيىللىق پىلانى» ۋە باشقىلارنى تۈزۈپ چىقتى. بۇ بىر قاتار چوڭ ـ چوڭ تەدبىرلەرگە سىڭدۈرۈلگەن ئاساسىي مەزمۇنلار قايسىلار؟

دەنجۇ ئاگبېن: ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان ۋە ئىشىك ئېچىۋېتىلگەندىن بۇيان، بولۇپمۇ غەربىي رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش ئىستراتېگىيىسى يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، جۇڭگو ھۆكۈمىتى مىللەتلەر خىزمىتى ساھەسىدە بىر قاتار چوڭ ـ چوڭ تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ئاز سانلىق مىللەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈردى. بۇ مۇۋەپپەقىيەتلەرنىڭ قولغا كەلتۈرۈلۈشىگە ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىشتىن ئىبارەت بۇ ئاساسىي مەزمۇن باشتىن ـ ئاخىر سىڭدۈرۈلگەن.

تەرەققىيات جۇڭگونىڭ بارلىق مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىشنىڭ ئاچقۇچى، شۇنداقلا ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ قىيىنچىلىق ۋە مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىشنىڭ ئاچقۇچى. ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى تېزلىتىش ھەر مىللەت خەلقىنىڭ جىددىي ئارزۇسى، شۇنداقلا ھازىرقى باسقۇچتا مىللەتلەر مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنىڭ تۈپ يولى، ئۇنى ئەڭ گەۋدىلىك ئىستراتېگىيىلىك ئورۇنغا قويۇش كېرەك. ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىشنى قوللاش ـــ مەركەزنىڭ تۈپ فاڭجېنى ھەم تېخىمۇ كۆپ مەبلەغ سېلىش، ھەم تېخىمۇ كۆپ ئېتىبار بېرىش سىياسىتى بېرىش؛ ھەم ئۇلارنىڭ ئىقتىسادنى يۈكسەلدۈرۈشىگە ياردەم بېرىش، ھەم ئۇلارنىڭ تۈرلۈك ئىجتىمائىي ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشىغا ياردەم بېرىش؛ كۆپ جەھەتلەردىن تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق، ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ دەۋر ھالقىيدىغان تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ تۇرمۇش، ئىشلەپچىقىرىش شارائىتىنى ھەقىقىي ياخشىلاش.

قىسقىسى، ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى تېزلىتىش ـــ دۆلىتىمىزنىڭ 11 ـ بەشيىللىق پىلان مەزگىلىدىكى مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك ۋەزىپىلىرىنىڭ بىرى. بىز چوقۇم ئاز سانلىق مىللەت ئىشلىرىنىڭ 11 ـ بەشيىللىق پىلانى يولغا قويۇلغان پايدىلىق پۇرسەتتىن تولۇق پايدىلىنىپ، مىللەتلەر سىياسىتى سىستېمىسىنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىكى ئاما ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان، ئەڭ بىۋاسىتە، ئەڭ رېئال بولغان مەنپەئەت مەسىلىسىنى ياخشى ھەل قىلىپ، باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق، ھەمكارلىق، ئىناقلىق ئاساسىدىكى سوتسىيالىستىك مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى مۇستەھكەملەپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ، ھەرقايسى مىللەتلەر ئورتاق ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىش، ئورتاق گۈللىنىپ تەرەققىي قىلىش يېڭى ۋەزىيىتىنى تىرىشىپ يارىتىشىمىز كېرەك.

(تۇرۇپ بىلال تەرجىمە قىلدى)



مۇھەررىردىن: ژۇرنىلىمىز سىزنى شۇنداق زور دەرىجىدە رازى قىلىشقا تىرىشىدۇ.

# تەلەيلىك ئوقۇرمەنلەرنى بارلىققا كەلتۈرۈش ۋارىقى

2007 ـ يىللىق 4 ـ ساندىكى سوئاللار ۋە ژۇرنال توغرىسىدىكى باھالاش پىكرى

**1.ئوقۇرمەنلەر ئۇچۇرى:**

ئىسىم ـ فامىلىڭىز :　　　يېشىڭىز :　　　ئوقۇش تارىخىڭىز :　　　كەسپىڭىز:

ئادرېسىڭىز :

تېلېفونىڭىز :　　　پوچتا نومۇرىڭىز :　　　كىملىك نومۇرىڭىز :

**2. سىز قايسى ئۇسۇلدا ژۇرنىلىمىزغا ئېرىشكەن؟**

☐ مىللەتلەر ـ دىن تارماقلىرى ئارقىلىق يېزىلىش　☐ مائارىپ تارماقلىرى ئارقىلىق يېزىلىش

☐ پوچتا ئارقىلىق مۇشتەرى بولۇش　☐ كىتاب بوتكىسىدىن سېتىۋېلىش ☐ ئارىيەت ئېلىش

**3. ئۆزىڭىزنى قوشقاندا، ئەتراپىڭىزدا قانچە كىشى «جۇڭگو مىللەتلىرى» ژۇرنىلىنى ئوقۇيدۇ؟**(كۇتۇپخانىلاردىن ياكى سىزدىن ئارىيەت ئېلىپ ئوقۇيدىغانلارنىڭ سانى)

**4. بۇ ساندا سىز ئەڭ ياقتۇرغان ماقالە ـ ئەسەرلەر:** (بەش ئەسەرنىڭ نامىنى يازسىڭىزلا كۇپايە)

①

②

③

④

⑤

**5. بۇ ساندا سىز ياقتۇرمىغان ئەسەرلەر ۋە سەۋەبلىرى :** (رېئال ئەھمىيىتى يوق، بەدىئىيلىكى تۆۋەن، ئەمەلىي قوللىنىش قىممىتى يوق، باشقا مەتبۇئاتلاردىن كۆچۈرۈلگەن دېگەندەك قىسقا سۆزلەر بىلەن ئىزاھلاپ قويۇڭ)

①

سەۋەبى :

②

سەۋەبى :

③

سەۋەبى :

**6. سىزنىڭچە بۇ سان ژۇرنالدا قانداق ئالاھىدە ئارتۇقچىلىقلار بار ئىكەن ؟**

**7. سىزنىڭچە بۇ سان ژۇرنال تۈۋەندىكى قايسى تەرەپلەردە قانچە نومۇرغا لايىق؟** (مۇناسىپ كاتەكچىگە √ بەلگىسىنى قويۇڭ)

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| A. مۇقاۋىنىڭ تۈزۈلۈشى | 100 □ | 90 □ | 80 □ | 70 □ | 60 □ |
| B. سەھىپىلەرگە ئەسەرلەرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى | 100 □ | 90 □ | 80 □ | 70 □ | 60 □ |
| C. ماقالە ـ ئەسەرلەرنىڭ قايىل قىلىش كۈچى | 100 □ | 90 □ | 80 □ | 70 □ | 60 □ |
| D. تەھرىرلىك، كوررېكتورلۇق سۈپىتى | 100 □ | 90 □ | 80 □ | 70 □ | 60 □ |
| E. بەت شەكلى ۋە قىستۇرما سۈرەتلەرنىڭ ئىشلىنىشى | 100 □ | 90 □ | 80 □ | 70 □ | 60 □ |

**8. سىزنىڭچە بۇ سان ژۇرنالدا قانداق نۇقسان، سەۋەنلىكلەر بار؟**

**9. سىز «جۇڭگو مىللەتلىرى» نىڭ يەنە قانداق سەھىپە ۋە مەزمۇنلارنى كۆپەيتىشىنى ئارزۇ قىلىسىز؟**

**10. توغرا جاۋابنى تاللاڭ:** (ئۆزىڭىز توغرا دەپ قارىغان جاۋابقا √ بەلگىسىنى قويۇڭ)

1) گوۋۇيۈەن بەنگوڭتىڭى «ئاز سانلىق مىللەت ئىشلىرىنىڭ 11 ـ بەشيىللىق پىلانى» نى قاچان بېسىپ تارقاتتى؟

A. 2007 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى  B.2007 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى  C. 2007 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى

2) 2005 ـ يىلى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئولتۇراقلاشقان رايونلار يېزىلىرىدىكى مۇتلەق نامرات نوپۇسنىڭ سانى قانچىلىك؟ ئۇ پۈتۈن مەملىكەتنىڭ نەچچە پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ؟

A. 1مىليون 740 مىڭ بولۇپ، 49.5% نى ئىگىلەيدۇ  B. 1مىليون 640 مىڭ بولۇپ، 48.5% نى ئىگىلەيدۇ  C. 1مىليون 840 مىڭ بولۇپ، 47.5% نى ئىگىلەيدۇ

3) تۈركمەنلەر ئۆزئارا قۇدىلاشقاندا، ئوغۇل تەرەپ قىز تەرەپكە قانچە تۇياق قوينى قىز مېلى قىلىپ تاپشۇرىدۇ؟

A. 61 تۇياق قوينى  B. 60 تۇياق قوينى  C. 62 تۇياق قوينى

4) ئېلىمىزدىكى نوپۇسى ئەڭ ئاز مىللەتلەرنىڭ بىرى بولغان شىزاڭدىكى لوبالارنىڭ نوپۇسى قانچىلىك؟

A. 2965  B. 2865  C. 2765

5) مۇقام سانى بىر يىلنىڭ قانچە ئېيىغا تەقلىد قىلىش ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن؟ «ئون ئىككى مۇقام» تەركىبىدىكى 360 نەغمە بىر يىل ئىچىدىكى قانچە كۈنگە توغرا كېلىدۇ؟

A. 12 ئاي، 360 كۈنگە  B. 11 ئاي، 350 كۈنگە  C. 10 ئاي، 340 كۈنگە

**11. سىز ژۇرنىلىمىزنىڭ تەلەيلىك ئوقۇرمىنى بولۇپ باھالانسىڭىز، قانداق مۇكاپاتقا ئېرىشىشنى ئارزۇ قىلىسىز؟** 10

□ ژۇرنىلىمىزنىڭ يىللىق توپلىمى □ ژۇرنىلىمىزدىكى تاللانغان ئەسەرلەردىن تۈزۈلگەن كىتابلار

□ باشقا كىتابلار(سىز ياخشى كۆرىدىغان بىرقانچە كىتاب نامىنى يېزىڭ) □ نەق پۇل □ باشقا خاتىرە بۇيۇملىرى(خاتىرە، قەلەم)

□ ئۇرۇمچىگە ياكى باشقا شەھەرلەرگە بېرىپ ساياھەت قىلىش

ئالاھىدە ئەسكەرتىش: بۇ پائالىيەتنى يولغا قويۇشتىن مەقسەت، ئوقۇرمەنلەرنىڭ ژۇرنىلىمىزنى كۆڭۈل قويۇپ ئوقۇش قىزغىنلىقىغا ئىلھام بېرىش ۋە ژۇرنىلىمىزنى تېخىمۇ ياخشى چىقىرىش ھەققىدە ئوقۇرمەنلەرنىڭ رايىنى بىلىشتىن ئىبارەت. ژۇرنىلىمىز توغرىسىدا ئادىل باھا يېزىش، بەزى كەمچىلىك، نۇقسانلارنى كۆرسىتىپ بېرىش شۇ كىشىنىڭ تەلەيلىك ئوقۇرمەن بولۇپ باھالىنىشىغا باشقىچە تەسىر كۆرسەتمەيدۇ. كەڭ ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ كۆڭۈل سۆزلىرىنى ئايىماي ئىزھار قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

ژۇرنىلىمىز توغرىسىدا يەنە باھا، تەكلىپ، تەنقىدلىرىڭىز بولسا، ئايرىم قەغەزگە يېزىپ ئەۋەتىڭ

كېسىش سىزىقى

كۆپەيتىلگەن نۇسخىسىنى ئەۋەتسىڭىزمۇ بولىدۇ. مەزكۇر ۋاراق 8 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنىدىن بۇرۇن يوچتىغا سېلىنىشى كېرەك.



# مەنىۋىيىتىمىزدىكى ياخشى يۈكسىلىشلەر (2)

ئۆمەرجان سىدىق

5. ئېسىل ئەنئەنىلەر نۇرلاندى. ئىلگىرىكى يىللاردا، خەلقىمىزدە بولۇپمۇ ياش ئەۋلادلار ئارىسىدا ئۆزلۈكتىن ياتلىشىش، ئەنئەنىلەردىن ۋاز كېچىش، چەت ئەللەرنىڭ ئەبجەش نەرسىلىرىگە ئەسەبىيلەرچە چوقۇنۇش كەيپىياتى مەۋجۇت ئىدى. بۇ خىل كەيپىيات كېيىنىش، ياسىنىش، يۈرۈش - تۇرۇش، كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى ئىشلىتىش، ناخشا - مۇزىكا، كۆڭۈل ئېچىش، ئۆز ئارا ئالاقە، مۇناسىۋەت قىلىش قاتارلىق تەرەپلەردە روشەن ئىپادىسىنى تاپقانىدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئالدى بىلەن سىياسەتنىڭ ئەۋزەللىكى، ئاندىن قالسا مەسئۇلىيەتچان باشلامچىلارنىڭ ئۈلگە تىكلىشى نەتىجىسىدە ئېسىل ئەنئەنىلىرىمىز ئۆزىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى قايتا نامايان قىلىپ، جەمئىيەت ئىدىيولوگىيىسىگە زور تەسىر كۆرسەتتى. ئالدى بىلەن ئەجدادلىرىمىز نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان رىئايە قىلىپ كەلگەن ئەنئەنىۋى ئەخلاق مىزانلىرى، تاماقلىنىش، ساقلىقنى ساقلاش رېتسېپلىرى، ئېسىل ئۆرپ - ئادەتلىرى ھەر خىل ئۇسۇل، شەكىللەردە تەتقىق ۋە مۇلاھىزە قىلىنىپ، چوڭقۇر ئىلمىي ئاساسلىرى ئىسپاتلاپ چىقىلدى. بۇ ھەقتە كەڭ كۆلەمدە ئىزدىنىشلەر، تەشەببۇسلار ئېلىپ بېرىلىپ، تەشۋىقات، مۇنازىرىلەر قىزىپ كەتتى. نەتىجىدە، ئېسىل ئەنئەنىلىرىمىز بۇلۇتنى يېرىپ چىققان قۇياشقا ئوخشاش بىردىنلا ئۆز جامالىنى كۆرسەتتى. بۇ ئالدى بىلەن ئىدىيولوگىيە ساھەسىدىكى ئېسىل ئەنئەنىلەرنى تەشەببۇس قىلىش، ھەر خىل كىتابلارنى نەشر قىلىش، مۇھاكىمە يىغىنلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇش، كىنو- تېلېۋىزىيە فىلىملىرىنى ئىشلەشتە ئىپادىلەندى. بۇرۇنقى ئەجنەبىيچە دىسكوخانىلارمۇ بارا - بارا ئازىيىپ، دەۋرگە ماسلاشقان مىللىيچە بەزمىخانىلار مەيدانغا كەلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن، ئەنئەنىۋى يېمەك - ئىچمەك، ئوزۇقلۇق مەھسۇلاتلىرى بازىرى قىزىپ كەتتى. يوشۇرۇن كۈچى غايەت زور بولغان بۇ بايلىقىمىز يانار تاغدەك بىردىنلا پارتلاپ، رايونىمىزدا تېزلا زور كۆلەم ھاسىل قىلىش بىلەن بىرگە، ئىچكىرى ئۆلكە بازارلىرىغىمۇ سىڭىپ كىردى. ھازىر نەگىلا قارىساق ئەنئەنىۋى ئۇسلۇبتا، ھەشەمەتلىك، كۆركەم بېزەلگەن، ئەنئەنىۋى تاماقلار ئېتىلىدىغان، مىللىي ناخشا - مۇزىكىلار قويۇپ بېرىلىدىغان ئاشخانا، تېز تاماقخانىلارنىڭ قىزىپ كەتكەنلىكىنى كۆرىمىز.

ئەنئەنىۋى رېتسېپ بىلەن، ئەنئەنىۋى ئوزۇقلۇقلاردا ئىشلەنگەن قۇۋۋەت تولۇقلاش، ساقلىقنى ساقلاش مەھسۇلاتلىرىنىڭمۇ سانىنى ئېلىپ بولغىلى بولمايدۇ. بۇلارنىڭ سانى، مەھسۇلات تۈرى كۆپ بولۇش بىلەن بىرگە، سۈپىتىمۇ تېز سۈرئەتتە يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، دۆلەتنىڭ يۇقىرى ئۆلچەمدىكى تۈرلۈك تەكشۈرۈشلىرىدىن ئۆتۈپ، ئىچكىرى ئۆلكە بازارلىرىدىن ھالقىپ، دۇنيا بازارلىرىغا يۈرۈش قىلدى. بۇ تەبىئىي ھالدا خەلقىمىزنىڭ قەلبىنى چوڭقۇر ئىپتىخارلىق ھېسسىياتى بىلەن تولدۇردى. بۇنىڭغا ماسلىشىپلا يەنە يەرلىك، ئەنئەنىۋى ماتېرىياللاردىن ئىشلەنگەن ھەر خىل تۇرمۇش، گىرىم بۇيۇملىرى، كىيىم - كېچەكلەرمۇ پۈتكۈل ئۇيغۇر بازىرىنى قاپلىدى. غايەت زور



تەپەككۇر مېۋىلىرى: نادان باشلىق خەلقنى ھوقۇقىغا تايىنىپ باشقۇرىدۇ، ئاقىللار بولسا باشقىلارنى ئەقلى ئارقىلىق قايىل قىلىپ باشقۇرىدۇ. (قۇربان توختى ھۆرمىتى)

تەرەققىيات ئىستىقبالىغا ئىگە بولغان ئەنئەنىۋى تېبابەتچىلىكىمىز ئۆزىنىڭ ئەمەلىي قىممىتى بىلەن تېزلا بۇ دولقۇننىڭ يۇقىرى پەللىسىگە چىقتى. بۇ خىل «ئۇيغۇرچە»مەھسۇلاتلارنىڭ سۈپىتىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، مۇشۇنداق قاينام ـ تاشقىنلىق مەنزىرىنىڭ بولۇشى يەنىلا ئىنتايىن ياخشى ئىش. چۈنكى، بولمىغىنىدىن بولغىنى ياخشى. بولغان ئىكەن، بازار ئۆز قانۇنىيىتى بويىچە، ناچىرىنى شاللاپ، ياخشىلىرىنى ئىلغىۋالىدۇ. كۆپ بولغانچە رىقابەت كەسكىن بولىدۇ، سۈپەت يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ. يۇقىرىقىدەك كەيپىياتلارنىڭ تەسىرىدە جەمئىيىتىمىزدە مىللىي ئەخلاق مىزانلىرىغا رىئايە قىلىدىغان، ئەنئەنىۋى ئۆرپ ـ ئادەتلەرنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن قوبۇل قىلىدىغان ياشلار بارا ـ بارا كۆپەيدى. ئەقەللىي بىر مىسالنى ئالساق، ئىلگىرى كىشىلەر ئارىسىدا ئەسلىي ئادىتىمىز بويىچە «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم»دەپ سالاملىشىدىغان كىشىلەر ناھايىتى ئاز ئىدى، ھەتتا بەزىلەر ئۆزلىرىچە مەدەنىيلىشىپ، «ياخشىمۇ سىز»دەپ سالاملىشاتتى. ھازىر قاراپ باقساق «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم»دەيدىغان سالاملىشىش ئادىتىنىڭ ناھايىتى ئومۇملاشقانلىقىنى ھېس قىلالايمىز.

6. رىقابەت ئېڭى كۈچەيدى. يۇقىرىقىدەك ئىجابىي كەيپىياتلارنىڭ ئەۋج ئېلىشى خەلقىمىزنىڭ رىقابەت ئېڭىنىڭ كۈچىيىشىگە تۈرتكە بولدى. رىقابەت ئېڭى بىر مىللەتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ ئاساسى، شۇڭا بۇ خىل ئاڭنى يېتىلدۈرۈش ئىنتايىن مۇھىم. خەلقىمىز ئالدى بىلەن تىلنىڭ دۇنياغا يۈزلىنىشتىكى قورال ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر تونۇپ يەتتى. ئالدى بىلەن، ھۆكۈمەتنىڭ ئەھمىيەت بېرىشى، ئۇنىڭدىن كېيىن خەلقنىڭ چۈشەنچىسىنىڭ چوڭقۇرلىشىشى بىلەن خەنزۇ تىلى ۋە چەت ئەل تىلىنى ئۆگىنىدىغانلار غايەت زور نىسبەت بىلەن كۆپەيدى. تىلدىن ئىبارەت بۇ كەلگۈسىنىڭ يول خېتىگە ئېرىشكەن بىر قىسىم ياشلار دۇنياغا، ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە يۈرۈش قىلىپ، ھەر كەسىپ، ھەر ساھەلەردە ئىشلەپ، رايونىمىزدىكى قېرىنداشلىرىغا ئۈلگە بولدى. يەنە كومپيۇتېرنىڭ زامانىۋى رىقابەتتىكى مۇھىم رولىنى تونۇپ يەتكەن نۇرغۇن ياشلار زور ئېقىن ھاسىل قىلىپ، بۇ ساھەگە قەدەم تاشلاپ كومپيۇتېر ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئەھمىيەتلىك ھايات مۇساپىسىنى يېزىشقا باشلىدى، ھەتتا يۇمشاق، قاتتىق دېتال تەتقىقاتىدا دۇنياۋىي سەۋىيىگە يەتكەن ياشلارمۇ بارلىققا كەلدى. ئۇنىڭدىن باشقا، زور بىر تۈركۈم كىشىلەر، ھەتتا دېھقان ياشلىرىمۇ ھۈنەر، تېخنىكىنىڭ مۇھىملىقىنى تونۇپ يېتىپ، كەسپىي تېخنىكا تەربىيىلەش مەركەزلىرىدە ھۈنەر ـ كەسپ ئۆگىنىدىغانلارنىڭ سانى يىلمۇيىل ئېشىپ باردى. رىقابەت تۇيغۇسى ھەر بىر ساھە، ھەر بىر كەسىپتىكىلەرنىڭ كاللىسىدىن ئورۇن ئېلىشقا باشلىدى. بۇنىڭ بىلەن يېڭىدىن يېڭى ئىختىرا ـ كەشپىياتلار، ئىجادىيەت ـ مەھسۇلاتلار، كىتاب ـ نەشر بۇيۇملىرى مەيدانغا كېلىپ، تەرەققىياتنىڭ ئىلگىرىلىشىگە زور پىشاڭ بولدى. بۇ خىل ئەھۋال تەبىئىي ھالدا سودا ساھەسىدىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تېپىپ، توخۇ سۈتىدىن باشقا ھەممە نەرسە تېپىلىدىغان قاينام ـ تاشقىنلىق بازار مۇھىتىنى شەكىللەندۈرۈپ، خەلق تۇرمۇشىغا زور قۇلايلىق ياراتتى.

7. ئاۋامنىڭ نەزەر دائىرىسى كېڭەيدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، قاتناش ئىشلىرى مىسلىسىز تېز تەرەققىي قىلدى. شىنجاڭنىڭ ئەڭ چەت ناھىيە، بازارلىرىغىچە يۇقىرى سۈرئەتلىك، يۇقىرى دەرىجىلىك يوللار، يېپەكتەك ئاسفالت يوللار ياسىلىپ، تاشيول قاتنىشىنىڭ تورلىشىش دەرىجىسى زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلدى، تاشيول قاتناش ۋاستىلىرىنىڭ ئىلغارلىق دەرىجىسىمۇ بارغانسېرى ئۆستى. ھاۋا قاتنىشى، تۆمۈر يول قاتنىشىمۇ بارا ـ بارا ئومۇملىشىپ، سۈرئىتى يىلمۇيىل تېزلەشتى. ئىلگىرىكى يىللاردا جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ چەت ناھىيىلىرىدىن مەركىزىي شەھەر ئۈرۈمچىگە 2 — 3 ئايدا، كېيىن 5 — 10 كۈندە بارىدىغان ئەھۋالغا خاتىمە بېرىلىپ، تاشيول، تۆمۈر يول قاتنىشىدا 20 نەچچە سائەتتە، ھاۋا قاتنىشىدا بىر قانچە سائەتتىلا ئۈرۈمچىگە يېتىپ بارغىلى بولىدىغان ۋەزىيەت شەكىللەندى. كەنتلەردىن يېزىلارغا، يېزىلاردىن ناھىيە، شەھەرلەرگە ۋە يەنە ۋىلايەت، ئاپتونوم رايون مەركىزىگە قاتلاممۇقاتلام قاتناش تورى شەكىللىنىپ، قاتناش ئىشلىرىدا مىسلىسىز قۇلايلىق يارىتىلدى. بۇ تەبىئىي ھالدا كىشىلەرنىڭ بېرىش ـ كېلىشىنى قويۇقلاشتۇرۇپ، «بوسۇغا ئاتلاش» دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، كىشىلەرنىڭ نەزەر دائىرىسىنىڭ كېڭىيىشىگە تۈرتكە بولدى. ئىلگىرىكى يىللاردا چەت يېزا، قىشلاقلاردا قاتناشنىڭ قۇلايسىزلىقى سەۋەبىدىن ئۆمۈر بويى ئۆز يۇرتىدىن چىقىپ باقمايدىغان، شەھەرگە كىرىپ باقمىغان كىشىلەر ناھايىتى كۆپ ئىدى. ھازىر دېھقانلارنىڭ ئىچىدىمۇ



ئابابەكرى ھېكمەتلىرى: ساڭا خۇشامەت قىلغان ئادەم سېنىڭ ھېچنېمەڭ ئەمەس، چۈنكى خۇشامەتكە يۈزلەنگەن ئادەم ئۆزىنىڭ ۋىجدان ـ غورۇرىنى يوقاتقان ئادەمدۇر. (قۇربان توختى ھۆرمىتى)

«تەۋەككۇل» دەپ ئۆز يۇرتىدىن چىقىپ، ئۈرۈمچى قاتارلىق چوڭ شەھەرلەردە، ھەتتا ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى تەرەققىي قىلغان رايونلاردا تىرىكچىلىك قىلىدىغانلار ئىنتايىن تېز كۆپەيدى. «كۆرگەن كۆرگىنىنى قىلۇر، كۆرمىگەن نېمىنى قىلۇر» دېگەندەك، بۇ تەبىئىي ھالدا دېھقانلارنىڭ كۆزىنى ئېچىپ، ئىدىيىسىنىڭ يېڭىلىنىشىنى ئىلگىرى سۈردى. يەنە بىر تەرەپتىن، تارقىتىش ۋاستىلىرى، ئۇچۇر، ئالاقە ئىشلىرىنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىشى، زېمىنىمىزنىڭ بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىغىچە تورلىشىشى خەلقىمىزنىڭ نەزەر دائىرىسىنىڭ كېڭىيىشىدە غايەت زور رول ئوينىدى. يېقىنقى 2 ــ 3 يىلدىن بۇيان، رادىئو ـ تېلېۋىزىيە، خەۋەرلىشىش تورى رايونىمىزنىڭ ئەڭ چەت يېزا ـ قىشلاقلىرىغىچە ئومۇملاشتى. ھازىر ئەڭ چەت رايونلاردىكى دېھقانلارمۇ ئۆيىدە ئولتۇرۇپ، رادىئو، تېلېۋىزور ئارقىلىق دۇنيانىڭ يەنە بىر چېتىدىكى يېڭىلىقلاردىن خەۋەردار بولالايدىغان، دۆلەتنىڭ ئەمىر ـ پەرمانلىرىدىن ئۆز ۋاقتىدا ۋاقىپ بولالايدىغان، تېلېفوننى قولىغا ئېلىپلا، يەر شارىنىڭ باشقا بىر نۇقتىسىدىكى ئۇرۇغ ـ تۇغقان، دوست ـ بۇرادەرلىرى بىلەن سۆزلىشەلەيدىغان، پىكىر ئالماشتۇرالايدىغان ۋەزىيەت شەكىللەندى، ھەتتا كومپيۇتېرمۇ خېلى دەرىجىدە ئومۇملىشىپ، يېزا ـ كەنت، ئائىلىلەرگىچە كىرىشكە باشلىدى. ھازىر كونىبويى ئېتىزدىن كەلمەيدىغان دېھقانلارمۇ يانچۇقىدىن يانفوننى چىقىرىپلا، خالىغان ۋاقىتتا، خالىغان ئادىمى بىلەن كۆرۈشەلەيدۇ. كومپيۇتېر، كىتاب ـ ژۇرناللارنى، رادىئو، تېلېۋىزورنى ئېچىپلا يېڭى ئۇچۇرلارنى ئىگىلىيەلەيدۇ. يۇقىرىقىلار تەبىئىي ھالدا ئاۋامنىڭ نەزەر دائىرىسىنىڭ كېڭىيىشىدە غايەت زور تۈرتكىلىك رول ئوينىدى. ئىلگىرىكى يىللاردا دېھقانلارنىڭ پارىڭ تېمىسى يەر، ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش ھەلەكچىلىكى دائىرىسىدىن چىقىپ كېتەلمەيدىغان، نەزەر دائىرىسى تار بولغان بولسا، ھازىر ئۇلار خەلقئارا ۋەزىيەت، ئىقتىسادىي مەسىلىلىرى، دۆلەت ئىچى ئەھۋالى قاتارلىق تېمىلاردا ئەركىن مۇنازىرىلىشەلەيدىغان، ھەتتا بەزى تەرەپلەردە دۆلەت خىزمەتچىلىرىگە قارىغاندىمۇ ئەتراپلىق تەھلىل، ھۆكۈم قىلالايدىغان سەۋىيىگە يەتتى. ئۇلارنىڭ بىلىش دائىرىسى كېڭىيىپ، مەنىۋى ساپاسىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.

8. ساغلاملىق ئېڭى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. ساغلاملىق ھاياتلىقتىكى مەڭگۈلۈك تېما. ساغلام بەدەن بولغاندىلا ساغلام ھايات بولىدۇ، ساغلام ھايات بولغاندىلا ساغلام دۇنيا، ساغلام جەمئىيەت يارىتىلىدۇ. ساغلاملىق ئىقتىسادى تەرەققىي تاپقان، مەنىۋىيىتى يۈكسەلگەن جەمئىيەتتىلا ھەقىقىي رەۋىشتە ئۆز مەنىسىنى تاپىدۇ. ئىلگىرىكى يىللاردا خەلقىمىزنىڭ ئىقتىسادىي شارائىتى دېگەندەك ياخشى بولمىغاچقا، ئاساسەن «قورساق تويغۇزۇش» سەۋىيىسىدىلا تۇرۇپ كەلگەن، يېمەك ـ ئىچمەكنىڭ سۈپىتى جەھەتتە ئىزدىنىشكە قۇربى يەتمىگەن ئىدى. بىر ئولتۇرۇشىدا 5 ــ 6 ناننى، 10 ــ 20 ھور ناننى ياكى مانتىنى يەۋېتىدىغان كىشىلەر، لىگەندە لەغمەن يەيدىغان، پەتنۇسلاپ پولۇ يەيدىغان ئەھۋاللار خېلى كۆپ ئىدى. تاماقنىڭ سۈپىتى، مەنپەئەت قىلىش ـ قىلماسلىقى ئەمەس، قورساق تويغۇزۇشلا نىشان قىلىناتتى. ئەمەلىيەتتە، «كۆپ يېيىش ھايۋاننىڭ ئىشى» دېگەندەك، تاماقنىڭ ئوزۇقلۇق تەركىبى بىلەن ھېسابلاشماي، ھەددىدىن زىيادە كۆپ يېيىش، ئەقلىنى كېسىپ، تەپەككۇرنى گاللاشتۇرىدۇ. شۇڭا، ئەجدادلىرىمىز «ھۆرمەت تىلىسەڭ ئاز دە، سەھەت(ساقلىق) تىلىسەڭ ئاز يە» دېگەن ھېكمەتنى يەكۈنلىگەن. مانا ھازىر قاراپ باقساق، ئىقتىسادىي شارائىتىمىزنىڭ ياخشىلىنىشى، مەنىۋى ساپايىمىزنىڭ تەدرىجىي يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى نەتىجىسىدە، كىشىلەر يېمەك ـ ئىچمەك سۈپىتىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدىغان، تەن ساقلىققا ھەر دائىم كۆڭۈل بۆلىدىغان، بولۇپمۇ پەرزەنتلىرىنىڭ ساغلاملىقىنى كۆز قارىچۇقىدەك ئاسرايدىغان ۋەزىيەت شەكىللەندى. بۇ خىل ئېھتىياج تەبىئىي ھالدا تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇپ، مىللىي كارخانىلارنىڭ يامغۇردىن كېيىنكى بامبۇكتەك نوتىلىرىدەك بەس ـ بەستە كۆكلەپ، مېۋە بېرىشىگە مۇنبەت زېمىن ھازىرلىدى. ساغلاملىق مەھسۇلاتلىرى ئۆز نۆۋىتىدە ئاۋامنىڭ بەدەن ساپاسىنى ياخشىلايدىغان، بۇ خىل ئېھتىياج مىللىي سودىنى گۈللەندۈرىدىغان ئايلانما شەكىلدىكى مۇۋازىنەتنى شەكىللەندۈردى. نەتىجىدە، يېڭىدىن يېڭى تاماقخانىلار مەيدانغا كېلىپ، تاماقلىنىش ئادەتتىكى ھالدىكى تويۇنۇشتىن، ئوزۇقلۇق تولۇقلاش، ساغلاملىقنى ئاشۇرۇش، ھۇزۇرلىنىش، ئارام ئېلىش، ئۆز ئارا پىكىرلىشىش پائالىيىتىگە ئايلاندى. ئازساز يېيىش ئومۇملىشىشقا يۈزلەندى. ئاۋامنىڭ بۇ خىل ئېھتىياجىنى چىقىش قىلغان ھالدا ھەر خىل مىزاجلارغا ماس كېلىدىغان، ئوزۇقلۇق ۋە پايدىلىق تەركىبلەر يۇقىرى ئەنئەنىۋى تائاملار قايتىدىن ئۆز سېھرىي كۈچە-



تەپەككۇر مېۋىلىرى: ماددىي جەھەتتىكى نامراتلىقتىن مەنىۋى جەھەتتىكى نامراتلىق قورقۇنچلۇق، چۈنكى سىزنىڭ مەنىۋىيىتىڭىز سىزگە كۈچ ـ قۇۋۋەت ئاتا قىلالايدۇ. (قۇربان توختى ھۆرمىتى)

نى نامايان قىلىپ، ئىنسانلارنىڭ ساغلاملىقىدىكى ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا باشلىدى. بۇنىڭغا ماس ھالدا ئۇزۇقلۇق تولۇقلايدىغان، ساغلاملىقنى ئاشۇرىدىغان كۆپلىگەن ساغلاملىق مەھسۇلاتلىرى ئىشلەپچىقىرىلىشقا باشلىدى. ئۇيغۇر تېبابەت دورىلىرىمۇ بۇ خىل ئېھتىياجغا ماس ھالدا گۈللىنىش ۋەزىيىتىنى كۈتۈۋالدى. ئەڭ مۇھىمى، ساغلام ئائىلە، ساغلام تۇرمۇش، ساغلام ھايات ھەققىدە نۇرغۇن ماقالە، كىتابلار يېزىلىپ، كىنو ـ فىلىملەر ئىشلىنىپ، تەشۋىقات ـ تەربىيە خىزمىتى يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلۈپ، خەلقىنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئاڭلىقلىقى ئۆستۈرۈلدى. ساغلاملىق ھەققىدىكى كۆپلىگەن ئىلمىي قانۇنىيەتلەر، پايدىلىق تەجرىبە ـ ئۆرنەكلەر يەكۈنلەندى. دېمەك، ھازىر ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ئومۇميۈزلۈك ساغلاملىق جېگى شەكىللىنىپ، ئومۇم خەلقىنىڭ ساغلاملىق ساپاسى زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. ھازىر كىشىلەر يېمەك ـ ئىچمەك، تۇرمۇش بۇيۇملىرى ئىستېمالىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدىغان، تۇجۇپىلەپ تاللايدىغان، ئاز ئەمما ساز تاماقلىنىدىغان، تۇرمۇش، يېمەك- ئىچمىكىنى تەرتىپلىك، قانۇنىيەتلىك ئورۇنلاشتۇرىدىغان، ئۇزۇقلۇق مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋالغاندا، ئەڭ ئالدى بىلەن، بۇ خىل مەھسۇلاتنىڭ جىسمانىي ساپا ۋە ئەقلىي ساپاغا قانچىلىك مەنپەئەت ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى ئويلىشىدىغان بولدى.

دېمەك، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان خەلقىمىزنىڭ مەنىۋى قىياپىتىدە، مەدەنىيەت قاتلىمىدا يۇقىرىقىدەك ياخشى يۈكسىلىشلەر مەيدانغا كەلدى. ۋەھالەنكى، شۇنىمۇ سەگەكلىك بىلەن كۆرۈشىمىز كېرەككى، تەرەققىيات يەنە بىر قىسىم يېڭى زىددىيەتلەرنى، يېڭى ئىللەتلەرنى ئېلىپ كەلدى، يەنە بىر قىسىم ئەسلىدىنلا مەنىۋىيىتىمىزدە مەۋجۇت ئىللەتلەر تەرەققىيات داۋامىدىكى بەزىبىر خاھىشلار بىلەن ئۇغۇتلىنىپ، تېخىمۇ كۆكلەپ باراقسانلاش مۇھىتىغا ئىگە بولۇۋالدى. رايونىمىزدا زەھەر چەككۈچىلەرنىڭ، ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملانغۇچىلارنىڭ، ئېپيەت ـ نومۇسىنى ساتقۇچىلارنىڭ سانى بارغانسېرى كۆپىيىۋاتىدۇ. يېڭى- يېڭى جىنايەت تۈرلىرى پەيدا بولۇپ، جەمئىيەت ئامانلىقىغا زور تەھدىت شەكىللەندۈرۈۋاتىدۇ. كىشىلىك مۇناسىۋەتتىكى ئىتتىپاقسىزلىق، ياسالمىلىق، لەۋزىدە تۇرماسلىق، پەزىلەتسىزلىك، سودىدىكى ئالدامچىلىق، قويمىچىلىق، كۆز بوياماچىلىق، قاقتى ـ سوقتى قىلىش، تۇرمۇشتىكى ھاياسىزلىق، شەپقەتسىزلىك، ئىسراپچىلىق ئىللەتلىرى باش كۆتۈرۈپ قېلىۋاتىدۇ. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئالدىراپ خۇشال بولۇپ كېتىپ، مەنىۋى ئىستىھكامىمىزنى بوشاشتۇرۇپ قويۇشقا بولمايدۇ. لېكىن، جەمئىيەت ھامان زىددىيەت ئىچىدە ئىلگىرىلەيدۇ، كەمچىلىك، نۇقسانسىز مىللەتمۇ بولمايدۇ. بىز گۈزەل، ئاسايىشلىق ئىچىدە تەسەۋۋۇر قىلىۋاتقان ياۋروپا، ئامېرىكىغا ئوخشاش دۆلەت، رايونلاردىمۇ جەمئىيەت تەرتىپى، مىللەتنىڭ مەنىۋى ھالىتى قاتارلىق جەھەتلەردە نۇرغۇن ئىللەتلەرنىڭ بارلىقىنى بىلىپ يېتىۋالىمىز. دېمەك، ھەر قانداق جەمئىيەت، مىللەتتە ئوخشاشمىغان دەرىجىدە كەمچىلىك، ئىللەتلەر مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. گەپ جەمئىيەت ئەزالىرىدا بۇ خىل ئىللەتلەرنى تۈزىتىش ئاڭلىقلىقى ۋە ئىرادىسىنىڭ بار ـ يوقلۇقىدا، بۇ خىل ئاڭلىقلىقنىڭ ئومۇمىي كەيپىياتقا ئايلىنىش ـ ئايلىنالماسلىقىدا. خەلقىمىزدە بۇ خىل كەيپىيات ئومۇمىي ئاڭلىقلىققا ئايلىنىپ، مەنىۋى جەھەتتىن نۇرغۇن يۈكسىلىشلەر ھاسىل بولدى، بۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش زۆرۈر. دۇنيادا ماختاش، ئىلھام بېرىشتىنمۇ ئارتۇق ئۈنۈملۈك قوزغاتقۇچ يوق، شۇڭا ئاپتورلىرىمىز جەمئىيەتتىكى ئىنتايىن ئاز سالماقنى ئىگىلەيدىغان قاراڭغۇ تەرەپلەرگىلا نەزەر سېلىپ يۇرمەسلىكى، مەتبۇئاتلىرىمىز ھەدەپ پاش قىلىش، تەنقىد قىلىش تۈسىدىكى مەزمۇنلارغىلا يېپىشىۋالماي، نۆۋەتتىكى ئومۇمىي ئېقىمنى كۆرۈپ يېتىپ، خەلقىمىزگە كۆپرەك ئىلھام بېرىشى، مەدەت بېرىشى زۆرۈر.

(ئاپتور: «تۇرپان گېزىتى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدە)





تابىغىز بېزىلىرى: ئەدەپ ـ ئەخلاق ئېرىككۈرنىڭ يۈزىنى يورۇتۇپ تۇرغۇچى چىراغ. (قۇربان توختى ھۆرمىتى)

# ئاتا دېگەن تاغ، ئانا دېگەن باغ





— ھەبىبۇللا رەجەپ —

بالىلار — ئاتا - ئانا ھاياتىنىڭ داۋامى. بالىنىڭ يۇمران تېنىدە ئەجدادلارنىڭ گېنى يوشۇرۇنۇپ ياتىدۇ. ئۇلار ئاتا - ئانا مۇھەببىتىنىڭ جەۋھىرى، ئۇلارنىڭ تىنىقىدىن ئانا تۇپراقنىڭ ھىدى كېلىدۇ. سەلتەنەتلىك ۋە مۇشەققەتلىك تارىخنىڭ نەپەسلىرى ئۇلارنىڭ سەبىي ۋە پاكىز قانلىرىنى دولقۇنلىتىپ تۇرىدۇ. ئۇلار بىزنىڭ كەلگۈسى تارىخىمىزنىڭ رول ئالغۇچىسى ھەم رېژىسسورى. شۇڭا، ئەجدادلىرىمىز بالا تەربىيىلەشكە ئەزەلدىن ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەن بولۇپ، ئۇلار توم - توم قامۇسلاردىكى كىتاب سۆزى بىلەن ئەمەس، ئەمەلىي ھەرىكىتىدىكى باتۇر، جەبدەس، ئەمگەكچان، مېھىر - ۋاپا، سەمىمي- سادىق بولۇشتەك ئادىمىي مۇھىتتا ئۇلارنى نەپەسلەندۈرۈپ، روھىي ئوزۇق بەرگەن. ئۆزلىرىدىكى ئەنە شۇ ئاتىلىق روھنى بالىنىڭ ۋۇجۇدىغا سىڭدۈرۈپ، بالىلىق تەبىئىتى، مەنىۋى دۇنياسىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلاندۇرغان، بۇنداق روھ بالىنىڭ كېيىنكى ھايات مۇساپىسىنىڭ خېمىرتۇرۇچى، باشلىنىش نۇقتىسى ۋە قۇۋۋەت مەنبەسى سۈپىتىدە، بالىنىڭ مەنىۋى ئىممۇنىتېت كۈچىنى ئاشۇرۇپ، ھەر خىل ياخشى - يامان تەسىرلەر ئالدىدا قەدەملىرىنى بەرقارار قىلالىغان.

ئەجدادلىرىمىزنىڭ بالا تەربىيىلەشتىكى مېھرىبانلىق ئۈستىگە قۇرۇلغان قاتتىق قوللۇقنى بۈيۈك دەستۇر سۈپىتىدە پايدىلىنىشىمىزغا ئەرزىيدۇ. قاتتىق قوللۇق دېۋەڭلىك ۋە قارىغۇلارچە جاھىللىق سۈپىتىدە يۇغۇرۇلماسلىقى، بەلكى مېھرىبانلىقنى خېمىرتۇرۇچ قىلىپ، سوغۇققان ئەقىل-پاراسەت ۋە يىراقنى كۆرەرلىك ئاساسىدا ئەۋج ئېلىشى كېرەك. تاغ قار - مۇز قاپلاپ تۇرغان ھەيۋەت قامىتى بىلەن سۇرلۇك كۆرۈنسىمۇ، ئەمما ئاستىدىكى سۈزۈك سۇلىرى باغنىڭ مېۋىسىنى شېرىن ۋە لەززەتلىك قىلىدۇ. بۇنداق خۇسۇسىيەت ئاتىنىڭ ۋۇجۇدىدا ھازىرلىنىشى زۆرۈر. شۇڭا، خەلقىمىز ئىچىدىكى «ئاتا دېگەن تاغ، ئانا دېگەن باغ» دېگەن سۆز يۇقىرىقى خىسلەتنىڭ قېنى بىلەن سۇغىرىلغانلىقى ئۈچۈن، تىلىمىزدا ھېلىھەم جۇلاسىنى يوقاتمىدى.

«ئاتا دېگەن تاغ، ئانا دېگەن باغ» دېگەن ھېكمەتنىڭ چىرايلىق ئاھاڭغا سېلىنىپ، مۇڭ بىلەن ياڭراپ تۇرغىنىنى ئاڭلىغىنىمىزدا، ئاتا مېھرىنىڭ ھەقىقەتەن چوڭقۇرلۇقىنى ھېس قىلىمىز. تاغ سۇرلۇك، ھەيۋەتلىك قامىتى بىلەن مۇقەددەس. ئۇ ئاتىلارنىڭ قورقماس، قەيسەر، چىداملىق، پىكىر - ھېكمەتكە تولغان ۋۇجۇدىغا سىمۋول قىلىنغان. باغ شېرىن - لەززەتلىك مېۋىلىرى، رەڭدار گۈللىرى بىلەن گۈزەل. ئۇ كۆيۈمچان، مېھىر - مۇھەببەتلىك، باغرى ئىللىق ئانىلارغا سىمۋول قىلىنغان. مانا بۇنىڭ ئۆزىدىنلا ئاتا - ئانىنىڭ پەرزەنتكە بولغان مېھرىنىڭ دېڭىزدىنمۇ چوڭقۇرلۇقىنى چۈشەنگىلى بولىدۇ. مېھىر - مۇھەببەتنىڭ ئۆزى كۆيۈنۈش دېمەكتۇر، كۆيۈنۈشنىڭ ئۆزى ماھىيەت جەھەتتىن ئېيتقاندا، تەربىيە دېمەكتۇر. لېكىن، بۈگۈنكى كۈندە بالىلارغا بولغان كۆيۈنۈش تەربىيە خاراكتېرىدىن ھالقىپ، مەستانىلىق، شەيدالىقنىڭ چېكىدىن ئاشقان رەڭلىرى بىلەن بويالماقتا.

جەمئىيەت ۋە مەدەنىيەت تەرەققىي قىلغانسېرى بىر ئەۋلاد كىشىلىرى بىلەن يەنە بىر ئەۋلاد كىشىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى قىممەت قاراشى ۋە تۇرمۇش شەكلىدىكى پەرقلەر بارغانسېرى زورايماقتا. ھازىرقى بىر قىسىم ياش ئاتا - ئانىلارنىڭ پىلانلىق تېپىلغان پەرزەنتلەرنى تەربىيىلەش ئۇسۇلىغا قارايدىغان بولساق، ئۇلار «ئاياغ ئاستىدىن ۋاپادار ئوغۇل چىقىدۇ»غان، «تىل ئىشتىمىگەن بالا چوڭ بولمايدىغان»لىقىدىن ئىبارەت بۇ ئۇنۇملۇك ئۇسۇللارنى پۈتۈنلەي تاشلىۋېتىپ، ھەددىدىن زىيادە شەيدالىقى تۈپەيلى پاختا ئىچىدە چوغ ساقلىغاندەك ئېھتىيات بىلەن مەدەنىيەتلىك تەربىيىلەش ئۇسۇلىنى قوللىنىۋاتىدۇ. بىر كۈنى مەن بىرقانچە بالىنىڭ پاراڭلىشىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قالدىم، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرى «مېنىڭ دادام بەكلا ئەسكى، كىچىك ۋاقتىمدا مېنى بىر قېتىم ئۇرغانىدى» دەۋاتاتتى. مەن بۇ بالىلار بىر قېتىم يېگەن تاياقنى ئۇنتۇماي كۆڭلىدە غۇم ساقلاۋېتىپتۇ، بىز كىچىك چاغلىرىمىزدا قانچىلىك تاياق يېگەن بولغىيتتۇق - ھە! دېگەننى ئويلىنىپ قالدىم.

مېنىڭ ھازىرقى دەۋر دېھقانلىرىغا خاس سالاھىيەتنى ھازىرلىغان دېھقان تونۇشۇم بار ئىدى. ئۇ تىرىشچان، ئىشچان، جاپادىن قاچمايدىغان روھى بىلەن بىرنەچچە مو يېرىدە پارنىك ياساپ كۆكتات ئۆستۈرۈش، بىرنەچچە مو يەردە ئىلمىي ئۇسۇلدا تەكلىك بەرپا قىلىش ۋە باقمىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىش ئارقىلىق 100 مىڭ يۈەن ئەتراپىدا كىرىم قىلغانىدى. ئۇنىڭ ئىككىلا پەرزەنتى بار بولۇپ، پەرزەنتلىرىنى گۆھەردەك ئەتىۋارلاپ، ياغ ئىچىدىكى بۆرەكتەك چوڭ قىلغانىدى.



تەبەككۇر مېۋىلىرى: ياشا! باشقىلارنى بوراپ ئەمەس، ئۆز ئىشىنىڭگە تىلىنىپ ياشا! ئەقلىڭنى ئەدەپ - ئەخلاقتا بېرىلىشتۇرۇپ ئۇمىدۋار ياشا! (قوربان توختى ھۆرمىتى)

ئەر ـ خوتۇن ئىككىسى بار جاپانى ئۆزلىرى تارتىپ، تاپقان پۇللىرىغا باللىرىنى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇتۇش ئارزۇسى كۈچلۈك ئىدى. تەلىيىگە بۇ دېھقاننىڭ ئارزۇسى چېچەك ئېچىپ، چوڭ قىزى ئۇنىۋېرسىتېتقا قوبۇل قىلىندى. ئاتا ـ ئانا قىزىنىڭ بۇ شەرىپىدىن بېشى ئاسمانغا يەتكۈدەك بولۇپ، قىزى ئۈچۈن پۇلنى ئايىماي خەجلەپ، ئالىي مەكتەپكە ئۆزلىرى ئەپچىقىپ قويۇپتۇ. ئەمما، بۇ قىز 5 ــ 6 ئايدىن كېيىنلا، ئوتتۇرا مەكتەپتە يۈرگەن يىگىتى بىلەن ئوقۇشنى تاشلاپ قېچىپ كېتىپتۇ. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان ئاتا ـ ئانىنىڭ بېشى تۈۋرۈكسىز توقماق تەگكەندەك قېيىپلا كېتىپتۇ. بالا دېگەن هامان بالىدە، ئۇلارنىڭ دېرىكىنى قىلىپ تاپقاندىن كېيىن، يىگىت تەرەپنىڭ ئاتا ـ ئانىسى بىلەن كېلىشىپ توينى قىلىپ قويۇپتۇ. لېكىن، قىز «ئالدىغان ئالتە ئەرگە تېگىپتۇ» دېگەندەك، يىگىتى بىلەن بەختلىك بولۇپ كېتەلمەي، ئاجرىشىپ كېتىپ، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ يېنىغا قايتىپ كەپتۇ.

مانا بۇ رېئاللىق بىزگە ياش ئاتا ـ ئانىلارنىڭ هازىرقى بالا تەربىيىلەش ئەھۋالىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان بىردىنبىر ئۆرنەك. ئۇيغۇرلاردا «بالاڭنى ئايىساڭ بالاغا قالىسەن» دېگەن هېكمەت بار. ئەگەر پەرزەنتلەر ئاتا ـ ئانىلىقنى نوقۇل هالدىكى كۆيۈنۈش دەپ بىلىدىكەن، ئۇلار ئاتا ـ ئانا ئۈچۈن بالايىئاپەتنىڭ ئىشىكىنى ئاچقان بولىدۇ. ئاتا ـ ئانىمۇ نوقۇل هالدا بالىغا بولغان كۆيۈنۈشنى مەڭگۈ هامىلىق دەپ قانات ئاستىغا ئېلىۋەرسە، ئۇ كۆكتە پەرۋاز قىلىدىغان بۈركۈتنى ئەمەس، پوق ئالالمايدىغان سارنى يېتىشتۈرگەن بولىدۇ.

هازىر باللىرىمىز تولىمۇ ئەركە ـ نايناق، تاۋى نازۇك بولۇپ كەتتى. بۇ ئۇلارنىڭ بىزنىڭ كىچىك ۋاقتىمىزغا سېلىشتۇرغاندا ئەدەپلىك، ئەقىللىق بولۇپ كەتكەنلىكىدىن ئەمەس، بەلكى هازىرقى ئاتا ـ ئانىلارنىڭ باللارنى مەدەنىيەتلىك تەربىيىلەشنى باهانە قىلىپ، هەددىدىن زىيادە ئەركىلىتىۋاتقانلىقىدىن بولۇۋاتىدۇ. بۇ جەمئىيەت خاراكتېرلىك هادىسە بولۇپ قالدى. باللارنىڭ مەدەنىيەت ساپاسى، ئەقلىي سەۋىيىسى پېشقەدەم ئەۋلادلاردىن ئېشىپ چۈشسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئىقتىدار، ئەخلاق ـ پەزىلەت جەھەتتە يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ كەتكىنى يوق. ياش ئاتا ـ ئانىلارنىڭ پەرزەنتلىرىگە كۆيۈنۈشى ئۆزىنىڭ بارلىقىنى ئاتىۋېتىشتەك شەيدالىق دەرىجىسىگە يەتكەن. بالا ئازراق قىيىنچىلىققا يولۇقسا، چارە ـ ئامال ئىزدەشنىڭ ئورنىغا دەرهال ئاتا ـ ئانىسىغا مۆلىنىدۇ، داتلىنىپ كۆز يېشى قىلىدۇ. ئاتا ـ ئانا ئىلهام ـ مەدەت بېرىش ياكى قىيىنچىلىقنى يېڭىشنىڭ يولىنى كۆرسىتىش ئورنىغا ئۆزىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىساتىنى سېتىپ بولسىمۇ پەرزەنتىنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ، ئۇلارغا بولغان كۆيۈمچانلىقىنى، هېسداشلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇنداق ئارتۇقچە كۆيۈمچانلىق باللارنى كىچىكىدىن باشلاپلا هورۇن، تۇرمۇش ئۈستىدە ئويلانمايدىغان، ئىسراپخور، ئۆزىنى كۆرسىتىشكە ئامراق، هاكاۋۇر، مەنمەنچى، كۆيۈمسىز قىلىپ قويىدۇ.

سىمايلىس: «ئائىلە ــ تەرتىپ ـ ئىنتىزامنىڭ ئەڭ چوڭ كىتابى» دەيدۇ. قەيەردە ئاتا ـ ئانا قاتتىق قول، تەلەپچان بولسا، شۇ يەردە پەرزەنتلەر هەقىقىي، يارامىلىق كىشىلەردىن بولۇپ چىقىدۇ. رۇس پېداگوگى سوخوملىنسكىي: «ئىنسان بېشىدا ئۆلۈم، قېرىلىق ۋە يامان پەرزەنتتىن ئىبارەت ئۈچلا كۆلپەت بولىدۇ» دېسە، فرانسۇز دراماتورگى بومارشې: «مۇتتەهەمنى قوغلاش ئائىلىنىڭ زور بەختتۇر» دەيدۇ. بۇ پەرزەنت تەربىيىسىدە باللارغا قاتتىق قول، تەلەپچان بولۇپ، باللاردا مۇلايىملىق، مېھرىبانلىق، ۋاپادارلىق، ئاتا ـ ئانىغا كۆيۈمچان قىلىپ تەربىيىلەشكە قارىتىلغان. گوركىي مۇنداق تەربىيە بېرىدۇ: «يامان پەرزەنت ئۈچۈن ئاتا ـ ئانىنى جازالىماق كېرەك». خۇددى بىز ئېيتىپ كېلىۋاتقان «چاقنى بۇزغان تانىسى، قىزنى بۇزغان ئانىسى»، «يامان بالا يوق، يامان ئاتا ـ ئانا بار» دېگەن هېكمەتلەرنىڭ هەممىسى بالىنىڭ قانداق ئادەم بولۇپ چىقىشىدا، ئاتا ـ ئانا مەسئۇلىيىتىنىڭ نەقەدەر ئېغىرلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. شۇڭا، ئالىم ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەدئىمىن مۇنداق دېگەن: «ئاتا ـ ئانا بولماق بىئولوگىيىلىك نۇقتىدىن ئاسان، ئەمما ئاتا ـ ئانا نامىدا ئاتالغان تەربىيىچى بولماق ئىجتىمائىي نۇقتىدىن ئاسان ئەمەس. هەقىقىي مەنىدە پەرزەنت تاپقان ئەمەس، ئۇنى تەربىيىلەپ ئۆز بۇرچىنى ئورۇندىغان كىشى ئاتا ـ ئانىدۇر». ئاتا ـ ئانا پەرزەنت ئۈچۈن بىرىنچى، بىۋاسىتە نەمۇنە، ئۈلگە بولۇپ تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئاتا ـ ئانىنىڭ پەرزەنت تەربىيىلىشى مەلۇم باسقۇچتا پەرزەنتىدىن تەربىيە ئېلىش، ئۆزلىرىنىڭ زاماندىن قالغان كونا قاراش، ئادەتلىرىنى تۈزىتىش، باللار بىلەن ئورتاق تەربىيىلىنىپ تۇرۇشىمۇ، ئاتا ـ ئانىلىق بۇرچىنى ئادا قىلىشتىمۇ ئىنتايىن مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن بارلىق دۈشمەنلىرىنى يېڭىپ، قۇدرەتلىك ئىمپېرىيە قۇرغان چېغىدا، سۆيۈملۈك ئوغلىنى قۇچىقىغا ئېلىپ: «ئوغلۇم، دۇنيادا مەن ئەڭ قۇدرەتلىك ئادەم. ئەمدى هەرقانداق ئىش مېنى قورقۇتالمايدۇ، سىزگە نېمە كېرەك، مەن دەرهال ئورۇنداپ بېرىمەن» دېگەن. گۆدەك بالا: «ماڭا ئاسماندىكى ئاي كېرەك!» دەپ جاۋاب بەرگەن. ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن هاڭۋاققىنىچە تۇرۇپ قالغان، بالا ئارقا ـ ئارقىدىن «ماڭا ئاي كېرەك، ماڭا ئاي كېرەك ...» دەپ غەلۋە قىلىۋەرگەن. ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن ئۇزاققىچە ئويلىنىپ كېتىپ، نومۇس، خىجىللىق ۋە قورۇنۇش ئىچىدە: «كەچۈرۈڭ بالام، سىزنىڭ تەلىپىڭىزنى قاندۇرالمىغۇدەكمەن، سىزنىڭ مېنىڭ قانداق ئاتا بولۇش هەققىدە ئۆتكەن دەرسىڭىزگە رەھمەت!» دەپ بالىسىدىن ئەپۇ سورىغان.

ماددىي مەئىشەتلەر موللىشىپ، زامانىمىز باياشادلىق تەنتەنىسىگە چۆمگەن بۈگۈنكى كۈندە، بەزى ياش ئاتا ـ ئانىلار بالىسىنى بۆشۈكتىكى ۋاقتىدىن تارتىپلا، ئاسماندىكى ئاينى ئېلىپ بەرگۈدەك دەرىجىدە، راهەت ـ پاراغەت ۋە ئەۋزەللىكلەرگە كۆمۈۋېتىدۇ. بۇ خىل توقچىلىق ئىچىدە باللاردا روهىي كەمتۈكلۈك بارغانچە گەۋدى-

تەبەككۇر مېۋىلىرى. ئۆزىنى ئۆزى ئالداش شەيتان ئالدىغاندىنمۇ يامان، چۈنكى ئادەم «مەن» دېگەن ئۇقۇم ئىچىدىن ئۆزىنى تارتىپ چىقىرالىشى ناهايىتى قىيىن. (قۇربان توختى هۆرمىتى)





لىنىپ، فېرىبلىق يومران قەلبىدە ئۇۋا ياسىماقتا. يالغۇز پەرزەنتلەر ئەركىلەش ۋە ئەركىلىتىش ئاساس قىلىنغان يۇمشاق قېپىستە، نايىناق، ئەۋرىشىم، ناجىنس خاراكتېر ئۆزگىچىلىكىنى يېتىلدۈرۈپ، قارىماققا تولىمۇ ئوماق، ئەمەلىيەتتە ياسالما قونچاقلاردىن پەرقلەنمەيدىغان بولۇپ قېلىۋاتىدۇ. ئېسىل، ياسداق ئۆيلەردە ئەنئەنىۋى يىلتىزىدىن بىخەۋەر ھالدا، سۈن ۋۇكۇڭنى مەبۇد بىلىپ، ئېلېكترونلۇق ئويۇنچۇقلارغا مەستانە بولۇپ، خامۇشلۇق ئىچىدە ئۆسۈپ يېتىلمەكتە. بۇ دەل كۆيۈنۈشنىڭ ئۆز قانۇنىيىتىدىن ھالقىپ كەتكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ، ئەمەلىيەتتە بۇ كۆيۈنۈش ئەمەس، بالىلارنى ئالدىغانلىق ھېسابلىنىدۇ. بالىلارنى ئالدىغانلار مەڭگۈ قارغىشقا قالىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆز قانۇنىيىتى ۋە پەلسەپىسى بارلىقىغا ئىشىنىش كېرەك. پادىشاھنىڭ كىيىمى يوقلىقىنى يۈرەكلىك ئېيتالىغان ۋە يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ گۇناھسىزلىقىغا شاھىد بولالىغان نارەسىدىلەرنىڭ قەلبىدىكى غايىۋى قۇدرەت ئەنە شۇ قانۇنىيەت ۋە پەلسەپە بولماي - نېمە؟! كونىلاردا «بالىلارغا بىر ئوۋۇچ ئوۋۇلاپ بەرگەندىن كۆرە، بىر قېتىم ئوۋۇلاشنى ئۆگىتىپ قويۇش كېرەك» دېگەن سۆز بار. ماھىيەتتىن ئالغاندا بۇ تولىمۇ ھېكمەتلىك سۆز. شۇڭا، بالىلارغا كىچىكىدىن تارتىپلا مۇستەقىل ياشايدىغان خاراكتېرنى يېتىلدۈرۈشكە سەل قارىماسلىق لازىم.

پىلانلىق تۇغۇلغان پەرزەنتلەر توغرىسىدىكى تەربىيە جەمئىيەتنىڭ ئورتاق دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغىدى. بالىلار تەربىيىسى ھەققىدە توم - توم كىتابلار چىقىۋاتىدۇ. لېكىن، بالىلارنى مەدەنىيەتلىك تەربىيىلەشتىن ئىبارەت بۇ تېما يەنىلا بالىلارغا چەكسىز كۆيۈنۈش، كۆز قارىچۇقىنى ئاسرىغاندەك ئاسراپ چوڭ قىلىشنى چۆرىدەپ كېتەلمەيۋاتىدۇ. «ياغاچنى نوتا ۋاقتىدا ئەگ»، «ئۇستاز زالىم بولسا، شاگىرت ئالىم بولىدۇ» دېگەن ھېكمەتلەردىن قاتتىق قول، تەلەپچان بولۇشنىڭ بۇ تېمىدا پەۋقۇلئاددە ئۈنۈم بېرىدىغانلىقىنى بەزى ئاتا - ئانىلار تازا بىلەلمەيۋاتىدۇ. پەرزەنتلەرگە قاتتىق قول، تەلەپچان بولۇشنىڭ ئارتۇقچىلىقى پەرزەنتلەرنىڭ خاتالىقىنى تۈزىتىشكە ئۈنۈملۈك تۈرتكە بولۇش، چوڭقۇر تەسىر قالدۇرۇش، خاتالىقنى ئاز سادىر قىلىشىدا ئىپادىلىنىدۇ. بۇ خىل ئۇسۇلنى قوللانغاندا، روھىي جەھەتتىن بەرداشلىق بېرىش ئىقتىدارىمۇ ئۆسۈپ بارىدۇ. پەرزەنتلەرگە قاتتىق قول، تەلەپچان بولۇش بالا تەربىيىلەشتىكى تەلىم - تەربىيە قانۇنىيىتىگىمۇ ئۇيغۇن ھەم زۆرۈر. بىر ئادەمنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانى ئەمەلىيەتتە ئىنسانىيەتنىڭ تەدرىجىي تەرەققىي قىلىش جەريانىنىڭ كىچىكلىتىلىشىدىن ئىبارەتتۇر، يەنى ياۋايىلىقتىن مەدەنىيەتلىك بولۇشقا قاراپ تەرەققىي قىلىدۇ. شۇنداق مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇكى، ھەرقانداق كېيىنكى تەربىيە ئادەمنىڭ تۇغما ئېھتىياجى بىلەن زىددىيەتلىك بولىدۇ. بىر بوۋاقنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىنى ئېلىپ ئېيتىدىغان بولساق، ئۇنىڭ ئىسسىنىش، تاماق يېيىش ئېھتىياجىدىن باشقا ئېھتىياج بولمايدۇ. كېيىنكى تەربىيە ئادەمنى مەدەنىيەتلىك بولۇشقا مەجبۇرلاشتىن ئىبارەتتۇر. شۇنداق بولغانىكەن، قاتتىق قوللۇق يوللۇق تەلىم - تەربىيە كاتېگورىيىسىگە مەنسۇپ بولۇشى كېرەك. زامانىۋى مەدەنىيەت تەربىيىسى ئىنتايىن مۇھىم، ئۇ ئادەمنىڭ زېھىن - قۇۋۋىتىنى ئەڭ زور دەرىجىدە ئاچىدۇ، لېكىن ئۇنىڭ بالىلارنىڭ مەنپەئەت يەتكۈزۈش ئېڭى ۋە روھىي جەھەتتىن بەرداشلىق بېرىش كۈچىنى يېتىلدۈرۈشكە پايدىسىز بولۇشتەك ئاجىزلىقىمۇ بار. ئەگەر ئۇلارغا بۇ دۇنيانىڭ ئۇلارسىزمۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدىغانلىقى، ئادەمنىڭ كوللېكتىپ ئىچىدە ھوقۇق بىلەن مەجبۇرىيەتنىڭ بىرلىكىدىن ئىبارەت بولىدىغانلىقىنى قۇدرەتلىك ۋاستە ئارقىلىق تونۇتمايدىغان بولساق، ئۇلار چوڭ بولغاندا جەمئىيەتكە ماسلىشالماسلىقى، ھەتتا چۈشكۈنلىشىپ جەمئىيەت ئۆكتەملىرىدىن بولۇپ قېلىشى مۇمكىن.

بىز ئەركىلىتىش ۋە شىيدالىق ئىچىدە تەربىيىلەپ چوڭ قىلىنىۋاتقان نۇرغۇن پەرزەنتلەرنىڭ ئەقىللىق ھەم ئۆگىنىشى ياخشى بولسىمۇ، لېكىن باشقىلار بىلەن، جەمئىيەت بىلەن چىقىشالمايۋاتقانلىقىنى، مەنپەئەتى توغرا كېلىپ قالغان ھامان ھېيقماستىن چېكىدىن ئاشقان ئىنكاسلارنى سادىر قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمىز. «تەربىيىسىز بالىنىڭ ئاتىسى گۇناھكار» دېگەن گەپ بار. كونا يوسۇن بويىچە ئاتىنىڭ بالا ئالدىدىكى ئوبرازى قاتتىق قول، رەھىمسىز دەپ تەرىپلىنىدۇ. ئۇلار پەرزەنتلەرگە تەربىيە بېرىشتە بەزىدە ئۇرۇپ - تىللاپ قويۇشى مۇمكىن. لېكىن، بۇ ئانچە مۇھىم مەسىلە ئەمەس، مۇھىمى مۇشۇنداق تەربىيىلەپ چىقىلغان بالىلار نوپۇزغا ھۆرمەت قىلىدىغان، ئازار يېسىمۇ كۆتۈرەلەيدىغان، جاپا - مۇشەققەتنى يېڭەلەيدىغان ياخشى ئادەمنى يېتىلدۈرەلەيدۇ. دەل مۇشۇنىڭ ئۆزى جەمئىيەتتە پۇت تىرەپ تۇرۇشنىڭ زۆرۈر شەرتى بولۇپ قالىدۇ. پەرزەنتلەرگە زامانغا لايىق ھالدا مۇۋاپىق قاتتىق قوللۇق قىلىش، ئۇلارنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك، ساغلام تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن پايدىلىق. لېكىن، بالىلارنى ئورۇنسىز ئۇرۇپ - تىللاش ھەتتا دەپسەندە قىلىش باشقا بىر مەسىلە ھېسابلىنىدۇ.

ئاتا - ئانىنىڭ دۇنياغا قايتا تۆرەلگەن ئوبرازى، مىللەتنىڭ كېلەچىكى، جاھان تارىخىنىڭ داۋامى بولغان پەرزەنتلەر ئۈچۈن، «ئاتا دېگەن تاغ ئىكەن، ئانا دېگەن باغ ئىكەن» دېگەن تېما مەڭگۈلۈك تېما. شۇڭا، ئاتا تاغقا ئوخشاش ھەيۋەت، سۈرلۈك ئوبرازىنى مەڭگۈ ساقلىشى، پەرزەنت ئۈچۈن مېھىر دەرياسىنى ئۆركەشلىتىپ تۇرۇشى؛ ئانا باغقا ئوخشاش گۈزەل ۋە جەزبىدار ئوبرازىنى جۇلالاندۇرۇپ، مېۋىسىنىڭ شېرىن ۋە لەززەتلىك بولۇشى ئۈچۈن، ھارام شاخلارنى پۇتاش، چاتاش ۋە پەرۋىشىنى ئۈزۈلدۈرۈپ قويماسلىقى كېرەك. مۇشۇنداق بۇرچكارلىق تۇيغۇ ۋە مەسئۇلىيەت يالتىراپ تۇرغاندىلا، بالىلارنى ھايۋانىي كۆپىيىشكە ئەمەس، بەلكى مۇقەددەس ئادەملىك سۈپەت بىلەن كۆپىيىشكە يېتەكلىيەلەيدۇ.

(ئاپتور: «تۇرپان گېزىتى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدە)



تاباكەكۈر بېزىلىرى: شېئىرىي سۆز ناھايىتى يېقىشلىق بولىدۇ، لېكىن شېئىرنىسى بار ئىنساننىڭ ھەممىسى تاتلىق بولمىغىنىدەك ئۇنىڭمۇ كىشىنى زەھەرلەپ قويىدىغىنى يوق ئەمەس. (قۇربان توختى ھۆرمىتى)

**ھەقىقىي ئۇلۇغ ئانا، قىيىن تاللاشلارغا توغرا كەلگەندە توغرا يول تاپالايدىغان ئەقىل- پاراستى بىلەن، ئەۋلادلىرىنىڭ بەخت- سائادىتى ئۈچۈن ئىككىلەنمەي يول ئېچىپ ئالغا ئىلگىرىلىيەلەيدىغان جەڭگىۋار روھى بىلەن، كىشىنى ئەيمەندۈرىدىغان ۋە قايىل قىلىدىغان پاكلىقى بىلەن، ھۆسنىگە مەڭگۈ ئۆزگەرمەس لاتاپەت قوشىدىغان پەزىلىتى بىلەن، يىمىرىلمەس قورغاندەك ئېتىقادى بىلەن ئۇلۇغ بولىدۇ... ھەقىقىي ئۇلۇغلۇق «بالا تۇغۇش» بىلەنلا ئەمەس، بەلكى ئۇلۇغ ئىدىيىنى، ئۇلۇغ نىشاننى تۇغۇش بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ.**

# زادى قانداق ئانىلار ئۇلۇغ؟

**يالقۇن روزى**



يېقىنقى يىللاردا شېئىر- قوشاقلاردا، سەھنە- ئېكرانلاردا «ئانىلار ئۇلۇغ»، «جاھاندا ئەڭ ئۇلۇغ ئىنسان ئانا»، «ئانا ھەممىدىن ئۇلۇغ» دېگەنگە ئوخشاش تەرىپ ۋە مەدھىيە سۆزلىرى خېلى كەڭ ئومۇملىشىپ قالدى. بۇنىڭ تۈرتكىسىدە، كىشىلەرمۇ بۇ سۆزلەرنى دائىم دېگۈدەك ئىستېمال قىلىدىغان بولدى. كىشىلەر ئانىلارنى نېمە ئۈچۈن بۇنداق قارىغۇيۇق ئۇلۇغلايدۇ؟ مېنىڭچە، ئۇلار ئومۇمەن مۇنداق قارايدۇ: «ئانىلار توققۇز ئاي توققۇز كۈن قورساق كۆتۈرۈپ بالا تۇغىدۇ؛ يەنە بالا ئېمىتىدۇ، بالىنى پەرۋىشلەپ چوڭ قىلىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئانىلار ئۇلۇغ، ئانىلار ئۇلۇغلاشقا تېگىشلىك ئىنسانلار!»

قارىماققا، ئانىلارنى بۇنداق ئۇلۇغلاشنىڭ مەلۇم ئاساسى باردەك قىلىدۇ، ئەمما ئانىلارنى مۇشۇ ئۆلچەم، مۇشۇ شەرتلەر بويىچە ئۇلۇغلاشقا توغرا كەلسە، بۇنداق «ئۇلۇغلاش» چۈشەنچىسىدىن كەم دېگەندە مۇنداق تۆت تۈرلۈك زىددىيەتلىك پىكىر تۇغۇلىدۇ:

بىرىنچى، ئانىلار ئۇلۇغ بولسا، دادىلار ئۇلۇغ ئەمەس- مىكەن؟ شۈبھىسىزكى، بۇ بىر ئورۇنسىز تالاش- تارتىشنى پەيدا قىلىشتۇر. بىلىش لازىمكى، ھەرقانداق مىللەتنىڭ ئاياللىرى ئۇلۇغلۇق مەرتىۋىسىگە ئىگە بولۇپ، ئەرلىرى ئۇنىڭ ئەكسىچە بولىدىغان ئەھۋال مەۋجۇت ئەمەس. ئۇلۇغلۇق ئادەمنىڭ جىنسى، يېشى، نەسەبى، مىللىتى ئاساس قىلىنىپ ئايرىلىدىغان مەسىلە ئەمەس. شۇنىڭدەك، ئانىلارنىڭ ئۇلۇغلۇقى قانداقتۇر «ئۇچار قاناتلاردىن جان- جانىۋارلارغىچە بولغان پۈتكۈل جانلىقلار دۇنياسىدىكى چىشى جىنسلىقلارغا ئورتاق بولغان تۇغۇش، بېقىش، ھىمايىسىگە ئېلىش، ئاسراش- پەرۋىش قىلىشتەك جەريان بىلەنلا چەكلەنسە كۇپايىلەنمەيدۇ.» ئانىلارنىڭ ئارىسىدىمۇ ئۇلۇغ ئانىلار بار، دادىلارنىڭ ئارىسىدىمۇ ئۇلۇغ دادىلار بار. ھەرگىزمۇ ئۇلارنىڭ «ھەممىسىلا ئۇلۇغ» ئەمەس! ئانىلارنى ئۇلۇغلاپ ئاجايىپ پاساھەتلىك مىسرالارنى تۈزگەن، ئانىلارنى مەدھىيىلەپ ناخشا- قوشاقلارنى ئوقۇغان ۋاقتىمىزدا، بىز بۇنداق ھايا- جانلىق ھېسسىياتنىڭ قانداق ھەقىقەتنى ئۆلچەم قىلىشى لازىملىقىنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىمىز كېرەك. ھەقىقىي ئۇلۇغلۇق «بالا تۇغۇش» بىلەنلا ئەمەس، بەلكى ئۇلۇغ ئىدىيىنى، ئۇلۇغ نىشاننى تۇغۇش بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. ھەقىقىي ئۇلۇغ ئانا، قىيىن تاللاشلارغا توغرا كەلگەندە توغرا يول تاپالايدىغان ئەقىل- پاراستى بىلەن، ئەۋلادلىرىنىڭ بەخت- سائادىتى ئۈچۈن ئىككىلەنمەي يول ئېچىپ ئالغا ئىلگىرىلىيەلەيدىغان جەڭگىۋار روھى بىلەن، كىشىنى ئەيمەندۈرىدىغان ۋە قايىل قىلىدىغان پاكلىقى بىلەن، ھۆسنىگە مەڭگۈ ئۆزگەرمەس لاتاپەت قوشىدىغان پەزىلىتى بىلەن، يىمىرىلمەس قورغاندەك ئېتىقادى بىلەن ئۇلۇغ بولىدۇ. بىرلا جۈملىگە يىغىنچاقلىغاندا، مەيلى ئەر، مەيلى ئايال، مەيلى دادا، مەيلى ئانىغا نىسبەتەن بولسۇن، «ئۇلۇغ»لۇقنىڭ ئەڭ ئالىي شەرتى — خەلقچىللىق؛ قانچىكى ۋەتەنپەرۋەر، مىللەتپەرۋەر ئادەم بولسا، شۇنچە ئۇلۇغ بولىدۇ... مۇشۇنداق شەرتنى ھازىرلىغان ئانا



تەپەككۇر مېۋىلىرى: مېھىر - مۇھەببەت ساڭا ئەڭ بۇرۇن ئانا - ئاناڭدىن ھەدىيە قىلىنىدۇ، ئاندىن تەرەققىي قىلىپ سىرتقا تارايدۇ.(قۇربان توختى ھۆرمىتى)

ئەمەس، بەلكى ئىنكئانا بولسىمۇ، ئوخشاشلا ئۇلۇغ ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر ئانىلار قارىغۇلارچە ھالدا ئۇلۇغلانسا ياكى ئۇلارنىڭ ئۇلۇغلۇقى «بالا تۇغۇش، ئېمىتىش، چوڭ قىلىش»قىلا باغلاپ قويۇلسا، ئانىلارنىڭ مەسئۇلىيەت ئېڭى ئاجىزلاپ، ئۆزىگە قويىدىغان تەلىپى تۆۋەنلەپ، بىخۇدلىشىپ كېتىش ئەھۋالى كۆرۈلىدۇ. چۈنكى، ئانىلارنىڭ بىر مىنۇتمۇ ئەستىن چىقارمايدىغان مەسئۇلىيىتى — ئائىلە ۋە مىللەتنىڭ كېلەچىكى بولغان بالىلىرىنى جاپالىق ئەجىر، دۇرۇس تەربىيە بىلەن ئۆز تەقدىرىنى ئۆز قولىدا تۇتۇپ تۇرالايدىغان يارامىلىق ئىزباسارلارغا، ئانا ۋەتەننىڭ دەۋىتىگە قولاق سالىدىغان، ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش كويىدا پىداكارلىق كۆرسىتىدىغان ئەزىمەتلەرگە ئايلاندۇرۇشتا ئىپادىلىنىدۇ. بالزاكنىڭ «مىللەتنىڭ كېلەچىكى ئانىلارنىڭ قولىدا» دېگەن مەشھۇر سۆزى دەل ئانىلارنىڭ مۇشۇنداق شەرەپلىك مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلالىشى ياكى ئادا قىلالماسلىقىغا قارىتا ئېيتىلغان.

ئانىلارنى ئۇلۇغلاشتا ئۆلچەم ھېسابلىنىدىغان يۇقىرىقى شەرت ۋە مەسئۇلىيەت ئېڭى نەزەردىن ساقىت قىلىنىپ، «ئۇلۇغ» دېگەن سۈپەتنى، پەرزەنت يۈزى كۆرگەنلىكى ئانىغا ئاتا قىلىۋېرىش — بىر مىللەتنىڭ قىممەت تارازىسىنىڭ مۇجمەللەشكەنلىكىنىڭ ئىپادىسى. ئەگەر ئانىلار قارىغۇيۇق ئۇلۇغلىنىپ، ئۇلارغا بىر تەرەپلىمە ھالدا مەدھىيە ئوقۇلىۋەرسە، ئانىلار ئارىسىدىكى ئۆز- ئۆزىنى تونۇش ئېڭى تېخى يېتەرلىك ئويغانمىغان مىليونلىغان نادان ئانىلار خاتا ئىلھاملاندۇرۇلۇپ، ئائىلىدە ئەرلىرى بىلەن مەرتىۋە ۋە باراۋەرلىك دەۋاسى قىلىدىغان ئاقىۋەت ئۇلغىيىپ كېتىدۇ. ئەگەر بۇنىڭغا «ئەر- ئاياللار ھوقۇقتا باراۋەر» دېگەن قانۇن تەشۋىقاتىنى خاتا چۈشىنىپ، ئۇنى ئىزچىللاشتۇرۇشقا، ھەممە ئىشتا تەتبىقلاشقا ئۇرۇنۇش خاھىشى قوشۇلسا، «ئائىلە»دىن ئىبارەت ئىمارەتكە ئىچىدىن دەز كېتىشكە باشلايدۇ. ئېنىقكى، بىر ئائىلىدىكى بارلىق ئەزالار ئوتتۇرىسىدا ئۆزئارا تەلەپ قىلىدىغان ھوقۇق، ئادا قىلىدىغان مەجبۇرىيەت مەۋجۇت. ئائىلە ئەزالىرى ئوتتۇرىسىدىكى بۇ خىل ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەت «قانۇنىيەت»تىن ئىبارەت مۇقەددەس مىزان ئۈستىگە قۇرۇلغان. «قانۇن» بىلەن «قانۇنىيەت» ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتە، ئاۋۋال قانۇنىيەتنىڭ مىزانىغا بويسۇنۇش، ئاندىن قانۇننىڭ نىزامىغا مۇراجىئەت قىلىش كېرەك. ھەرقانداق ئائىلىدە بۇ خىل «قانۇنىيەت ئېڭى» ئاجىزلاپ، «قانۇن ئېڭى» كۈچىيىپ كېتىدىكەن، ئۇنداق ئائىلە رىقابەتلىشىۋاتقان رەقىبلەر سورۇنىغا ئايلىنىپ قالىدۇ. بىر ئائىلىدىكى ھەربىر ئەزا ئۆزىنىڭ قانۇنىيەتكە ئۇيغۇن بولغان سالاھىيىتىنى ئېنىق تونۇسا، يەنى دادا دادىلىق، ئانا ئانىلىق، ئەر ئەرلىك، ئايال ئاياللىق، بالا بالىلىق سالاھىيىتىنى ئېنىق تونۇسا ۋە شۇ ئاساستا مەجبۇرىيىتىنى تولۇق ئادا قىلسا، بۇنداق ئائىلە ئاخىرقى ھېسابتا ئۆزىنىڭلا ئەمەس، بەلكى بىر جەمئىيەتنىڭ، بىر مىللەتنىڭ شەرىپىنى يۇقىرى مەرتىۋىگە كۆتۈرىدۇ.

«زامانىۋىلىشىش»نى يېتەكچى شوئار قىلغان ھازىرقى زامان جەمئىيىتىدە، ئىنسان تەبىئىتىگە يېتەرلىك ھۆرمەت قىلىش، ئەر بىلەن ئاياللىدىن ئىبارەت ئىككى جىنس ئۆزىگە مۇناسىپ مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىشتەك قەدىمىي مۇقەددەس تەگيۈگلۈق كۆنسايىن بۇزۇلۇپ كېتىۋاتىدۇ. «ئەركىنلىك»، «باراۋەرلىك» شوئارى ئاستىدا، ئەرلىرىنى بىرياقلىق قايرىپ قويۇپ، «ئائىلە»دىن ئىبارەت ئىللىق ئۇۋىسىنى تاشلاپ قويۇپ، ئۆزىنى سىرتقا ئېتىۋاتقان ئاياللار كۆنسايىن كۆپەيمەكتە... مۇشۇنداق نامۇۋاپىق يۈزلىنىش سەۋەبىدىن بۇزۇلغان ئائىلىلەرنىڭ سانى شىددەت بىلەن ئاشماقتا، ئائىلە نىزامى جەھەتتە ئەركىنلەشكەن ئائىلىلەر ناھايىتى مۇشكۈل ئەخلاق كرىزىسىگە پاتماقتا. ئۇنتۇماسلىق كېرەككى، قان كېچىپ قۇربان بېرىپ قولغا كەلتۈرىدىغان ئەركىنلىك بار، شۇنداقلا يەنە ئالقىنىڭدا تۇرسىمۇ، ئىككىلەنمەي چۆرۈپ تاشلىۋەتسە بولىدىغان ئەركىنلىكمۇ بار! شۇڭا، «ئەركىنلىك» مەسىلىسىنى ئائىلىگە تەتبىقلىغاندا، باشقىچە ئويلىشىپ بېقىش كېرەك. مېنىڭچە، ئاشۇنداق ئەركىنلىكنى ئەمەس، «مەجبۇرىيەت»نى شوئار قىلغان ئائىلە — پالاكەتچىلىكتىن يىراق ئائىلە.

ئىككىنچى، ئانىلارنى قارىغۇيۇق ئۇلۇغلاش ھادىسىسى — ھەقىقىي ئۇلۇغ ئانىلارغا قىلىنغان ئادالەتسىزلىك، ھەتتا ھاقارەت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر ئانىلار بارلىق ئانىلارغا ئورتاق بولغان «بالا تۇغۇش، بالا ئېمىتىش، بالا چوڭ قىلىش»تەك ئومۇمىي شەرت بىلەن ئۇلۇغلانسا، ئۆز نۆۋىتىدە بۇ، باشقىلارنىڭ بەخت ـ سائادىتى ئۈچۈن كۆيۈپ ـ پىشىدىغان، ھەققانىيەت يولىدا قۇربان بېرىشكە توغرا كەلسە، ئىككىلەنمەي قۇربان بېرىشكە تەييار تۇرىدىغان پىداكار، باتۇر، غۇرۇرلۇق، مەسئۇلىيەتچان ئانىلارغا قىلىنغان ئادالەتسىزلىك بولىدۇ. ئانىلار ئارىسىدا، ئەۋلادلىرىنىڭ ئىستىقبالى ئۈستىدە كېچىلىرى كىرپىك قاقماي ئويلىنىپ، گۈزەل كېلەچەك، پارلاق ئىستىقبال ۋە غالىب ئاقىۋەتلەرنىڭ ئارزۇسىدا يىلاندەك تولغىنىپ، ئوت ـ ئاتەش بولۇپ يانىدىغان ئانىلارمۇ بار؛ تاڭ ئاتقۇچە ئەيش ـ ئىشرەت كۇلۇبلىرىدىكى كۆلچەكلەردە ئۈزۈپ، ئۆزگىلەرنىڭ كارىۋاتلىرىدا خۇدىنى

يوقاتقان ھالدا ئېغىناپ، ئەر ۋە باللىرىنى نومۇس دەرياسىغا غەرق قىلىپ، ھاقارەت ئوتىدا كۆيدۇرۇپ پۇچىلاۋاتقان ئانىلارمۇ بار؛ ھايات - ماماتلىق سىناقلارغا دۇچ كېلىۋاتقان خەلقىنىڭ غېمىنى يەپ، ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئۈچۈن بارلىق پاراستىنى ئىشقا سېلىپ ۋە بارلىق جاسارىتىنى نامايان قىلىپ ياشاۋاتقان مۇنەۋۋەر ئانىلارمۇ بار؛ يولدىن ئازغانلارنىڭ كېچىدە ئادىشىپ قالماسلىقى ئۈچۈن گۈلخان ياقىدىغان، ئۇلار ماڭماق بولغان چۆللەرگە قۇدۇق كولاپ ياشاشنى شەرەپ دەپ بىلىدىغان ئانىلارمۇ بار. ئەجدادلىرىنىڭ تارىخىي شۆھرەتلىرىدىن ئىپتىخارلىنىپ، ئۇلارنىڭ جەڭگىۋار روھىدىن كۈچ - مەدەت ئېلىپ، ئەجدادلىرىنىڭ شەنىگە نۇر بېغىشلاش كويىدا ئىزدىنىپ ياشايدىغان پەخىرلىك ئانىلارمۇ بار؛ ئۆز ئەجدادىنىڭ قاتىلىنى ئۆز قوينىدا ھۇزۇرلاندۇرۇپ ياشاشقا ئادەتلىنىپ كەتكەن لەنەتگەردى ئانىلارمۇ بار!

ئانىلارنى مۇئەييەن ئۆلچەم ۋە پرىنسىپ بويىچە ئۇلۇغلىماي، «بالا تۇغۇش، ئېمىتىش، چوڭ قىلىش»تەك شەرتنى ھازىرلىغانلىقى ئۈچۈنلا، قارىقويۇق ئۇلۇغلاش — مىللىي پسىخىكىمىزدا پەرۋاسىزلىق، مەسئۇلىيەتسىزلىك تۇيغۇسىنىڭ ئۇستۇنلۇك قازىنىپ كەتكەنلىكىنىڭ ئىپادىسى. بىلىشىمىز كېرەككى، ئىنچىكە، پۇختا ئىش كۆرۈش روھى ئاجىز، پەرق تۇيغۇسى مۇجمەل، مەسىلىلەرنى ھەقىقەت نەزىرى بىلەن كۆزىتىشكە ئادەتلەنمىگەن بىر مىللەتنىڭ قىممەت تارازىسىدا، كۆپ ھاللاردا «گۆھەر» بىلەن «تاش»نىڭ قىممىتى ئوخشاش! بىزگە ئوخشاش، يۈكسىلىشنىڭ كويىدا كېچە-كۈندۈز تىپىرلاۋاتقان بىر مىللەتكە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇلۇغلاش ئوبيېكتىنى توغرا بېكىتەلمەي، «ئۇلۇغ» دېگەن بۇ ئالىي ماركىنى كىمگە چاپلاشنى ئاڭقىرالماي قايمۇقۇپ يۈرۈش بەكمۇ بىچارىلىكتۇر.

ناۋادا، «بالا تۇغۇش، ئېمىتىش، چوڭ قىلىش»تەك شەرتنى ھازىرلىغانلىقنى ئۆلچەم قىلىپ تۇرۇپ ئانىلارنى ئۇلۇغلاشقا توغرا كەلسە، ئېسىمىزدە بولسۇنكى، جاللات شېڭ شىسەينىڭ ئانىسىمۇ بۇ ئۆلچەمگە پۈتۈنلەي چۈشىدۇ. ئايالλار تۇرمىسىدىمۇ بۇ شەرتنى ھازىرلىغان ئايالλار كۆرمىڭ! ئەمما، ئاشۇلار «ئۇلۇغ ئانا» دەپ تەرىپلەشكە ئەرزىمدۇ؟ كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، ئانىلارنى كېلىسە - كەلمەس ئۇلۇغلاش — ھەقىقىي ئۇلۇغ ئانىلارغا قىلىنغان ئوچۇق ھاقارەت.



ئۈچىنچى، ئانىلار «بالا تۇغۇش، ئېمىتىش، چوڭ قىلىش» شەرتىنى ھازىرلىغانلىقى تۈپەيلى «ئۇلۇغ »دەپ سۈپەتلەنسە، بۇ سۈپەتلەش، فىزىئولوگىيىلىك سەۋەب تۈپەيلىدىن پەرزەنت كۆرۈش بەختىگە مۇيەسسەر بولالمىغان ئاياللارنى كەمسىتكەنلىك بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. تۇغۇش — ئاياللارنىڭ تەبىئىي ئىقتىدارى، شۇنداقلا ئورتاق فىزىئولوگىيىلىك خۇسۇسىيىتى. بىر جەمئىيەتنىڭ ئانىلارنى بۇنداق بىمەنە ئۇلۇغلىشى ئالدىدا، پەرزەنت كۆرەلمەسلىك قىسمىتىگە مۇپتىلا بولغان ئاياللار نېمە دېيىشنى بىلەلمەي قالىدۇ. گۇناھسىز ئاياللارنى ئوڭايسىز ھالغا چۈشۈرۈپ قويىدىغان بۇنداق مەنتىقىسىز ئۇلۇغلاش ھادىسىسىنىڭ باشقىلارغا كەلتۈرىدىغان بېسىمىنى سەل چاغلىغىلى بولمايدۇ. ئەمەلىيەتتە نوقۇل ھالدا بالا تۇغۇپ ئانا بولۇش ئۈچۈن ھېچقانداق سەۋىيە ياكى ساپا ئالدىنقى شەرت قىلىنمايدۇ، ھەتتا بۇ ئىش بەزى گاس - گاچا ئاياللارنىڭمۇ قولىدىن كېلىدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئەقلىنىڭ، روھىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، جىسمانىي جەھەتتىن ساغلام بولسىلا، نامىدىكى «ئانا»لارنىڭ سېپىگە قوشۇلۇشنىڭ شارائىتىنى ھازىرلىغان بولىدۇ. بىراق، ئۆز پەرزەنتىنى ئىنساندەك ياشاشقا ئىگە قىلىشنىڭ شارائىتىنى ھازىرلاش باشقا بىر گەپ. بۇنداق شارائىت ھەربىر ئانىدا پاك ئەقىدە ۋە مۇئەييەن نىشان، بەلگىلىك ساپا ۋە سۈپەت، قىيىن تاللاشقا دۇچ كەلگەندە جاپا - مۇشەققەتتىن، ھەتتا ئۆلۈمدىن قورقمايدىغان روھ ھەمدە ئۆزگە بىلەن ئۆزى ئوتتۇرىسىدىكى ئىستراتېگىيىلىك مەنپەئەتنى كۆرەلەيدىغان ئۆتكۈر مەنىۋى كۆز بولغاندا، ئاندىن ھازىرلىنىدۇ. مانا شۇنداق ئانىنىڭ قۇچىقىدا چوڭ بولغان باللار بىر مىللەتنىڭ ئىجتىمائىي گەۋدىسىگە ھاياتىي كۈچ بولۇپ قېتىلىدۇ. بۇنداق شارائىتنى ھازىرلىمىغان ئانىلارنىڭ قۇچىقىدا چوڭ بولغان باللارنىڭ كۆپىنچىسى، گېزى كەلگەندە، بىر ۋاقىتلىق تاماق ئۈچۈن قىلچە ئىككىلەنمەي سېتىلىدۇ!

تۆتىنچى، ئانىلار «بالا تۇغۇش، ئېمىتىش، چوڭ قىلىش» شەرتىنى ھازىرلىغانلىقى تۈپەيلى ئۇلۇغلانسا، بۇنىڭدىن «قانچە كۆپ بالا تۇغسا، شۇنچە ئۇلۇغ ئانا، قانچە ئاز بالا تۇغسا، شۇنچە تۆۋەن دەرىجىلىك ئۇلۇغ ئانا؛ تۇغمىسا، ئۇلۇغ ئەمەس» دېگەن بىمەنە يەكۈن كېلىپ چىقىدۇ. ئويلاپ باقساق، پادىچىنىڭ قىممىتى پادا سانىنىڭ ئاز-كۆپلۈكىدە ئەمەس، بەلكى ئۆز پادىسىغا بولغان مەسئۇلىيىتىدە كۆرۈلىدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئانىنىڭ قىممىتى ئۆزىگە يۈكلەنگەن مەسئۇلىيەتنى، يەنى پەرزەنتلىرىنى زاماننىڭ تەلىپىگە، مىللەتنىڭ ئېھتىياجىغا مۇناسىپ، يارامىلىق ئەۋلادلاردىن قىلىپ تەربىيىلەپ چىقالىشىدا ئىپادىلىنىدۇ.

ئەگەر، ئانىلارنى ئۇلۇغلاشتا، «بالا تۇغۇش، ئېمىتىش، چوڭ قىلىش» شەرت قىلىنىۋېلىنسا، ھەرقانچە بىلىملىك،

ھەرقانچە پەزىلەتلىك ئايال بولسىمۇ، بۇ خىل ئۇلۇغلۇق شەرتىگە يېقىنلىشالمايدۇ. ھەممىمىزگە مەلۇمكى، ئىپارخان، يەتتە قىزلىرىم، نۇزۇگۇم، رىزۋانگۈللەر ئانا ئەمەس، بەلكى قىزلاردۇر. ئۇلار نەچچە ئەسىرلەردىن بېرى نېمە ئۈچۈن ئۇنتۇلماي ئۇلۇغلىنىدۇ؟ ئۇلار ھۆرلۈك ئۈچۈن تەۋرەنمەي كۈرەش قىلغانلىقى، ئۆزلىرىنىڭ ئىنسانىي قەدىر ـ قىممىتىنى ھەممىدىن ئالىي بىلگەنلىكى، باشقىلارنىڭ بەخت ـ سائادىتى ئۈچۈن پىداكارلىق بىلەن قۇربان بەرگەنلىكى ئۈچۈن ئۇلۇغلىنىدۇ. بىز يۇقىرىقى بىمەنە «شەرت»نى ئاشۇ ئۇنتۇلماس قەھرىمان قىزلىرىمىزغا قويۇشقا پېتىنالايمىزمۇ؟!

تەگرى ئاتا قىلغان تەبىئىي ئىقتىدار ۋە ھەممە ئاياللارغا ئورتاق بولغان فىزىئولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكنى چىقىش قىلىپلا، «ئانىلار ئۇلۇغ» دېيىش ھەقىقەتەن كۈلكىلىك. ھەرقانداق قىز بالاغەتكە يەتكەندە، فىزىئولوگىيە نۇقتىسىدىن ئانا بولۇش سالاھىيىتىنى ھازىرلىغان بولىدۇ. مۇشۇ مەنىدىن بىز ئۇلارنى «ئۇلۇغلۇق مەرتىۋىسىگە كۆتۈرۈلۈش ئالدىدا تۇرغان كىشىلەر» دەپ ئېيتساق مۇۋاپىق بولامدۇ؟

بالا تۇغقان، ئېمىتكەن، چوڭ قىلغان ئانىلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، «ئانا» دېگەن سۆزنىڭ ئۆزىلا كۇپايە؛ شۇ تۈپەيلى ئانىلارنى قارىغۇيۇق ھالدا ئۇلۇغلاش — نورماللىسىزلىق. ئەمما، ھەربىر كىشىنىڭ ئۆز ئانىسىنى قانچىلىك دەرىجىدە ياخشى كۆرۈشى، كۈتۈشى، ھەتتا «ئانام دۇنيادىكى ئەڭ ئۇلۇغ ئانا» دەپ چۈشىنىشى ئۆزىنىڭ ئەركى. بۇنداق ھېسسىياتنى چۈشىنىشكە بولىدۇ، «ئانام ئۇلۇغ» دېگەن سۆز بىلەن «ئانىلار ئۇلۇغ» دېگەن سۆزنىڭ خاراكتېر ۋە مەنە پەرقى ناھايىتى زور.

( ئاپتور: شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتىدا )

# «تەلىيلىك ئوقۇرمەن» باھالاش پائالىيىتىدىن خۇش خەۋەر ۋە ئالدىنقى ساندا ئالقىشلانغان ئەسەرلەر

ژۇرنىلىمىزنىڭ 2007ـ يىللىق 3ـ سانى ئوقۇرمەنلەر بىلەن يۈز كۆرۈشكەندىن كېيىن، مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئاپتور ۋە ئوقۇرمەنلىرىمىز ئارقا ـ ئارقىدىن ئىنكاس قايتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ تەسىرات، باھا، تەكلىپلىرىنى ئەۋەتتى. قىممەتلىك ۋاقتىنى سەرپ قىلىپ، خەت يېزىپ ئەۋەتكەن ۋە خىزمەتلىرىمىزگە كۆڭۈل بۆلگەن بۇ دوستلىرىمىزدىن مىننەتدارمىز!

3ـسان ژۇرنال ھەققىدە يېزىلغان باھا ۋە ئوبزورلارنىڭ سەۋىيىسى ئىلگىرىكىگە قارىغاندا تۆۋەنرەك بولغانلىقى ئۈچۈن، 1ـدەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكۈچى تاللانمىدى. تاللاش ـ سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق، ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى دەرىجىگە ئايرىلغۇچىلارنىڭ سانىمۇ مۇناسىپ ھالدا ئازايتىلدى. باھالاش نەتىجىسى تۆۋەندىكىچە:

**2 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكۈچىلەر:**

**مۇھەممەتئىمىن مۇسا**

چىرا ناھىيىلىك رادىئو ـ تېلېۋىزىيە ئىدارىسىدىن

**پەرھاتجان ئۆمەر**

ساۋەن ناھىيە كازىۋەن كەنتى 69236ـقىسىم 75ـ ئەترەتتىن

**3 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكۈچىلەر:**

**ئابدۇقادىر ھەسەن خەلىس**

ئۇچتۇرپان ناھىيىلىك 1ـ ئوتتۇرا مەكتەپتىن

**راخمان قۇربان** ـ مەكىت ناھىيىلىك تاشيول ئوچاستكىسىدىن

**ئوغۇز ئىمەت** خوتەن ناھىيە باغچى بازارلىق ئوتتۇرا مەكتەپتىن

**3ـ ساندا ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئەڭ ياقتۇرۇشىغا ئېرىشكەن ئەسەرلەر:**

بىزدىكى ئىسراپچىلىق(8) ............................ (ئەختەم ئۆمەر)

بۇگۈنكى ياپونىيە جەمئىيىتى، ئۆرۈمچى ۋە كۇچار

( رۇقىيە ئابدۇللا، ياسىنگۈل نىياز)

ئۇيغۇر ئاشخانىلىرىغا يوشۇرۇنغان قىممەت ۋە ھېكمەت

( ئابدۇلئەھەد ئابدۇرەشىد بەرقى)

مۇھەببەت مېھرىبانلىقتىن باشلىنىدۇ ....... ( ئانىقىز ئىزىز ئىلتەرىش)

21

(ئىزاھات: بەزى ئەسەرلەر خېلى كۆپ ئوقۇرمەنلەرنىڭ ياقتۇرۇشىغا مۇيەسسەر بولغان بولسىمۇ، ئاپتور ئۇ ئەسىرىنى باشقا مەتبۇئاتلاردىمۇ تەڭ ئېلان قىلغانلىقى ئۈچۈن، مۇنەۋۋەر ئاپتورلۇق سالاھىيىتىدىن مەھرۇم قىلىندى.)

ئاپتور ۋە ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ ھەر سان ژۇرنالنى ئىستايىدىل ئوقۇپ كۆرۈپ، ئۆزىنىڭ قاراش، باھاسىنى ياكى پىكىر ـ تەلىيلىرىنى داۋاملىق ئوتتۇرىغا قويۇشىنى؛ «تەلىيلىك ئوقۇرمەنلەرنى باھالىققا كىلىتۈرۈش ۋارىقى»نى تولدۇرۇپ، پائالىيىتىمىزگە ئاكتىپ قاتنىشىشىنى قارشى ئالىمىز.

# ھۆرمەتنىڭ قىممىتى ۋە ھېكمىتى

ھەسەنجان ئابلەت



كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدا، سورۇن ـ يىغىلىشلاردا دائىم ديگۇدەك چوڭلارنىڭ، ئالىم ـ ئۆلىمالارنىڭ ياكى باشقا بىراۋلارنىڭ ئاغزىدىن «كىشىلىك ساپا»، «كىشىلىك قەدىر ـ قىممەت ۋە ئۆزئارا ئىززەت ـ ھۆرمەت» ھەققىدە ئېيتىلغان باياناتلارنى، شۇنىڭدەك ئۇلۇغ ھەم پاسالەتلىك ھېكمەت ـ دۇردانىلەرنى ئاڭلاپ تۇرىمىز. مەتبۇئات، تارقىتىش ۋاستىلىرىمىزمۇ بۇ ھەقتە نۇرغۇن ئەھمىيەتلىك، پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە ماقالە ـ ئەسەرلەرنى ئېلان قىلىپ، مىللىتىمىز كىشىلىرىنىڭ روھىيىتى، سۆز ـ ھەرىكىتىگە مۇناسىپ ھالدا دىئاگنوز قويۇپ، خىسلەتلەرگە ئىلھام بېرىپ، ئىللەتلەرنى سۆكۈپ، ئەل ـ ئاۋامنى توغرا يولغا يېتەكلەپ كېلىۋاتىدۇ. بۇ، ھەرقانداق كىشىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىدە، ھەرقانداق بىر مىللەتنىڭ تەرەققىي قىلىپ مۇكەممەللىشىشىدە كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم ئىش. ۋەھالەنكى، شۇنچىلىك دۇردانە ھېكمەتلەر، قايىل قىلارلىق ۋە تەسىرلىك ۋەز ـ نەسىھەتلەر ئايرىم كىشىلەرگە قىلچە تەسىر كۆرسىتەلمەي كېلىۋاتىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، ھەرقانداق كىشىنىڭ ئۆزىدىن باشقا كىشىلەردىن ئاغرىنىش، نارازى بولۇش پۇرسىتى كۆپ بولۇپ كېلىۋاتىدۇ. بۇ زادى قانداق ئىش؟

كىشىلىك قەدىر ـ قىممەت ياكى ئەقەللىي «ساپا»نى شەكىللەندۈرگۈچى مۇھىم تەركىبلەرنىڭ بىرى، باشقىلارنى ھۆرمەتلەش ھېسسىياتى ياكى ئەمەلىيىتىدىن ئىبارەت. مېنىڭچە، بىز كۈندىلىك تۇرمۇشتا، كىشىلىك مۇناسىۋەتلەردە، خىزمەت، ئۆگىنىش ۋەياكى ئاللىقانداق ئىشلاردا «باشقىلارنى ھۆرمەتلەش»تىن ئىبارەت بۇ مۇھىم مەسىلىگە سەل قاراپ كەلگەن بولۇشىمىز مۇمكىن. چۈنكى، ھۆرمەتلىنىش ۋە ھۆرمەتلەش ـــ ھەربىر نورمال ئىنساندا بولۇشقا تېگىشلىك ئاڭ، مۇقەددەس ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەت، بۇ يەردە بىز تىلغا ئېلىۋاتقان «كىشىلىك ساپا»نىڭ مۇھىم بۆلىكى. «ئادەملەرنىڭ ھەممىسىدە مۇئەييەن دەرىجىدە ھۆرمەتلىنىش، قەدىرلىنىش ئىستىكى بولىدۇ. بۇنىڭدىن قەدىر ـ قىممەت تەممەسىنى چىقىرىۋەتكەندە، ھەربىر ئادەمنىڭ بۇ ئىستىكىنى ھەقلىق ۋە قانۇنىيەتكە ئۇيغۇن، دەپ قاراشقا بولىدۇ. ئىنسانلاردىكى بۇ خىل ئىنتىلىشنى ئىنكار قىلىش ئەڭ چوڭ سەممىيەتسىزلىك. چۈنكى، قەدىر ـ قىممەت ئادەملەرنىڭ بۇ دۇنيادا ئېرىشىشكە تېگىشلىك بەھرىمەنلىك ھەققىنىڭ مۇھىم سالمىقىنى ئىگىلەيدۇ... ئادەملەردىكى مۇشۇنداق نازۇك پسىخىكىلىق تۈيغۇنىڭ تۈرتكىسى بىلەن، دۇنيادىكى ئاجايىپ قەھرىمانلىق، قۇربان بېرىش، مۇكاپاتلىنىش، قەبرە قاتۇرۇش... قاتارلىقلار دەل كىشىلەرنىڭ يۇقىرىقى بەھرىمەنلىك تەلپىگە بېرىلگەن جاۋاب» («ياشاش مەنتىقىسى»دىن).

شۇڭلاشقا، بىلىمى ھەرقانچە يۇقىرى، ئىلمىي ئۇنۋانلىرى ھەممىدىن ئۈستۈن، ئەمەل ـ مەنسىپى ئاسمانغا تاقاشقان كىشى بولسىمۇ، ياكى پۇل ـ مېلى ئېشىپ ـ تېشىپ تۇرغان كىشى بولسىمۇ، ئەگەر ئۇنىڭدا باشقىلارنى ئۆزى بىلەن تەڭ ئورۇندا كۆرۈپ ھۆرمەتلەيدىغان تونۇش، توغرا، ھەققانىي، سەممىي مۇئامىلە قىلىدىغان ئىنسانىي پەزىلەت بولمايدىكەن، ئۇنداق ئىنسان ئۇلۇغ بولۇشقا مۇناسىپ ئەمەس؛ مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇ كاستۇم ـ بۇرۇلكا بىلەن ياكى كاتتا ئايۋان ـ ساراي بىلەن ۋەياكى ھېسابسىز پۇل ـ مال بىلەن نىقابلانغان ساختا ساپالىق، ئاتالمىش داڭلىق شەخستۇر. چەت ئەللەردىن كەلگەن مۇنداق بىر ھېكايە بار:

ئۇتتۇق قازانغان بىر داڭلىق سودىگەر بولۇپ، كوچىدا كىيىم ـ كېچەكلىرى جۇل ـ جۇل بولۇپ كەتكەن بىر قەلەم ساتقۇچىنى كۆرۈپ، ئىچى ئاغرىپ قاپتۇ. ھېچ ئويلانماستىنلا، يېنىدىن ئون دوللار پۇلنى چىقىرىپ، قەلەم ساتقۇچىنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپلا ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ مېڭىپتۇ. بىر قانچە قەدەم ماڭا ـ ماڭمايلا، ئۆزىنىڭ بۇ ئىشىنىڭ تازا جايىدا بولمىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، دەرھال قايتىپ كېلىپ قەلەم ساتقۇچىدىن كەچۈرۈپ سورىغان قىياپەتتە، «پۇلنى بېرىپ قەلەم ئېلىشنى ئۇنتۇپ قالغانلىقى»نى چۈشەندۈرۈپتۇ. ئايرىلىش ئالدىدا، قەلەم ساتقۇچىغا ئۇ: «كۆڭلىڭىزگە ئالماڭ، ئەپەندى. مەنمۇ سىزگە ئوخشاش سودىگەر ئەمەسمۇ؟» دەپتۇ. بىر يىلدىن كېيىن، سودا ماھىرلىرى توپلاشقان ھەشەمەتلىك سودا يەرمەنكىسىدە، يەرمەنكىگە كەلگەن سودىگەر ۋە خېرىدارلارغا ئۆزىنىڭ ماللىرىنى كۆرسىتىۋاتقان سالاپەتلىك بىر كىشى بۇ داڭلىق سودىگەرنىڭ ئالدىغا كېلىپ، خۇشاللىق بىلەن ئۆزىنى تونۇشتۇرۇشقا باشلاپتۇ: «سىز بەلكىم مېنى ئۇنتۇپ كەتتىڭىز، مەنمۇ سىزنىڭ نام ـ شەرىپىڭىزنى بىلمەيمەن، لېكىن سىز ماڭا ئۆز ئىززەت ـ ھۆرمىتىمنى ۋە ئىشەنچىمنى قايتىدىن بەرگەن كىشى. دوقمۇشتا غېرىبسىنىپ ئولتۇرۇپ، مەن سىزنىڭ ‹مەنمۇ سىزگە ئوخشاش سودىگەر ئەمەسمۇ؟› دېگەن سۆزىڭىزنى ئاڭلىغانغا قەدەر، ئۆزۈمنى بىر ‹ئادەمتىكى قەلەمپۇرۇش› ھېسابلاپ كەلگەن ئىدىم...»



ئاپېكىز سۆزلىرى: روھىي جەھەتتىكى يېتىلىش ئەدەپ ـ ئەخلاق بىلەن بىرلەشكەندە سەمىمىيەت نۇرلىرى چاقنايدۇ. (قۇربان توختى ھۆرمىتى)

دەل مۇشۇ «سودىگەر» دېگەن بىر ئېغىز ئاددىي سۆز، چۈشكۈنلىشىپ ئۆزىنى يوقاتقان بىر ئىنسانغا قايتىدىن غۇرۇر ئاتا قىلىپ، ئېغىر قىيىنچىلىق ئىچىدىن ئۆز ئىشەنچىنى تېپىشقا ياردەم قىلغان. ئىنساننىي غۇرۇر ۋە ئۆزىگە ئىشىنىش تۇيغۇسى ئويغىنىلغانلىقى ئۈچۈن، دوقمۇشتا ئولتۇرۇپ جان باقىدىغان قەلەمپۇرۇش ئۆزىنىڭ قىممىتىنى ۋە ئارتۇقچىلىقىنى قايتىدىن تونۇپ يەتكەن؛ ئىزدىنىش، جاپالىق تىرىشىش ئارقىلىق مۇۋەپپەقىيەت قازىنىپ، چوڭ سودىگەرگە ئايلانغان... ئەگەر بىر يىل بۇرۇنقى ھۆرمەت بىلەن ئېيتىلغان شۇ بىر ئېغىز سەممىي ئىلھام بولمىغان بولسا، نەچچە مىڭ تىللا پۇل بەرگەن بولسىمۇ، ئۇ ئۆزىنى نامرات قەلەندەر دەپ تونۇپ يۈرگەن ئادەم قانداقمۇ بۈگۈنكىدەك غايەت زور ئۆزگىرىشنىڭ شاھىدى بولالىسۇن؟ مانا بۇ ھۆرمەتنىڭ كۈچى!

مەلۇمكى، ھۆرمەت ـــ بىر خىل كىشىلىك ساپا، بىر خىل ئىنسانىي ئېسىل خىسلەت. باشقىلار ئالدىدا ئۆزىنى چوڭ تۇتماي، باشقىلارنى پەس كۆرمەي مۇئامىلە قىلىدىغان ئىنسانىي باراۋەرلىك، شۇنداقلا باشقىلارنىڭ كىشىلىك قەدىر- قىممىتىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈش. بۇ ھەقتە پىر ـ كامىللارنىڭ ھېكمەتلىرىنى نەقىل قىلىش مۇمكىن. گېيوتى مۇنداق دەيدۇ: « ئۆزۈڭنى ئۆز قابىلىيىتىڭدىن ئۈستۈن قويۇشۇڭمۇ، ئۆزۈڭنى كەمسىتىشىڭمۇ توغرا ئەمەس»؛ ب گراسىئەن مۇنداق دەيدۇ: « ئۆزۈڭنى ھۆرمەت قىلىشنى ئارزۇ قىلساڭ، ئۆزگىنى ھۆرمەت قىل»؛ ئارستوتېل شۇنداق دەيدۇ: « ئىززەت تىلىسەڭ، ئىپپەتلىك بول؛ ئۇلۇغلۇق تىلىسەڭ، مۇلايىم بول؛ زېمىن تىلىسەڭ، ئادالەت يولىنى تۇت؛ قەدىر تىلىسەڭ، راستچىل بول؛ نىجادلىق تىلىسەڭ، سەۋرلىك بول؛ ئىلىم ئۆگەنمەك بولساڭ، تىرىش ۋە تىرماش». بۇ يەردىكى «باشقىلار» ئۆزىمىزدىن باشقا كىشىلەر ـــ قېرىنداشلار، تونۇش، ناتونۇشلار، كەسىپداش ياكى باشقا كەسىپتىكىلەر، ھەتتا باشقا مىللەت كىشىلىرى، باشقا ئەل كىشىلىرى قاتارلىق كۆپ تەرەپلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئەلۋەتتە. مۇشۇلارنىڭ ھەممىسىدە، باشقىلارنىڭ ئىززەت نەپسىنى ساقلىشىغا ھۆرمەت قىلىش، ئۆرپ- ئادىتى، تىلى، ئېتىقادى ۋە ياكى باشقا تاللاشلىرىغا ھۆرمەت قىلىش... قاتارلىقلار دەل مۇشۇ ھۆرمەتنىڭ مەزمۇنلىرىدۇر.

ئادەتتە، دۇنيادا كامالەتكە يەتكەن- نۇقسانسىز ھېچقانداق بىر كىشى بولمايدۇ. نورمال تۇرمۇشتا، بىزنىڭ باشقىلارغا ئۇلۇغ زاتلاردەك نەزەر بىلەن مۇئامىلە قىلىشقا ھېچقانداق ئاساسىمىز ۋە باھانىمىز يوق، شۇنداقلا باشقىلارنى مازاق قىلىش، پەس كۆرۈش سالاھىيىتىمىزمۇ يوق. چۈنكى، ھەرقانداق ئادەم ياراتقۇچى ئالدىدا ئاددىي بەندە، قانۇن ئالدىدا باراۋەر پۇقرا. شۇنداق ئىكەن، ئەتراپىڭىزدىكى كىشىلەرنىڭ بەزى تەرەپلىرى سىزگە يەتمىسە، سىز ھاكاۋۇرلۇق ۋە ھۆرمەتسىزلىك بىلەن باشقىلارنىڭ غۇرۇرىنى دەپسەندە قىلماڭ؛ باشقىلارنىڭ بەزى تەرەپلىرى سىزدىن ئۈستۈن بولسا، سىز ئۆزىڭىزنى تۆۋەن چاغلاپ، ھەسەتخورلۇق قىلىپ ھۆرمەتنى ئۇنتۇپ قالماڭ.

«ھەقىقىي ھۆرمەت»نى بىلىدىغان بىر كىشىدە، باراۋەر بولغان پوزىتسىيە، نورمال پسىخىكىلىق كەيپىيات، تۇراقلىق روھىي ھالەت بولىدۇ. ئەتراپىدىكى بارلىق كىشىلەرگە يەنى كەسپىتىكى كۈچلۈكلەر ۋە ئاجىزلارغا، باي ياكى نامراتلارغا، بەختلىك ۋە بەختسىزلىككە، ئەر ياكى ئاياللارغا توغرا، ئەقەللىي مۇئامىلە قىلىدۇ.

بىز تەكىتلىۋاتقان «ھۆرمەت» ھەرگىزمۇ قارىغۇلارچە چوقۇنۇش ياكى ماختاپ ئۇچۇرۇشمۇ ئەمەس، شۇنداقلا ھېچقانداق پرىنسىپى يوق ھەددىدىن زىيادە كەمتەرلىكمۇ ئەمەس. يەنە بىر جەھەتتىن ئالغاندا، باشقىلارنى ھۆرمەت قىلىشنىڭ مۇھىملىقىنى بىلىۋالغانلىق، ھەرگىزمۇ باشقىلارنى قانداق ھۆرمەت قىلىشنى ئۆگىنىۋالغانلىقىغا تەڭ ئەمەس. باشقىلارنى ھۆرمەت قىلىش كەڭ دائىرىدىكى ئىلىم بولۇپ، باشقىلارنى ھۆرمەتلەشنى ئۆگىنىۋالغاندىلا، ئاندىن ئۆزىنى ھۆرمەت قىلىشنى ئۆگىنىۋالغىلى بولىدۇ. بۇ ئىلىمنىڭ كىشىلىك ھاياتتىكى ئەھمىيىتى ناھايىتى چوڭ بولىدۇ.

مېنىڭ بىر تولۇق كۇرسنى پۈتتۈرگەن ساۋاقدىشىم بىر نازىر دەرىجىلىك كادىرنىڭ ئىشخانىسىدا كاتىپ بولۇپ ئىشلىگەن. ئۇنىڭ دېيىشىچە، بۇ كادىرنىڭ نۇرغۇن ئېسىل پەزىلەتلىرى دوستۇمنى قايىل قىپتۇ. راستچىللىقى، ھەققانىيەت تۇيغۇسى، خىزمەتتىكى ئەستايىدىللىقى، تۇرمۇشتىكى ئاددىي ـ ساددىلىقى، كەڭ قورساقلىقى قاتارلىق پەزىلەتلىرى ئىچىدە، باشقىلارنى ھۆرمەت قىلىدىغان بۇ ئېسىل ساپاسى دوستۇمنىڭ كىشىلىك تۇرمۇش قارىشىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىپتۇ. دوستۇم شۇ ئىدارىدا ئىشلىگەندىن بېرى، ھەر قانداق كىشىنى «سىز» دەپ ئاتاپ، ئوچۇق چىراي مۇئامىلە قىلىدىغان بۇ باشلىقنىڭ ئاغزىدىن «سەن» دېگەن بىر ئېغىز گەپنىمۇ ئاڭلىماپتۇ. روھىي جەھەتتىكى بۇنداق ئۇزۇق دوستۇمنى ئۆزكەسپىگە بولغان ئىشتىياقىنى ئاشۇرۇپ، بىر خىل ياخشى كەيپىيات ئىچىدە كۆڭۈل ئازادىلىكى بىلەن خىزمەت قىلىشقا نائىل قىپتۇ...

بىزنىڭ نۇرغۇن زىيالىيلىرىمىز بار، چوڭ ـ كىچىك ئورۇنلاردا مەنسەپ تۇتقان مەنسەپدارلىرىمىز بار، تۈرلۈك يول، ۋاستىلەر بىلەن پۇل تاپقان بايۋەچچىلىرىمىز بار. ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىدىن كىشىنىڭ دىلى سۇ ئىچىپ، كۆڭلى سۆيۈنىدۇ. ئەمما، بەزىلىرى ئۇنداق ئەمەس: كاستۇم ـ بۇرۇلكىنى قاتۇرۇپ كېيىپ، گالستۇكنى تاقاپ، ئايىغىنى پارقىرىتىپ يۈرىدۇ ۋە دەماللىققا شۇنداق سالاپەتلىك، « ساپالىق» كۆرۈنىدۇ، لېكىن باشقىلارغا سۆز قىلغاندا، دەستۇر ـ كالاملاردىن نەقىل كەلتۈرىدۇ، ئۆزىنى چوڭ تۇتۇپ، كۆرەڭلەپ ئەتراپىدىكىلەرگە كىبىر كۆرسىتىدۇ، ھەتتا ئۆزىنىڭ دادىسىدەك، ئانىسىدەك ئادەملەرنىمۇ سەنلەپ كېتىدۇ. بەزىلىرى ئېلىم ـ بېرىمدە لەۋزىدە تۇرمايدۇ، ئەقەللىي ۋاقىت قارىشى يېتىلدۈرمەيدۇ، نورمال ئىشلارغا ساختىلىق ئىشلىتىشنى قولدىن بەرمەيدۇ؛ كىچىكلەرنى ئىززەتلەش، چوڭلارنى ھۆرمەتلەشنى ئارتۇقچە ئىش ھېسابلايدۇ. سەممىي بولۇش، ھەققانىي بولۇش، مېھرىبان بولۇشنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويىدۇ... ئومۇمەن ئۆزىنى كۆرسىتىشنى، ئۆزىنى مەركەز قىلىشنى ئويلىشىپ، باشقىلارنى ھۆرمەت قىلىشنى بىلمەيدۇ. ئاساسىي قاتلاملاردىكى بىرقىسىم باشقۇرغۇچىلار، ئىش بېجىرگۈچىلەرچۇ؟ قىزىقچىلار ئويلاپ تاپقان «ھوشۇقتىن دېلىڭ دېلىڭ يامان، ساقچىدىن مىنبىلىڭ» دېگەن گەپ بىكار ئېيتىلمىسا كېرەك. بىر كۈنى مەلۇم بىر ئىش بىلەن X بانكىسىنىڭ مەركىزىي شەھەردىكى بىر تارماق بانكىسىغا كىرىپ قالدىم. ئادەتتىكىچە كىيىنگەن، روھىي ھالىتى تۆۋەن بىر كىشى بانكىنىڭ مۇلازىمەت ئۈستىلىدە ئولتۇرۇپ خىزمەت قىلىۋاتقان بىر ئامانلىق ساقلىغۇچى( باۋ ئەن) دىن تۆۋەنچىلىك بىلەن بىر نەرسىلەرنى سورىماقتا ئىدى، ھېلىقى «باۋ ئەن» شۇنداق



تەپەككۇر ھېكمىتى: تىرىككۈز قىلغانلىق ئەقلىنى ئىشلەتكەنلىك، ئەقلىنى ئىشلەتكەنلىك بولغاننى قەدىرلەپ، ئەتىگە يول ئاچقانلىق. (قۇربان توختى ھۆرمىتى)

كۆرەڭ تۇرۇقتا ھېلىقى بىچارە كىشىنى سەنلەپ، سىلكىشلەپ بىر نېمىلەرنى چۈشەندۈرمەكتە ئىدى. « ھەي، ساپا دېگەن نۆلكەنغۇ بۇ باۋ ئەندە !»دەپ كەتتىم. قېتىرقىنىپ زامانغا لايىق ھۈنەر، بىلىم ئىگىلەش، مىللىي ئەنئەنە، مىللىي مەدەنىيەت، مىللىي ئەخلاقتا ۋارىسلىق قىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەقەللىيسى، باشقىلارنىڭ نورمال ئىنسانىي ئىززەت - ھۆرمىتىنى، قەدىر - قىممىتىنى قىلماي تۇرۇپ، قاچانمۇ ساپالىق بولارمىز؟ كېيىنىشتە ئۆزىدىن تۆۋەنرەك تۇرىدىغان، بىرەر ئىشتا ئالدىغا ھاجىتىمەن بولۇپ بارغانلا ئادەمنى سەنلەپ كېتىشلەر...ھەي ي، بۇنداق «ساپا» تونىغا ئورۇنىۋالغان ماڭقۇرتلارنىڭ ھالىغا ۋاي! بۇنداق ئىشلارنى ھەممىلا جايدا - ماگىزىنلاردا، ئورگانلاردا، قاتناش يوللىرىدا، كەسپىي ئورۇنلاردا ۋە ياكى باشقا جايلاردا ئۇچرىتىشىمىز مۇمكىن. شۇنداق ئەمەسمۇ؟

جەمئىيەت دېگەن مۇرەككەپ قۇرۇلما، ئۇنىڭدا ھەممە تەركىب: باي- كەمبەغەل، ئەمەلدار - پۇقرا، باشقۇرغۇچى - باشقۇرۇلغۇچى، ئىشلەتكۈچى - ئىشلىگۈچى، ئۆگەتكۈچى - ئۆگەنگۈچى، ساتقۇچى- ئالغۇچى، ھاجىتىمەن... تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. بۇ، پەقەت جەمئىيەتنىڭ ئېھتىياجى، تۇرمۇشنىڭ نورمال ئېكولوگىيىسى بولۇپ، ھەرگىزمۇ ئادەملەردىكى يۇقىرى - تۆۋەنلىكنى، ئېزىز - خارلىقنى ئايرىيدىغان ئامىل ئەمەس. شۇنىڭدەك، بۇ، مۇئەييەن ۋاقىت، مۇئەييەن شارائىتتىلا شۇنداق بولىدۇ، يەنە باشقا سەۋەب - نەتىجىلەر نەتىجىسىدە، ئۇ خىل ھالەتتە تۈپتىن ئۆزگىرىش يۈز بېرىش ئېھتىماللىقى مەڭگۈلۈك بولىدۇ. بۇنى ئۇنتۇپ قالساق ھەرگىز بولمايدۇ.

زىياپەتچىلىككە تولغان جەمئىيىتىمىزدە، دائىم دېگۈدەك توي- تۆكۈن ياكى باشقا ئىشلار سەۋەبلىك سورۇنلارغا يىغىلىپ قالىمىز. بۇ خىل سورۇندا تونۇش - ناتونۇش كىشىلەر بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ قالىمىز. تاماقلار تارتىلىپ بولغاندىن كېيىن، سورۇنغا مايمۇنغا ئايلاندۇرۇش دورىسى — مەي - شاراب شەلپەرلىك پەتنۇسلارغا ئولتۇرۇپ، ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. بەزىلەر ئىچىدۇ، بەزىلەر ئىچمەيدۇ. ساقى بولغان بىرى سوئال - سوراقنى باشلايدۇ. «ئىچمەيمەن» دېسىڭىز، باشتا ساختا ھۆرمەت بىلەن تەكەللۇپ قىلىدۇ، يەنە چىڭ تۇرسىڭىز قىيداش باسقۇچىغا ئۆتىدۇ... خۇددى سىز ھارىقنى ئىچمىسىڭىز، شۇ زامات بىر نېمىسى ئۆلۈپ قالىدىغاندەك! ئەتراپتىن سالاچىلار قوپىدۇ، يەنە چىڭ تۇرسىڭىز، گويا سىز كەچۈرگۈسىز گۇناھ ئۆتكۈزۈپ قويغاندەك، تۈرلۈك شەكىلدىكى سېسىق گەپ، تەنىلەر پارتلاپ كېتىدۇ! ئىچمەيدىغان ئىرادىسى بوشراقلار نومۇس كۈچىدىن چىدىماي ئىچىپ كېتىمىز. شۇنىڭ بىلەن، «مەستلىك — پەسلىك، نەسلىك » دېگەندەك، بىرمۇنچە ئىناقسىزلىق، ئاۋارىچىلىق، بەختسىزلىككە يول ئېچىلىدۇ.

تېخى بەزىلەر: «ھاراق ئىچمىسەڭ، ئىستىقبالىڭ بولمايدۇ، كىشىلەر قاتارغا ئالمايدۇ، ئوغۇل بالىغا 72 خىل ھۈنەر ئازلىق قىلىدۇ يەي...» دېگەندەك «ھەقىقەت»لەرنى سۆزلىشىپ ئەزۋەيلىشىپ كېتىدۇ. مۇشۇنداق سورۇندا ھاراق زورلايدىغانلار يا ئاز - تولا ھوقۇقى بار مەنسەپدارلار، يا ئالىي مەلۇماتلىق زىيالىيلىرىمىز، ۋەياكى ئاتالمىش يۈز- ئابرۇيلۇق كىشىلىرىمىزدۇر... ئاشۇنداق بىرقىسىم كىشىلەر ئۆزىنىڭ «يۈزى»نى پەش قىلىپ، باشقىلارنى ئىرادىسىگە خىلاپ بولغان گەپنى، ئىشنى قىلىشقا مەجبۇر قىلىدۇ. لېكىن، يەنە شۇنداق ئېسىل ساپالىق كىشىلەرمۇ بار: كىشىنىڭ تاللىشىغا ھۆرمەت قىلىدۇ، ھەق - ناھەق مەسىلىلەردە دادىل ئارىغا چۈشۈپ، بولمىغۇر ئىشلارنىڭ يۈز بېرىشىگە يول قويمايدۇ. مانا بۇ نۆۋەتتىكى «ساپالىق» بولۇشنىڭ بىر تۈرلۈك ئىپادىسى.

ئېنىقكى، سىز بىرسىنى قانچىلىك ھۆرمەت قىلسىڭىز، قارشى تەرەپمۇ سىزگە شۇنچىلىك قايىل بولۇپ، سىزنى ھۆرمەت قىلىدۇ، كىشىلىك مۇناسىۋەتلەر راۋان، تۇرمۇشىمىز گۈزەل، جەمئىيەت ئىناق بولىدۇ. بۇنى بىز تاغدىكى ئەكس ساداغا ئوخشاتساق بولىدۇ. مىسال: سىز تاغقا قاراپ، قانچىلىك ئاۋازدا، قانداق سۆزنى قىلسىڭىز، قايتىپ كېلىپ قۇلىقىڭىزغا ئاڭلىنىدىغان سادامۇ شۇ بولىدۇ!

مۇنداقچە ئېيتساق، ھوقۇقى تۆۋەنلەرنىڭ شۇنداقلا پۇقرالارنىڭ ئەمەلدارلارغا، كەمبەغەللەرنىڭ بايلارغا، ھاجىتىمەنلەرنىڭ ھاجىتى چۈشكۈچىگە... خۇشامەت قىلىش ۋەزىپىسىمۇ يوق، شۇنداقلا ئەمەلدارلارنىڭ، بايلارنىڭ ئاددىي كىشىلەرگە، ئەل - ئاۋامغا ھۆرمەت قىلماسلىقىنىڭ ئاساسىمۇ يوق. تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۆز-ئارا ئىززەت- ھۆرمەت قىلىش يۇقىرى - تۆۋەن مۇناسىۋەتنى ياخشىلاشنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك دورىسى. كىشىلىك تۇرمۇشتا، كىشىلىك مۇناسىۋەتلەردە بىر- بىرىمىزنى ھەقىقىي ھۆرمەت قىلىش ھەرگىزمۇ بىر تەرەپنىڭ يەنە تەرەپتىن قورققانلىقىنىڭ ئىپادىسى ئەمەس، بەلكى ئەنئەنىۋى گۈزەل ئەخلاقتا ئىگە بولغان ساپالىق كىشى ئىكەنلىكىنىڭ بەلگىسى، خالاس.

( ئاپتور: مىللەتلەر ئىتتىپاقى ژۇرناللىرى
نەشرىياتى شىنجاڭ شۆبىسىدە )

## دوستلارغا تەكلىپ

خانى رۇبىن (ئامېرىكا)

ئىدىيىڭىزگە دىققەت قىلىڭ،
ئۇ سىزنىڭ سۆزىڭىزگە ئايلىنىپ قالىدۇ؛
سۆزىڭىزگە دىققەت قىلىڭ،
ئۇ سىزنىڭ ھەرىكىتىڭىزگە ئايلىنىپ قالىدۇ؛
ھەرىكىتىڭىزگە دىققەت قىلىڭ،
ئۇ سىزنىڭ ئادىتىڭىزگە ئايلىنىپ قالىدۇ؛
ئادىتىڭىزگە دىققەت قىلىڭ،
ئۇ سىزنىڭ خاراكتېرىڭىزگە ئايلىنىپ قالىدۇ؛
خاراكتېرىڭىزگە دىققەت قىلىڭ،
ئۇ سىزنىڭ تەقدىرىڭىزنى بەلگىلەيدۇ.

(ئىدرىس بارات تەييارلىغان)



تەپەككۇر بېزىلىرى: ئەدەپ - ئەخلاق بىباھا ئالتۇندۇر، ئۇنىڭغا ھېچنېمىنى سېلىشتۇرۇش مۇمكىن ئەمەس. (قۇربان توختى ھۆرمىتى)

# دوكتورنىڭ دۇنياسى

— دوكتور ئەسئەت سۇلايمان بىلەن سۆھبەت



بىلانلىغۇچى: خېمىت نىيمەت

سۆھبەتلەشكۈچى: غالىب مۇھەممەت قارلۇق

قۇمۇل تاغلىرى تۆمۈر خەلىپە، خوجانىياز ھاجى قاتارلىق شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدىكى ئىنقىلاب بورانقۇشلىرى يېتىلىپ چىققان جاي. مەرھۇم ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ ئەنە شۇ ئىنقىلاب پېشۋالىرىنىڭ شەجەرىسىگە بېغىشلانغان «ئىز»، «ئويغانغان زېمىن» قاتارلىق مۆتىۋەر رومانلىرى ئارقىلىق خەلقىمىز قۇمۇل تاغلىرى ھەققىدە تېخىمۇ چوڭقۇر، تەسىرلىك چۈشەنچىلەرگە ئىگە بولدى. 20 - ئەسىرنىڭ 60 - يىللىرى ئەجدادلىرىمىزنىڭ جاسارەتلىك، مەردانە قانلىرى تۆكۈلگەن ئاشۇ زېمىندىن بىر ۋۇجۇد كۆكلەپ چىقتى. ئۇ «جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى قۇرۇلغاندىن بۇيان قوبۇل قىلىنغان تۇنجى ئۇيغۇر دوكتور ئاسپىرانتى»، «ئۈرۈمچى رايونى بويىچە ئون كۆزگە كۆرۈنگەن ياش»نىڭ بىرى، ئاپتونوم رايون بويىچە «مۇنەۋۋەر پوستدوكتور» بولغان، پروفېسسور، ياش ئالىم ئەسئەت سۇلايماندۇر. ئەسئەت سۇلايمان 1969 - يىل 4 - ئاينىڭ 1 - كۈنى قۇمۇلنىڭ ئون ئىككى تاغلىرىنىڭ بىرى بولغان قوراي يېزىسىنىڭ قىزىليار كەنتىدە تۇغۇلغان. باشلانغۇچ ۋە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، 1984 - يىلى قۇمۇل شەھەرلىك راھەتباغ ئوتتۇرا مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇغان. 1986 - يىلدىن 1991 - يىلىغىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان. 1991 - يىلدىن 1994 - يىلىغىچە يەنە شۇ فاكۇلتېتتا ئۇيغۇر فولكلور مەدەنىيىتى بويىچە ماگىستىر ئاسپىرانتلىقتا ئوقۇغان. ئۈچ يىللىق ئاسپىرانتلىق ئوقۇشى جەريانىدا ئۇ ھەرقايسى تىللاردا، جۈملىدىن خەنزۇ، ئىنگلىز، تۈرك، ئۆزبېك، قازاق ۋە قىرغىز تىللىرىدا نەشر قىلىنغان، تۈركىي تىلدا سۆزلەشكۈچى خەلقلەرنىڭ ئەدەبىيات ۋە مەدەنىيىتىگە دائىر كىتابلارنى ئوقۇپ، مول ماتېرىياللارنى جۇغلاپ، كېيىنكى تەتقىقاتلىرى ئۈچۈن پۇختا ئاساس سالغان. 1996 - يىلى جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئاسپىرانتورىيەسىگە قوبۇل قىلىنىپ، دوكتورلۇق ئىلمىي ئۇنۋانى ئۈچۈن ئوقۇغان. ئۇ بۇ جەرياندا بىر تەرەپتىن، ئوقۇشىنى داۋاملاشتۇرسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇيغۇر مەدەنىيەت پىسخىكىسى ۋە ئۇنىڭ مۇرەككەپ قاتلاملىرى ئۈستىدە تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بېرىپ، بۇ ھەقتىكى ئىزدىنىش نەتىجىلىرىنى 1996 - يىلدىن باشلاپ ھەرقايسى مەتبۇئاتلاردا ئارقا - ئارقىدىن ئېلان قىلدى. 1999 - يىلى دوكتورلۇق ئوقۇشىنى تاماملاپ، ئەدەبىيات پەنلىرى بويىچە دوكتورلۇق ئىلمىي ئۇنۋانىغا ئېرىشتى. 2003 -، 2004 - يىللىرى شۋېتسىيىنىڭ ستوكھولم ئۇنىۋېرسىتېتىدا بىر يىل ئوقۇتۇش ۋە تەتقىقات بىلەن شۇغۇللاندى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان يەنە ياپونىيە، شۋېتسىيە، ئەنگلىيە، گېرمانىيە، قازاقىستان قاتارلىق دۆلەتلەردە خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىغا قاتناشتى ھەمدە ئىلمىي لېكسىيىلەردە بولدى.

ئۇنىڭ ھازىرغىچە «تەكلىماكانغا دۈملەنگەن روھ»، «ئۇيغۇر تۇتېم مەدەنىيىتى»، «تارىم قوۋۇقى چېكىلگەندە»، «ئەلشىر نەۋائىي»، «خەمسەچىلىك ۋە ئۇيغۇر ئەدەبىياتى» (خەنزۇچە) قاتارلىق ئىلمىي ئەسەرلىرى نەشر قىلىنغان.





شەيتان لۇغەت: كۆچ — ھارارەتتىن يېرىدا بولغان بىر دەملىك قاراملىق.

مەملىكەت ئىچى ۋە چەت ئەللەردىكى ئىلمىي ژۇرناللاردا ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ۋە مەدەنىيىتىگە دائىر 40 پارچىدىن ئارتۇق ئىلمىي ماقالىسى ئېلان قىلىنغان. 2000 ـ يىلدىن بۇيان مەملىكەت، ئاپتونوم رايون ۋە مائارىپ مىنىستىرلىقىنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل ـ ئەدەبىياتى بويىچە بىرقانچە تەتقىقات تۈرىگە يېتەكچىلىك قىلغان.

تەلىيىمىزگە ئىلىم ئاسمىنىمىزدىكى ساناقلىقلا يۇلتۇزلارنىڭ بىرى بولغان، ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەدئىمىندىن كېيىنكى يەنە بىر ئورۇنباسار ئىستىبداتلىق ئالىم دەپ تەرىپلىنىپ كېلىۋاتقان بۇ مۆھتەرەم ئىلىم ساھىبىنىڭ «ئۆزلۈك ۋە كىملىك» («ياۋروپا قىرغاقلىرىدىن مەركىزىي ئاسىيا چوڭقۇرلۇقلىرىغا قاراپ») ناملىق كىتابى يېقىندا نەشردىن چىقىپ، مەنىۋىيىتىمىزگە سۇنۇلغان كاتتا سوۋغا بولۇپ قالدى. كىتابنى ئوقۇش جەريانىدا شۇنى ھېس قىلدىمكى، بۇ كىتاب «كىتاب ئىلاۋىسى»دە ئېيتىلغاندەك: «ئىلمىي تەكشۈرۈش بىلەن ساياھەت ئەدەبىياتىنىڭ بىرلەشتۈرۈلۈشىدىن پۈتكەن ئەسەر» («ئۆزلۈك ۋە كىملىك»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2006 ـ يىل 7 ـ ئاي، 1 ـ نەشرى) بولۇپ، تولىمۇ ئاممىباپلىققا ئىگە. بىز ئەنە شۇ ئاممىباپلىق ئىچىدە قويۇق بولغان ئىلمىي ھاۋانى سېزىمىز. «كىتاب» ئۆزىنىڭ ئىچكى ـ تاشقى مۇقاۋا، بەت لايىھىلىنىشى، پايدىلىنىش، ساقلاش قىممىتىگە ئىگە رەڭلىك، رەڭسىز سۈرەت ـ رەسىملىرىدىن تارتىپ خەنزۇچە ـ ئىنگلىزچە ئىلاۋە ۋە ئۇيغۇرچە ـ ئىنگلىزچە مۇندەرىجە؛ ئوبرازلىق، ئىلمىي، ئەمما ئاممىباب تىل بىلەن بايان قىلىنغان تەپسىلاتلىرىغىچە ناھايىتى جەلپكارلىققا ئىگە بولۇپ، ئوقۇرمەنلەرنى مەركىزىي ئاسىيادىن ياۋروپا قىرغاقلىرىغا، ياۋروپا قىرغاقلىرىدىن مەركىزىي ئاسىيا چوڭقۇرلۇقلىرىغا ئۆكۈنۈش ۋە ھەسرەت، سېغىنىش ۋە ئارمان، تېۋىنىش ۋە يارىتىشنىڭ ستىرېئولۇق خىياللىرى قاينىمىغا باشلاپ كىرىدۇ. «كىتاب»نى ئۆزىدىكى بىر قىسىم ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن «قامۇس» دەپ سۈپەتلىسەكمۇ ئارتۇقلۇق قىلماس. «كىتاب» ھەقىقەتەن ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق ئۆزلۈكنى قانداق ساقلاش (ئاپتورنىڭ ئۆزلۈكىدىن مىللەتنىڭ ئۆزلۈكىگىچە) ۋە كىملىك تەشۋىشى (ماھىيەتتە بىر پۈتۈن مىللىي كىملىكىمىز) خۇسۇسىدىكى ئىلمىي مۇتالىئە ئىدى. مەن «كىتاب»نى ئوقۇش جەريانىدا بىر ئالىمدا بولۇشقا تېگىشلىك پەزىلەت ۋە روھ، يەنى ئىلىمخۇمارلىق، كىتابخۇمارلىق، يىلتىزى ـــ خەلقنى ئۇنتۇماسلىق، ۋەتەنپەرۋەرلىك، كۆپ تىللىق بولۇش، ئانا تىلغا مەسئۇلىيەت ۋە ئەقىدە باغلاش، مىللىي مائارىپ ئوتىدا كۆيۈش، ئۆزى يولۇقتۇرغانلىكى ھەربىر نەرسىگە كۆڭۈل بۆلۈشتىن ئىبارەت زامانىمىز ياشلىرىغا ئۈلگە بولغۇدەك روھ ـ خىسلەتلەرنى كۆرگەندەك بولدۇم. مەن «كىتاب»نىڭ ئۆزۈمگە تەسىر قىلغان ئەنە شۇ «زىلزىلىلىرى» بىلەن بۇ ھەقتىكى چۈشەنچەمنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ۋە ئوقۇرمەنلەرنىڭ تەشنالىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئەسئەت سۇلايمان ئاكا بىلەن ھەمسۆھبەتتە بولدۇم. تۆۋەندىكىسى سۆھبىتىمىزنىڭ نەق مەيدان خاتىرىسى.

**سوئال:** ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ئەسئەت ئاكا، سىز بىلەن ھەمسۆھبەت بولۇش پۇرسىتىگە ئېرىشكەنلىكىمدىن ئىنتايىن خۇشالمەن. يېقىندا «ئۆزلۈك ۋە كىملىك» ناملىق كىتابىڭىز نەشردىن چىقىپ، كىتابخانلارنى ئۆزلۈك ۋە كىملىك ھەققىدە يېڭى بىر ئويلىنىشقا سالدى. كىتابىڭىزنىڭ زىلزىلىسى جەمئىيەتتە خېلىلا زور بولۇۋاتىدۇ. مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن سىزدىن سوراپ باقسام، نېمە مەقسەت بىلەن ئۇشبۇ كىتابىڭىزنى يېزىپ چىقتىڭىز؟

**ئەسئەت سۇلايمان:** كىتابنىڭ يېزىلىشى ھەققىدە ئازراق گەپ قىلىپ بەرسەم، 2003 ـ، 2004 ـ يىللىرى شۋېتسىيە ستوكھولم ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇتۇش ۋە تەتقىقات بىلەن شۇغۇللاندىم. بۇ جەرياندا پۇرسەت چىقىپ ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇقىدىكى ھەرقايسى تەتقىقات ئورۇنلىرى، ئۇنىۋېرسىتېتلار، كۇتۇپخانا، مۇزېيلاردا ساقلىنىۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى، مەدەنىيىتى، قوليازمىلىرى، ئۆرپ ـ ئادەت، فولكلورى ھەمدە كۆپ ساھەلەرگە چېتىلىدىغان ماتېرىياللارنى بايقىدىم، بۇ ساھەدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىۋاتقان بەزى ئالىملار بىلەن ئۇچرىشىپ پاراڭلاشتىم. قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ياۋروپادىكى خاتىرىلىرىم ئاساسىدا بىرەر كىتاب يېزىشنى ئويلىغان بولساممۇ، لېكىن ئۇزاققىچە يازالمىدىم. تەسىراتلىرىممۇ ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ سۇسلاپ بېرىۋاتقاندەك ھېس قىلماقتا ئىدىم. دوستلىرىم كۆپ قېتىم مېنىڭ ياۋروپادىكى تەسىراتلىرىم ھەققىدە كىتاب يېزىشىمنىڭ زۆرۈرلۈكىنى سەممىگە سېلىپ تۇرۇشتى. بىر قىسىم ئوقۇرمەنلىرىممۇ ماڭا يازغان خەتلىرىدە يېقىنقى يىللاردىن بۇيان جىمىپ كەتكەنلىكىمنى تىلغا ئېلىپ، «نېمە ئۈچۈن كۆرگەن ۋە بىلگەنلىرىڭىزنى يازمايسىز» دەپ سوراشتى. راستىنى ئېيتسام، بىزدە يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ياپونىيە، روسىيە، ئوتتۇرا ئاسىيا، ئامېرىكا ۋە ياۋروپا ئەللىرى ھەققىدە كۆپلىگەن ساياھەت خاتىرىلىرىنىڭ يېزىلغانلىقىنى كۆرۈپ قەلەم تەۋرىتىش ئويۇمدىن



شەيتان لۇغەت: كېسەل ـــ ئاغرىقى تۈتقاندا دوختۇرغا ئىشىنىدىغان ئادەم.

يالتىيىپمۇ قالدىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە چەت ئەللەردىكى كۆرگەن ـ بىلگەنلىرىمنى پەش قىلىپ، ياۋروپانىڭ كۆزنى قاماشتۇرىدىغان يالتىراقلىرى بىلەن باشقىلارنى مەھلىيا قىلىدىغان تاشقى پوستىنى كۆپتۈرۈپ يېزىپ، ياش ئوقۇرمەنلەرنىڭ «ياۋروپا چۈشى»نى تېخىمۇ ئۇلغايتىۋېتىشنى خالىمىدىم. بىر يىلغا يېقىن ۋاقتىم دىلغۇللۇق ئىچىدە ئۆتۈپ كەتتى. ئاخىرىدا ئۆزۈمگە هاي بېرىپ، ياۋروپادا كۆرگەن ـ بىلگەنلىرىمدە ئوقۇرمەنلىرىمنىڭمۇ ھەققى بارلىقىنى، ئۇنى ئۆزۈمنىڭ دۇنياسىدا يوشۇرۇپ قېلىشىمنىڭ بېخىللىق بولىدىغانلىقىنى، تەسىراتلىرىمنى ئەينى قىياپىتى بويىچە خەلقىمگە يەتكۈزۈش مەجبۇرىيىتىمنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلدىم.

گەرچە بىزدە ياۋروپادىكى ئۇيغۇرشۇناسلىقنىڭ ئەھۋالى ھەققىدە تونۇشتۇرۇپ يېزىلغان ماقالىلەر بولسىمۇ، ئەمما، ئاممىباب تىل بىلەن ئوقۇرمەنلەرگە ئۇنىڭ تەتقىقات ئەھۋالى، ئۇچۇرى، يۆنىلىشى ھەققىدە كەڭ كۆلەملىك مەلۇمات بولمىدى. ئۆزىمىزدە يېزىلغان ساياھەت خاتىرىلىرىدىمۇ ھەرقايسى دۆلەتلەرگە بارغاندىكى كۆرگەن ـ بىلگەنلىرى، ياۋروپا جەمئىيىتىنىڭ تاشقى يالتىراقلىرى كۆپرەك يېزىلىپ، ئۇنىڭ ئىچكى قۇرۇلمىسى، ئىچكى قىسمى ھەققىدىكى تەتقىقاتلار پەقەت يېزىلمىدى. شۇنىڭ بىلەن مۇشۇ كىتابنى يېزىش خىيالىغا كەلگەن ۋاقتىتا يەنە مۇنداق بىرنەچچە مەقسەتنىمۇ كۆزدە تۇتتۇم:

بىرىنچىسى، 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭ ئېكسپېدىتسىيە قىزغىنلىقى كۆتۈرۈلدى. مۇشۇ جەرياندا نۇرغۇن چەت ئەللىكلەر شىنجاڭغا كېلىپ، بۇ زېمىننىڭ تارىخ، مەدەنىيىتىگە ئائىت نۇرغۇن ماتېرىياللارنى يىغىپ ئېلىپ چىقىپ كەتكەن. ئەمدى مۇشۇ ماتېرىياللارنىڭ ئۇچۇرىنى، بۇ جەھەتتىكى تەتقىقاتچى، ئالىملارنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرىنى يەتكۈزۈشنى ئۆزۈمنىڭ بىر قەرزىم، دەپ بىلدىم. شۇڭا، مۇشۇ كىتابنىڭ مۇھىم بىر مەقسىتى 20 ـ ئەسىردىن بۇيانقى ياۋروپا ئۇيغۇرشۇناسلىقىنىڭ شەكىللىنىشى، تەرەققىياتى ۋە ئۆزگىرىش جەريانلىرىنى كەڭ ئوقۇرمەنلەرگە تونۇشتۇرۇشتۇر.

ئىككىنچىسى، يېقىندىن بۇيان بىزنىڭ ياشلىرىمىز ئارىسىدا چەتكە چىقىش، بولۇپمۇ ياۋروپا ۋە ئامېرىكىدىكى تەرەققىي قىلغان ئەللەرگە بېرىش دولقۇنى كۆتۈرۈلدى. بۇ جەرياندا ئىلگىرى يېزىلغان ساياھەت خاتىرىلىرىنىڭ كۆپىنچىسىدە يۇقىرىدا دېگەندەك مۇشۇ جەمئىيەتنىڭ سىرتقى پوستى، يالتىراقلىرى كۆپرەك يېزىلىپ، ئۇلارنى ماختايدىغان، جەننەت قىلىپ كۆرسىتىدىغان ئەھۋاللار كۆپرەك گەۋدىلەندى. مېنىڭ ئوخشىمايدىغان يېرىم، مەن بۇ جەمئىيەتنى بىر يىلدىن ئارتۇق كۆزەتتىم، بۇنىڭ ياخشى تەرەپلىرى، بىز ئۆگىنىشكە، پايدىلىنىشقا تېگىشلىك تەرەپلىرى قانچىلىك؛ مۇشۇ جەمئىيەتنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى كەمتۈكلۈكلىرى، ئاجىزلىقلىرى زادى قانچىلىك، مەن بۇلارنى ئوقۇرمەنلىرىمىزگە تولۇقى بىلەن يەتكۈزۈپ بېرىش ناھايىتى زۆرۈر ئىكەن، دەپ ئويلىدىم. شۇنىڭ بىلەن بۇ كىتابنى يېزىپ چىقتىم.

**سوئال:** مەن سىزنىڭ قىزغىن ئوقۇرمىنىڭىز. بۇ قىزغىنلىققا ئىخلاس ۋە قايىللىقىم يوشۇرۇنغان. نېمىشقىكىن ئەسەرلىرىڭىزنى ئوقۇسام بىر خىل ئۆزگىچە يېزىش ئۇسلۇبىنى ھېس قىلىمەن. بىر قارىسام ئىلمىي ئەسەردەك، بىر قارىسام بەدىئىي ئەسەردەك، يەنە بىر قارىسام مۇشۇ ئىككىسىنىڭ ئەپچىل يۇغۇرۇلمىسىدەك كۆرۈنىدۇ. مۇمكىن بولسا مۇشۇ ھەقتە توختىلىپ باققان بولسىڭىز.

**ئەسئەت سۇلايمان:** ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرىنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ مەن ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت پسىخىكىسى ھەققىدە بىر يۈرۈش ماقالىلەرنى يازدىم. يازغان ۋاقتىمدا مېنىڭ قوللانغان ئىزچىل ئۇسلۇبىم ناھايىتى قويۇق، ئېغىر ھالدىكى تەتقىقات ئۇسلۇبى ياكى پۈتۈنلەي ئەدەبىيلەشتۈرۈۋېتىلگەن ئەدەبىي شەكىلدىكى تەتقىقاتمۇ ئەمەس. مەن مۇشۇ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئايرىم بىر يولنى تاللىۋالدىم. بۇ يول ھەم ئىلمىيلىككە، ھەم ئاممىباپلىققا، ھەم ئەدەبىيلىككە ئىگە بولغان، تىل جەھەتتىن كەڭ خەلق ئاممىسى قوبۇل قىلالايدىغان ئاددىي تىل ھەم ئۇنىڭ ئىچىدىكى ناھايىتى كۆپ مەنا يوشۇرۇنغان بىر شەكىل. شۇڭا، مەن 90 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىدا ئېلان قىلغان بىر يۈرۈش ماقالىلىرىمدە مۇشۇ ئۇسلۇبنى ساقلىدىم. كىتابىمدا بولسا تېخىمۇ كۆپ كىشىلەر كۆرسۇن، تېخىمۇ كەڭ بولغان كىتابخانلار قاتلىمى چۈشەنسۇن دەپ كىتابنىڭ ئاممىباپلىقىنى بەكرەك تەكىتلىدىم. شۇڭا، كىتابنى ئوقۇغان ئادەم خۇددى بىر ئەدەبىي ئەسەرنى ئوقۇغاندەك مېنىڭ يازغان يۆنىلىشىمگە ئەگىشىپ، ياۋروپادىكى ھەرقايسى ئۇنىۋېرسىتېتلار، ئالىي مەكتەپلەردىكى ئىلمىي تەتقىقاتلار، شۇ تەتقىقاتلارنىڭ ئىلمىي مەنبەسىنى كۆرسىتىشكە، ئۇلارنىڭ ئىلمىيلىكىگە كاپالەتلىك قىلىشقا تىرىشتىم. شۇڭا، مېنىڭ بۇ كىتابنى يېزىشتىكى ئۇسلۇبىمنى ئەمەلىيەتتە ئىلمىيلىك بىلەن ئاممىباپلىق، ئەدەبىيلىك بىلەن ئىلمىي پوزىتسىيە



شەيتان لۇغىتى: شېئىرىيەت — شائىرنىڭ يانچۇقىنى تولدۇرالمايدىغان، ئەمما ئىنسانلارنىڭ قەلبىنى تولدۇرىدىغان نەرسە.

بىرلەشكەن ئۇسلۇب، دەپ قارايمەن.

**سوئال:** تەرەققىيات ۋە ئۆزگىرىش تېز بولۇۋاتقان
بۈگۈنكى كۈندە، نۆۋەتتىكى رېئاللىقىمىزغا نىسبەتەن
پاراسەتلىك ئەجدادلىرىمىزدىكى ئىلىمخۇمارلىق، كىتابخۇ-
مارلىق، ۋاقىتنى قەدىرلەش، مەۋجۇتلۇقنى ساقلاش، كۆپ
تىللىق بولۇش ۋە ئانا تىل مەسئۇلىيەت روھىنى نۇرلاندۇ-
رۇشنىڭ زۆرۈرىيىتى ۋە ئەھمىيىتى نېمە؟ هازىرقى ياشلى-
رىمىزنىڭ ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ سۆزلەپ باققان بولسى-
ڭىز.

**ئەسئەت سۇلايمان:** بۇ كىتابنىڭ مەقسىتى ئەمەلىيەتتە
ياش ئوقۇرمەنلەرنى ئوبيېكت قىلغان. كىتابنىڭ ئۆزىدىمۇ
ياشلىرىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى ئەھۋالى، قىزىقىشى، ئويلايدىغان-
لىرى ھەققىدە بايانلار بار. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا،
بۇلارغا قوشۇمچە قىلسام، بىرسى، ئەجدادلىرىمىزدىن
داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان كىتابخۇمارلىق، ئىلىمخۇمارلىق
مەسىلىسى. چۈنكى، كىتاب بىر جەمئىيەتنىڭ مەڭگۈ ئايرى-
ۋەتكىلى بولمايدىغان تەركىبىي قىسمى. شۇنداق ئىكەن،
يېقىنقى يىللاردىن بۇيان نۇرغۇن تارىخىي، ئىجتىمائىي
سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن كىتابنى چوڭ بىلمەيدىغان، كىتابنى
تۇرمۇشنىڭ، ئۆگىنىشنىڭ مۇھىم ۋاستىسى قىلمايدىغان
بىر قىسىم ئادەتلەرمۇ كۆرۈلۈۋاتىدۇ. شۇڭلاشقا، هازىرقى
ياشلىرىمىز مۇشۇنداق رىقابەتكە تولغان بىر دەۋردە كىتابنى
دوست تۇتۇشى، مەكتەپ ـ ئۇنىۋېرسىتېتلاردا قايتا ئال-
ىدىغان بىلىمدىن سىرتقى بىلىمنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ
كىتابتىن كېلىدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يېتىشى كېرەك. كىتاب
كۆرۈش، كىتابخۇمارلىق ئەنئەنىسىنى داۋاملاشتۇرۇش
ياشلىرىمىزنىڭ بۈنىڭدىن كېيىنكى ئىنتايىن مۇھىم بىر
چىقىش يولى. ئىككىنچىسى، هازىر جەمئىيەتتە بولسۇن،
ئۇنىۋېرسىتېت ۋە باشقا مەكتەپلەردە بولسۇن، ئىشقىلىپ
ھەممىلا يەردە كۆپ تىللىق بولۇش تەكىتلىنىۋاتىدۇ.
ئەلۋەتتە، ئەمدى كۆپ تىللىق بولۇش بۈنىڭدىن كېيىنكى
رىقابەتنىڭ چىقىش نۇقتىسى. بىر تىلنى كۆپ بىلسەك
ئالدىمىزدا بىر كۆزنەك ياكى بىر ئىقتىدارىمىز كۆپەيگەن
بولىدۇ. ئەمدى بۇ يەردە قوش تىللىق ياكى كۆپ تىللىق
مەسىلىسى بولۇپلا قالماي، ئانا تىلنى قەدىرلەش مەسىلى-
سىمۇ بار. چۈنكى، هازىرقى ياشلىرىمىزنىڭ ئانا تىلدىكى
ئۆزىنى ئىپادىلەش، نۇتۇق قابىلىيىتى جەھەتلەردە مېنىڭچە
ئىلگىرىكىلەر بىلەن سېلىشتۇرغاندا بىرئاز ئارىلىق شەكىل-
لىنىپ قالدى. بۇنىڭ تۈپ سەۋەبى نېمە دېسە، ھەددىدىن
زىيادە كۆپ تىللىق بولۇش تەكىتلىنىپ، ئانا تىلغا بولغان
قاراش، ئانا تىلنىڭ مۇھىملىقى ئېتىباردىن ساقىت قىلىن-
غان. شۇڭا، نۆۋەتتىكى رىقابەتلىك هايات جەريانىدا كۆپ
تىللىق بولۇشنى تەكىتلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئانا تىل
سەۋىيىسىنىمۇ ئاشۇرۇش كېرەك. ئۈچىنچىسى، ياشلىرىمىز-
دىكى كىرىزىس ياكى خىرىس تۇيغۇسىنىڭ بولۇشى.
چۈنكى، يېقىنقى مەزگىللەردىن بۇيان، جەمئىيىتىمىزدە
كۆرۈلۈۋاتقان نۇرغۇن ئۆزگىرىشلەر بىزدە رىقابەت تۇيغۇ-
مىزنى كۈچەيتىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تەكىتلەۋاتىدۇ. شۇڭا،
هازىرقى ۋاقىتتا رىقابەت ئىقتىدارىدىن ئايرىلغان ھەرقانداق
ئادەمنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنالىشى ناھايىتى تەس. بۇ خىل
رىقابەت بارغانسېرى ئېغىرلىشىپ كېتىۋاتىدۇ. شۇنىڭ
ئۈچۈن ياشلىرىمىز هازىرقى جەمئىيەتتە يېتەكلەپ ماڭغۇ-
چىلار ئىچىدىكى ئەڭ جانلىق بىر قاتلام بولغانلىقتىن ھەر
ۋاقىت ئۆزىدە ئۆزىنى تولۇقلايدىغان، ئۆزىنى يېڭىلايدىغان
كىرىزىس تۇيغۇسىنى يېتىلدۈرۈشى كېرەك، دەپ قارايمەن.
تۆتىنچىسى، مىللىي ئۆزلۈك تۇيغۇسى. چۈنكى، مەيلى مائا-
رىپتا بولسۇن، مەيلى مەدەنىيەتتە بولسۇن، ھەرقانداق بىر
مىللەتنىڭ ئەنئەنىسىدە بولسۇن، دۇنيانى چۈشىنىش ئالدى
بىلەن ئۆزىنى چۈشىنىشتىن باشلىنىدۇ. ئۆزىنى چۈشەن-
گەندىلا تاشقى دۇنياغا، مەسىلىلەرگە توغرا ھۆكۈم قىلغىلى
بولىدۇ. شۇغىنىسى، ئۆزىنى چۈشىنىش ھەممىدىن تەس.
شۇڭا، ياش بىر ئەۋلادلار ئۆزىمىزنى چۈشىنىشتە ئۆزد-
مىزنىڭ تارىخ، مەدەنىيەت ۋە تارىختىن بۇيان يارىتىلغان
بارلىق تەپەككۇر ئۇسۇلىمىزنى چۈشەنگەن ۋاقتىمىزدىلا
ئۆزىمىزدە ئۆزلۈكنى ساقلاپ، كىملىكىمىزنى تېخىمۇ
چوڭقۇر ھالدا تونۇپ، بۈنىڭدىن كېيىنكى رىقابەتكە تولۇق
ئېنېرگىيە بىلەن كىرىپ كېلىشكە كاپالەتلىك قىلغىلى
بولىدۇ. شۇڭا، مۇشۇ نۇقتىدىن ئۆزلۈكنىڭ مۇھىملىقى
ھەممىمىزنىڭ كۆز ئالدىغا روشەن نامايان بولۇپ تۇرۇۋا-
تىدۇ.

## ئاخىرقى سۆز

ئەسئەت سۇلايمان بىلەن بولغان سۆھبىتىمىز ۋاقتىنچە
ئاخىرلاشتى. گەرچە سۆھبىتىمىزنىڭ مەزمۇنى ئانچە ئۇزۇن
بولمىسىمۇ، ئەمما، ناھايىتى كەمتەر، ئالدىراش ئالىم شۇ
جىددىيچىلىك ئىچىدىن قىممەتلىك ۋاقتىنى چىقىرىپ زىيا-
رىتىمىزنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلدى. بىز بۇ ئەقد-
ىلىك، مەسئۇلىيەتچان ئالىمىمىزنىڭ ئىزدىنىش، ئارمان
يوللىرىغا توزىماس چېچەكلەر تىلەيمىز!

(سۆھبەتلەشكۈچى: ئۈرۈمچى شەھىرلىك 46 ـ ئوتتۇرا
مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى)



شەيتان لۇغىتى. قىزىقىش ـــ چۈشىنىش ۋە ئىلماشتۇرۇشى يېتەرسىز بولغان هازىرقى زامان كىشىلىرىنىڭ باشقىلارنىڭ خۇسۇسىي مەخپىيەتلىكلى-
رىگە بولغان قاتتىق تەشنالىقى.

# «دولان مۇقاملىرى» ۋە ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرى



تۇرغان شاۋۇدۇن

مەن شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى ئەدەبىيات ـ سەنئەت بۆلۈمىدە نەچچە ئون يىل ئەدەبىي مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىگەنلىكىم ئۈچۈن «دولان مۇقاملىرى»نىڭ ماتېرىيال سۈپىتىدە لېنتىغا ئېلىنغان نۇسخىسى بىلەن 1960 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدىلا تونۇشۇش پۇرسىتىگە ئېرىشكەنىدىم. 1986 ـ يىلى مەكىتكە بېرىپ «دولان مۇقاملىرى»نى رەسمىي لېنتىغا ئېلىش خىزمىتىگە قاتناشتىم. شۇڭا، مېنىڭ مۇلاھىزەم «دولان مۇقاملىرى»نىڭ مەكىتتە تارقالغان شەكلى ئاساسىدا بولىدۇ.

شۇ چاغدا ئىگىلىشىمچە، «دولان مۇقاملىرى» قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ مەكىت، مارالبېشى، يەكەن، قاغىلىق ناھىيىلىرىدە، ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ ئاۋات ناھىيىسىدە كەڭ تارقالغان. بۇ «زىل باياۋان»، «ئۆزھال»، «راك»، «مۇشاۋرەك»، «جولا»، «بوم باياۋان»، «سىم باياۋان»، «خودەك باياۋان»، «دۇگامەت»لەردىن ئىبارەت توققۇز مۇقامنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

بەزى مۇلاھىزىچىلەر بۇ ھەقتە «دولان مۇقاملىرى»نىڭ ئۇيغۇر يەرلىك مۇقاملىرى ئىچىدە بىرقەدەر قەدىمىيلىككە ئىگە بولۇپ، ئەسلىدە ئون ئىككى مۇقامدىن تەركىب تاپقانلىقىنى، لېكىن ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بىزگىچە پەقەت توققۇزىلا يېتىپ كەلگەنلىكىنى قەيت قىلىدۇ.

يەرلىك مۇقاملارنىڭ كلاسسىك «ئون ئىككى مۇقام»نىڭ «ئون ئىككىلىشىش» سىستېمىسىغا تەقلىد قىلىنىش ئاساسىدا بارلىققا كەلگەنلىكىدىن ئىبارەت تارىخىي نۇقتىدىن قارىغاندا، يۇقىرىقى مۇلاھىزىلەرنىڭ توغرىلىقىنى مۇقەررەرلەشتۈرۈشكە بولىدۇ. شۇڭا، بۇ ھەقتە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈش دولان مۇقاملىرىنىڭ بارلىققا كېلىش شارائىتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇشقا مۇناسىۋەتلىك چوڭ ئىش. شۇڭا، يەرلىك مۇقاملارنىڭ بارلىققا كېلىشىگە ئەندىزە بولغان كلاسسىك «ئون ئىككى مۇقام»نىڭ بارلىققا كېلىش جەريانى بىلەن تونۇشۇپ ئۆتۈشىمىزگە توغرا كېلىدۇ.

مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، مۇقاملار ھازىرقى «ئون ئىككى مۇقام» شەكلى بويىچە مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ، بىر پۈتۈن سىستېمىغا ئىگە قىلىنىشتىن ئىلگىرى ھەرقايسىسى ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەت بىلەن پارچە ـ پارچە ھالەتتە تارقىلىپ يۈرگەنلىكى مەلۇم. 16 ـ ئەسىردىكى يەكەن سەئىدىيە خاندانلىقى دەۋرىدە، بۇ خانلىق تەۋەسىدىن يىغىۋېلىنغان ۋە توپلانغان بۇ خىلدىكى مۇقاملار 17 بولۇپ، بۇلار: راك، دۇگاھ، سىگاھ، چارىگاھ، پەنجىگاھ، ئۇششاق، ناۋا، ئۆزھال، ئەجەم، بايات، چەببىيات، مۇشاۋرەك، ئىراق، ھىجاز، ۋىسال، ئىشرەت ئەنگىزە، نورۇز مۇقامى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. بۇ ھال بىزگە خەلقىمىزنىڭ مۇقام شەكلى بىلەن شۇغۇللىنىش تارىخىنىڭ تولىمۇ قەدىمىيلىكىنى ئىپادىلەش بىلەن بىللە سەنئەت سۆيەر خەلقىمىزنىڭ ناخشا ـ مۇزىكا ئىجادىيىتىنىڭ يۈكسەك چوققىسىغا خېلى بۇرۇنلا قەدەم باسقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

سەئىدىيە خاندانلىقىنىڭ ئىككىنچى خانى سۇلتان ئابدۇرېشىتخاننىڭ تەشەببۇسى بىلەن توپلانغان بۇ مۇقاملار بۈيۈك مۇزىكا ئۇستازى، ئەدىب قىدىرخان يەركەندى ۋە ئامانىساخاننىڭ يېتەكچىلىكىدە ئەنئەنىۋى مۇقاملارغا ئىجادىي ۋارىسلىق قىلىش، تولۇقلاش، رەتلەش ئاساسىدا مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ، «ئون ئىككى مۇقام» سىستېمىسىنى بارلىققا كەلتۈردى. بۇ خىل سىستېمىنىڭ نېمە ئاساستا بارلىققا كەلگەنلىكى مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ:

بىرىنچى، مۇقام سانى بىر يىلنىڭ 12 ئېيىغا تەقلىد قىلىش ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن. «ئون ئىككى مۇقام» تەركىبىدىكى 360 نەغمە بىر يىل ئىچىدىكى 360 كۈنگە توغرا كېلىدۇ.

ئىككىنچى، ھەربىر مۇقام ئىككى سائەتلىك بولۇپ، ھەربىرى بىر كېچە ـ كۈندۈزنىڭ ھەربىر نىسپىگە تەقسىملەشتۈرۈلگەن. «ناۋا» سەھەردە ئېيتىلىدىغان مۇقام.

«ئون ئىككى مۇقام» قۇرۇلمىسىدىكى سېھرىي كۈچنى نامايان قىلىشقا قارىتىلغان بۇ رىۋايەت گەرچە بۇ سىستېمىنى شەرھلەش رولە-



شەيتان لۇغىتى: زېبۇزىننەت ــ ئاياللار مۇھەببەت ئۈچۈن تاقايدىغان كويزا.

نى ئوينىسىمۇ، مۇزىكىدىكى بۇ خىل يىرىك ژانىرنىڭ ئەسىرلەر داۋامىدا ئۆز ھاياتىي كۈچىنى نامايان قىلىپ كېلىشى، شۇنداقلا ھازىرقى مۇزىكا دۇنياسىدىمۇ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىك بويىچە جۇلالىنىپ تۇرۇشى ئۇنىڭ قۇرۇلما جەھەتتىكى مۇكەممەللىكىنى ئېپادىلەپلا قالماي، مېلودىيە جەھەتتىمۇ مىللەتنىڭ ئېستېتىكىلىق زوقى، پسىخىكىلىق خۇسۇسىيىتى، تۇرمۇش ئالاھىدىلىكى قاتارلىق جەھەتلەرگە چەمبەرچاس باغلىنىپ كەتكەنلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. مانا بۇ «ئون ئىككى مۇقام»نىڭ ھاياتىي كۈچىنىڭ مەنبەسى. شۇڭا، ئەينى يىللاردا مۇقاملارنىڭ «ئون ئىككىلىشىش» شەكلى ھەرقايسى جايلارنىڭ يەرلىك مۇزىكا بايلىقلىرىنى «ئون ئىككىلىشىش» شەكلى بويىچە سىستېمىلاشتۇرۇپ، «ئون ئىككى مۇقام» ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىشتا تۈرتكىلىك رول ئوينىدى. بۇنى دولان، قۇمۇل، تۇرپان «ئون ئىككى مۇقام»لىرىنىڭ كلاسسىك «ئون ئىككى مۇقام» ناملىرى بىلەن ئاتالغانلىقى ئىسپاتلايدۇ. بۇ جەھەتتە قۇمۇل «ئون ئىككى مۇقامى»نى ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا بولىدۇ. «قۇمۇل ئون ئىككى مۇقامى» ھەربىر مۇقام ناملىرىنى كلاسسىك «ئون ئىككى مۇقام» تەركىبىدىكى مۇقاملار نامى بىلەن ئاتاش بىلەن بىللە، يەرلىك ئالاھىدىلىكنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ھەرقايسى مۇقاملىرىنىڭ ئاساسىي ناخشىسى ياكى ئۇنىڭ نەقراتىنىڭ نامى بىلەن ئاتاشنى قوشۇمچە قىلغان. مەسىلەن، «چەببيات» مۇقامىغا «جانىكەم مۇقامى»، «مۇشاۋرەك» مۇقامىغا «دەردىڭگە داگا»، «ئىراق» مۇقامىغا «چوڭ دەردى يامان»، «راك» مۇقامىغا «سايراڭ بۇلبۇلۇم» قاتارلىق ناملارنى ياندىغان. «دولان مۇقاملىرى» بۇ خىل يەرلىك ئالاھىدىلىكنى دولان دىيارىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئالاھىدىلىكنى ئىپادىلەيدىغان «باياۋان» نامى بىلەن گەۋدىلەندۈرۈپ، تەركىبىدىكى تۆت مۇقامنى «زىل باياۋان»، «بوم باياۋان»، «سىم باياۋان»، «خودەك باياۋان» دەپ ئاتىغان بولسىمۇ، قالغانلىرىنى يەنىلا كلاسسىك «ئون ئىككى مۇقام» تەركىبىدىكى «ئۆزھال»، «راك»، «مۇشاۋرەك» قاتارلىق ناملار بىلەن ئاتىغان. لېكىن يەرلىك مۇقاملاردىكى بۇ ھالەت ئۇنىڭ كلاسسىك ئون ئىككى مۇقامغا ئىسىم جەھەتتىنلا يېقىنلاشقانلىقىنى بىلدۈرىدىغان ئامىل بولۇپ، قۇرۇلما جەھەتتىن يەنىلا ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكنى نامايان قىلىشتا چەكلەش رولىنى ئوينىيالمايدۇ، مانا بۇ يەرلىك مۇقاملاردىكى ئورتاق ئالاھىدىلىك. «دولان مۇقاملىرى»مۇ بۇ ئالاھىدىلىكتىن مۇستەسنا ئەمەس.



ئەمدى «دولان مۇقاملىرى»نىڭ ئۇيغۇر يەرلىك مۇقاملىرى ئىچىدە بىرقەدەر قەدىمىيلىككە ئىگە ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى گەپكە كەلسەك، بۇنى دولان مۇقاملىرىنىڭ باشقا يەرلىك مۇقاملارغا كۆرسەتكەن تەسىرىدىن ئىزدەپ كۆرۈشكە بولىدۇ. دەرھەقىقەت «قۇمۇل ئون ئىككى مۇقامى»نىڭ 8 ـ مۇقامى «دولان مۇشاۋرەك» ئۇنىڭ ئىككىنچى چوشۇرگىسى «دولان مۇقامى» دەپ ئاتالغان، «تۇرپان ئون ئىككى مۇقامى»نىڭ 11 ـ مۇقامى «دولان» دەپ ئاتالغان. بۇ ئەھۋال «دولان مۇقاملىرى» توغرىسىدىكى يۇقىرىقى مۇھاكىمىنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلاش بىلەن بىللە، بۇنىڭ باشقا يەرلىك مۇقاملارنىڭ بارلىققا كېلىشىدە ئۈلگىلىك رول ئوينىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

ئەمدى «دولان مۇقاملىرى»نىڭ ئەسلىدە «ئون ئىككى مۇقام»دىن تەركىب تاپقانلىقى توغرىسىدىكى گەپكە كەلسەك، بۇنى يەرلىك مۇقاملارنىڭ كلاسسىك «ئون ئىككى مۇقام»نىڭ «ئون ئىككىلىشىش» شەكلى بويىچە بارلىققا كەلگەنلىكىدىنلا چۈشىنىشكە بولىدۇ. ئەگەر «دولان مۇقاملىرى» ئۆز تەركىبىنى «ئون ئىككىلىشىش» شەكلى بىلەن تولۇقلاشنى مەقسەت قىلمىغان بولسا، بىر قىسىم مۇقاملىرىغا ھەرگىزمۇ كلاسسىك «ئون ئىككى مۇقام» تەركىبىدىكى مۇقاملارنىڭ نامىنى قوللانمىغان بولاتتى، شۇنداقلا «دولان مۇقامى» نامىنى ئۆز تەركىبىدىكى مۇقاملارغا ئىسىم قىلىۋالغان تۇرپان، قۇمۇل مۇقاملىرىمۇ ھەرگىز «ئون ئىككى» بولماي، بەلكى باشقىچە تەرتىپكە كىرگەن بولاتتى. دېمەكچى بولغىنىمىز كلاسسىك «ئون ئىككى مۇقام»دىكى «ئون ئىككىلىشىش» ئەينى چاغدا كېيىنكىدىن بارلىققا كەلگەن يەرلىك مۇقاملارنى قېلىپلاشتۇرۇشنىڭ مودېلى بولغان. شۇڭا،«دولان مۇقاملىرى»نىڭ ئەسلىدە 12 مۇقامدىن تەركىب تاپقانلىقىغا شەك كەلتۈرۈشكە بولمايدۇ.

ئەمدى «دولان مۇقاملىرى»نىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرى ئۈستىدە توختىلايلى.

يۇقىرىدا بىز كلاسسىك «ئون ئىككى مۇقام»نىڭ «ئون ئىككىلىشىش» شەكلىنىڭ تۈرتكىسىدە بارلىققا كەلگەن يەرلىك مۇقاملارنىڭ كلاسسىك ئون ئىككى مۇقامغا پەقەت ئىسىم جەھەتتىلا يېقىنلىشىپ، قۇرۇلما جەھەتتىن ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكنى گەۋدىلەندۈرۈشنى ئاساس قىلغانلىقىنى ئېيتىپ ئۆتتۇق، مانا مۇشۇ ئاساس بارلىق يەرلىك مۇقاملارغا ئوخشاشلا «دولان مۇقاملىرى»نىڭمۇ ئۆزىگە خاسلىقىنى گەۋدىلەندۈرىدىغان ئاساسىي ئامىل بولغان. بۇلار تۆۋەندىكىچە:

1. قۇرۇلما جەھەتتە

كلاسسىك «ئون ئىككى مۇقام» تەركىبىدىكى ھەربىر مۇقام مۇقەددىمىدىن تاشقىرى چوڭ نەغمە، داستان، مەشرەپتىن ئىبارەت ئۈچ قىسىمغا بۆلۈنىدۇ. نەغمە قىسمى تەزە، نۇسخا، جولا، سەنەم، چوڭ سەلىقە، كىچىك سەلىقە، پەشرۇ، تەكىت قاتارلىق توققۇز بۆلەكنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. قىسمەن مۇقاملاردا بۇ بۆلەكلەردىن تاشقىرى مۇستەھزاد، يارىم ساقى بۆلەكلىرىمۇ بار بولۇپ، ھەربىرى ئۆزىگە خاس چوشۇرگە، مەرغۇل ۋە شاخچە ئۆزگىرىشلىرى بىلەن قوشۇلۇپ، يىگىرمىگە يېقىن ئاھاڭ ھاسىل قىلىدۇ. بۇنىڭغا داستان قىسمىدىكى ئۈچتىن بەشكىچە داستان، مەرغۇل بىلەن مەشرەپ قىسمىدىكى ئۈچتىن بەشكىچە مەشرەپنى قوشقاندا بىر پۈتۈن مۇقام ئوتتۇزدىن ئارتۇق ئاھاڭنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بولۇپ، سىجىل ئورۇندالغاندا ئىككى سائەت داۋاملىشىدۇ.

«دولان مۇقاملىرى» بولسا، نەغمە قىسمىدىلا ئىبارەت بولۇپ، ھەربىرى مۇقەددىمىدىن تاشقىرى «چېكىتمە»، «سەنەم»، «سەنەقىس»، «سېرىلما»دىن ئىبارەت تۆت بۆلەككە بۆلۈنىدۇ. ھەربىر بۆلەك بىر كۇپلېت تېكىست بىلەن ئورۇندالغاندا ھەربىر مۇقام مۇقەددىمە بىلەن قوشۇلۇپ ئالتە مىنۇت داۋاملىشىدۇ. بۇنىڭدىن دولان مۇقاملىرىنىڭ گەرچە كلاسسىك ئون ئىككى مۇقامنىڭ «ئون ئىككىلىشىش» شەكلىنى ئىلھام مەنبەسى قىلغان بولسىمۇ، لېكىن قۇرۇلما جەھەتتىن خاس ئالاھىدىلىك بويىچە بارلىققا كەلگەنلىكىنى چۈشىنىشكە بولىدۇ. دولان مۇقاملىرىنىڭ قۇرۇلمىسىدىكى بۇ ئالاھىدە ئىخچاملىق ئۇنىڭ ئاممىبابلىقىنى ئاشۇرۇپ، تېز ئومۇملىشىش رولىنى ئوينايدۇ، ئەلۋەتتە. شۇڭا، ھەربىر دولانلىقنىڭ ھاياتى «دولان مۇقاملىرى» بىلەن چەمبەرچاس باغلىنىپ كەلمەكتە.

2. كۈي شەكلى جەھەتتە

كلاسسىك «ئون ئىككى مۇقام»نىڭ نەغمە قىسمى مۇرەككەپ رىتىم ـ ئۇدارلىق سالماق ئاھاڭلار بىلەن باشلىنىپ، «جولا» بۆلىكىگە ئۆتكەندىن كېيىنلا ئۇسسۇل پەدىسىگە ئۆزگىرىدۇ. «دولان مۇقاملىرى» بولسا مۇقەددىمىدىن كېيىنلا ئۇسسۇل پەدىسى بىلەن باشلىنىپ، ئۇسسۇل پەدىسى بىلەن ئاياغلىشىدۇ. دېمەك، «دولان مۇقاملىرى»نىڭ ھەربىر قىسمى مۇكەممەل ئۇسسۇل پەدىسى بولۇپ، پۈتۈن بىر مۇقامنىڭ ۋەقەلىكىنى ئىپادە قىلغۇچى مۇقىم ئۇسسۇل ھەرىكەتلىرى بولىدۇ. بۇ ھەرىكەتلەر ھەربىر قىسىمدا ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ، بىر پۈتۈن مۇقامدا پۈتۈن بىر ئۇسسۇلنى شەكىللەندۈرىدۇ. شۇڭا، دولان مۇقامى دولان ئۇسسۇلى بىلەن زىچ بىرلەشكەن بولۇپ، توي ـ تۆكۈن، مەشرەپلەرنىڭ ئاساسىي نەغمىسى بولۇپ قالغان.

3. مېلودىيە جەھەتتە

«دولان مۇقاملىرى» ھەدېگەندىلا «ھوي ـ ھوي» «ۋاي ـ ۋاي» دېگەنگە ئوخشاش قاراتمىلىققا ئىگە يۇقىرى ئاۋازلىق سۆزلەردىن باشلىنىشى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. بۇ خىل ئالاھىدىلىكنى بىر قىسىم كىشىلەر ئۇۋچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان قەدىمكى ئەجدادلارنىڭ ياۋايى ھايۋانلارنى قورشاپ ئوۋلاش جەريانىدا بىر ـ بىرىگە ماسلىشىش ئۈچۈن قوللانغان بېشارىتى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن، دەپ چۈشەندۈرىدۇ. بۇ خىل چۈشەندۈرۈش ئەقىلگە خېلى مۇۋاپىقتەك كۆرۈنسىمۇ، لېكىن ئۇنى تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن، دولان دىيارىنىڭ جۇغراپىيىلىك مۇھىتىغىمۇ ئىچكىرىلەپ كىرمەي بولمايدۇ. دولان ئومۇمەن تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ ئەتراپىغا جايلاشقان جاي. دولان خەلقىنىڭ ھاياتىنىڭ كۆپ قىسمى چۆل ـ باياۋان بىلەن كۈرەش قىلىشقا باغلانغان. بۇ خىل كۈرەش دولان خەلقىنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئىتىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. «دولان مۇقاملىرى»نىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمىنىڭ «باياۋان» نامى بىلەن ئاتىلىشى مۇشۇ ۋەجىدىن بولغان.

باياۋاندا ـ ئاسمىنى كەڭ بۇ جايدا كىشىلەر ئومۇمەن تارقاق ئولتۇراقلاشقان بولىدۇ. مۇشۇنداق شارائىتتا كىشىلەرنىڭ بىر ـ بىرىگە بولغان كۆڭۈل كۈيلىرىنى ئىزھار قىلىشتا ئەلۋەتتە يۇقىرى ئاۋازدىن پايدىلانغانلىقى ئېنىق. شۇنداق ئىكەن، يۇقىرى كۈيلۈك دولان ناخشىلىرى ۋە دولان مۇقاملىرىنىڭ باش قىسمىدىكى «ھوي ـ ھوي»، «ۋاي ـ ۋاي»غا ئوخشاش سۆزلەرنىڭ تەكرارلىنىشىنى مەلۇم شەرت ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن، پەقەت دولان ناخشىلىرى ۋە «دولان مۇقاملىرى»غىلا خاس بولغان بىر خىل ئالاھىدىلىك دېيىشكە بولىدۇ. مانا بۇ «دولان مۇقاملىرى»نىڭ مېلودىيىسىدىكى ئاساسىي ئالاھىدىلىك.

4. تېكىست جەھەتتە

«دولان مۇقاملىرى»نىڭ تېكىستلىرى لىرىكىلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە، تۇرمۇشچانلىقى كۈچلۈك، ئاسان ئىستە قالىدىغان ئاددىي، راۋان، مول مەزمۇنلۇق خەلق بېيىت ـ قوشاقلىرىدىن تەركىب تاپقان. بۇ ھال تېخىمۇ كۆپ خەلق قوشاق ـ بېيىتلىرىنى قاناتلاندۇرۇشقا پايدىلىق بولۇپ، ئاممىبابلىقنى كۈچەيتىپ، مۇقامنىڭ قوبۇل قىلىنىش، تارقىلىش ۋە ئومۇملىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى ئوينايدۇ.

تۆۋەندە 1986 ـ يىلى شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى تەرەپىدىن مەكتەپتە لېنتىغا ئېلىنغان ۋە ھازىرمۇ رادىئودا ئاڭلىتىلىۋاتقان «دولان مۇقاملىرى»دىن «دۇگامەت» مۇقامىنىڭ تېكىستلىرىنى كۆرۈپ باقايلى:

مۇقەددىمە تېكىستى:
يارىم بارمىغان تويغا،
مەن قانداق بارالايمەن.
يارنىڭ كۆڭلى بەك نازۇك،
چاي قۇيۇپ ئالالمايمەن.

«چېكىتمە» تېكىستى:
سۇغا سالسام سۇ كۆتۈرمەس،
مىسقال تۆمۈرنى.
ئالتۇن بېرىپ ئېلىپ بولماس،
قالغان كۆڭۈلنى.

«سەنەم» تېكىستى:
كۆچەت يىلتىز تارتىدۇ،
مۇنبەت يەرگە تىكىلسە.
ئۈزۈلمەيدۇ دىل رىشتى،
لېۋىم يارغا چېكىلسە.

«سەنەقىس» تېكىستى:
ھاۋادىكى لاچىننى،
تور بىلەن تۇتاي دېيمەن.
ئامرىقىم چىرايلىقنى،



ماقال ـ تەمسىل : ئۇزۇن قولاقتىن تارالغان گەپ شامالدىن تېز.

سۇ بىلەن يۇتاي دەيمەن،
«سېرىلما » تېكستى:
ئەتىگەندە شەبنەمدە،
يۇرغىلايدۇ بوز توشقان.
ئامرىقىم چىرايلىقىنىڭ،
لېۋىگە ناۋات قوشقان.

يۇقىرىقى قوشاقلار ناخشىلىق خۇسۇسىيىتىنىڭ يۇقىرىلىقى بىلەن دىيارىمىزنىڭ باشقا رايونلىرىدىمۇ خەلق ئاھاڭلىرىغا سېلىنىپ ئېيتىلىپ كېلىۋاتقان قوشاقلار بولۇپ، «دولان مۇقاملىرى»دىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تاپقانلىقى بىرىنچىدىن، «دولان مۇقاملىرى»نىڭ تېكست ئىشلىتىش جەھەتتە ئاممىغا بولغان يېقىنلىقىنى گەۋدىلەندۈرۈشكە ئىشلىتىلگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى بولسا، ئىككىنچىدىن، مۇقىم تېكست بىلەن چەكلىنىپ قالمايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. دەرۋەقە دولان مۇقامىنى ئېيتقۇچىلار ئۆزىنىڭ قوشاق بايلىقى ۋە سورۇن ئالاھىدىلىكى بويىچە بىر ئاھاڭغا ھەر خىل مەزمۇندىكى بېيىت ـ قوشاقلارنى سېلىپ ئېيتىۋېرىدۇ. بۇنى خەلق ناخشىچىلىرىمىزنىڭ خەلق ناخشىلىرىنى ئېيتقاندا ئۇنىڭ ئاھاڭىدىنمۇ، تېكستىدىنمۇ تەڭ ھۇزۇر ئېلىش نۇقتىسىدىن خالىغان تېكستنى سېلىپ ئېيتىۋېرىشتەك ئەنئەنىۋى ئادەت كۆچى بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ قاراشقا بولىدۇ. بۇ ئەلۋەتتە مەتبۇئات ئارقىلىق قېلىپلاشتۇرۇش شارائىتىنىڭ يار بەرمىگەنلىكى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك بولسىمۇ، خەلق بېيىت ـ قوشاقلىرىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئۇرغۇتۇشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە دەپ چۈشىنىشكە بولىدۇ.

5. تەڭكەش جەھەتتە:

«دولان مۇقاملىرى» ئادەتتە دولان دېپى، دولان راۋابى، دولان قالۇنى ۋە دولان غېجىكىدىن ئىبارەت تۆتلا خىل يەرلىك چالغۇنىڭ تەڭكەش قىلىشىدا ئورۇندىلىدۇ. بۇنىڭ يەرلىك پۇراقنى كۈچەيتىپ، قەدىمىيلىك تۈيغۇسىنى گەۋدىلەندۈرۈشتە ئەھمىيىتى زور بولۇپ، دولان مۇقاملىرىنى توي ـ تۆكۈن، مەشرەپ، ئېتىز ـ ئېرىق ۋە كوچا سورۇنلىرىغا يۆزلەندۈرۈش جەھەتلەردىمۇ ماسلىشىشچانلىقىنى ئاشۇرىدۇ. شۇڭا، «دولان مۇقاملىرى» يەرلىك مۇقاملار ئىچىدە ئەڭ كەڭ ئومۇملاشقانلىقى بىلەن مەشھۇردۇر.

يۇقىرىدا «دولان مۇقاملىرى»نىڭ ئۆزىگە خاس بەش خىل ئالاھىدىلىكى ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتتۇق. بۇلار «دولان مۇقاملىرى»نىڭ مۇكەممەل سىستېمىسىنى گەۋدىلەندۈرۈپ تۇرغان ئاساسىي ئالاھىدىلىك بولۇپ، ئۇنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئۇرغۇتۇپ كېلىۋاتقان مۇھىم بەش ئامىل ھېسابلىنىدۇ.

لېكىن شەيئىلەر ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ تۇرغىنىدەك، زامان ۋە شارائىتنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، «دولان مۇقاملىرى»مۇ بىر ئىزدا توختاپ قالمايدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن. بۇ ھال بولۇپمۇ تەڭكەش، ئورۇنداش جەھەتلەردە كۆرۈلۈشى مۇمكىن، چۈنكى تەڭكەش جەھەتتىن ئېيتقاندا، تەڭكەش مۇزىكىلىق ھېسسىياتىنى ئىپادىلەشتە مۇھىم ئامىل بولۇپ، ھەر خىل چالغۇلارنىڭ ھەر خىل شەكىلدە ئىپادە قىلىنىشى ئاساسىي مېلودىيىنى تېخىمۇ جۇلالاندۇرۇپ، ئۇنىڭ ئىپادىلەش كۈچىنى ئاشۇرىدۇ. بۇ خۇددى مۇزىكا ئەترىتى ئورۇنداۋاتقان مۇزىكىنىڭ يالغۇز چالغۇ بىلەن ئورۇندىغان مۇزىكىغا قارىغاندا ئىپادىلەش كۈچىنىڭ تولىمۇ ھەيۋەت، تولىمۇ تەسىرلىك بولىدىغانلىقىغا ئوخشاش. شۇ نۇقتىدىن 1986 ـ يىلى مەكىتتە لېنتىغا ئېلىنغان «دولان مۇقاملىرى»غا بولغان تەڭكەشتە يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان تۆت خىل يەرلىك چالغۇغا مەكىت ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكىنىڭ مۇزىكا ئەترىتىنى بىرلەشتۈردۇق، نەتىجىدە بۇنىڭ تەسىر كۈچى ئەسلىدىكىدىن جانلىق ھەم ھەيۋەتلىكرەك بولدى. ئەگەر بۇنى ئاككوردلاشتۇرۇپ، ئوركېستىر بىلەن ئىجرا قىلدۇرغان بولساق، ئۇنىڭ ئۈنۈمى تېخىمۇ زور بولغان بولاتتى. ئورۇنداش جەھەتتە بولسا، مېلودىيىدىكى يېقىملىقنى گەۋدىلەندۈرۈش ئۈچۈن تەڭكەشنى سەل ـ پەل چۈشۈرۈپ، ناخشىچىنىڭ تەبىئىي ئاۋازىنىڭ راۋان ھەم يېقىملىق گەۋدىلىنىشىگە شارائىت ھازىرلىدۇق، نەتىجىدە ئەسلىي مېلودىيە تېخىمۇ چىرايلىق تۈس ئېلىپ، ئاڭلىغۇچىلارنىڭ زوقىغا زوق قوشتى. تېكست ئىشلىتىش جەھەتتە بولسا، تەكرارلىقنى خاتىمە بېرىش ئاساسىدا مەزمۇن يېقىنلىقى ۋە پىكىر ئىزچىللىقىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى ئۆلچەم قىلدۇق. دېمەكچى بولغىنىم، شۇ چاغدا تارىختىن بۇيان ئەركىن ئېيتىلىپ كېلىۋاتقان «دولان مۇقاملىرى»غا قىسمەن جەھەتلەردىن «چېقىلىپ» قويدۇق، لېكىن ئارىدىن يىگىرمە نەچچە يىل ئۆتكەن بولسىمۇ، بۇ ھەقتە غەيرىي پىكىر تۇغۇلمىدى. شۇڭا، «دولان مۇقاملىرى»نى مۇھاكىمە قىلىشتا ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرىنى گەۋدىلەندۈرۈش بىلەن بىللە، ئۇنىڭ ھاياتىي كۈچىنى قانداق جۇلالاندۇرۇش توغرىسىدىمۇ غۇلغۇلا قىلىپ بېقىشنى ئۈمىد قىلىمەن.

(ئاپتور: شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسىدىن ئارامغا چىققان)

## دېھقان سۈرىتى

قۇربان ئابلىمىت

تېرىپ يەرگە ئۈمىدلىرىنى،
سۇغىرىدۇ تەرلىرى بىلەن؛
بۇغداي ئۆڭلۈك ـ چىرايى ئۇنىڭ،
كەڭ بىر ئالەم ، قۇياشنى سۆيگەن .

كۆزلىرىدىن تۆكۈلگەن نۇرلار،
ياشنىتىدۇ زىرائەتلەرنى.
زاغرا ناندەك ـ لەۋلىرى يېرىق
ۋايسىمايدۇ، تارتسا دەردلەرنى.

قويار ھەرچاغ مېھمان ئالدىغا
بۇغداي سۆزى، بۇغداي نېنىنى.

قاپلاپ تۇرار چوغسىمان ئىستەك
ئاق پاختىدەك ئاپئاق كۆڭلىنى.

ئالىقانىدىكى ئەگىم سىزىقلار
مۇشەققەتلىك سەھرا يوللىرى.
باغۇ بوستان، ئېتىز، قىر ـ دالا...
ياشناۋاتقان كۆڭۈل باغلىرى.

باتۇر قولى ـ تالماس بىلەكتە
قىلار ھەردەم چۆلنى ئۇ باھار.
ئېلىپ ھالال تەرىدىن خامان
مېھنىتىدە بىرلەرنى باقار.

(ئاپتور: يېڭىشەھەر ناھىيە ياماناۋار يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتىپتە ئوقۇتقۇچى)



ماقال ـ تەمسىل: خوتۇن كىشىنىڭ ئىچىگە بالا ياتىدۇ، گەپ ياتمايدۇ.

# فارابىنىڭ قالۇن ئىجاد قىلىشى



ئەختەم ئۆمەر

ئۇيغۇر قارلۇق ئالىمى، ناتۇرال پانتېزملىق پەلسەپە سىستېمىسىنىڭ ئاساسچىسى، ئىسلام پەيلاسوپى، ماتېماتىكا، مەنتىقە، ئاسترونومىيە پەنلىرىنىڭ ئۇستازى، خىمىيە ئالىمى، غەربلىكلەر تەرىپىدىن ھۆرمەت ـ ئېھتىرام بىلەن «شەرقنىڭ ئارىستوتېلى» دەپ ئاتالغان ئەل فارابى ( تولۇق ئىسمى ئەبۇ نەسىر مۇھەممەد ئىبن ئۇزلۇق ئىبن تارخان) ھىجرىيىنىڭ 259 ـ يىلى ( مىلادىيىنىڭ 870 ـ يىلى) ئوتتۇرا ئاسىيادىكى فاراب ـ ئوترار ـ جەۋھەر شەھىرىنىڭ «ۋاسىج» ھەربىي قەلئەسىدە ئۇيغۇر قارلۇق قەبىلىسىنىڭ توققۇز ئوغۇز ـ توققۇز ئۇيغۇر چەۋەنداز ھەربىي ئوفىتسىر ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ھىجرىيىنىڭ 339 ـ يىلى (مىلادىيىنىڭ 950 ـ يىلى) سۈرىيىنىڭ دەمەشق شەھىرىنىڭ سىرتىدا لېكسىيە قىلىش سەپىرىدە 80 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

فارابى «ئىھسائۇل ئۇلۇم» (پەنلەرنىڭ تۈرگە ئايرىلىشى)، «پەزىلەتلىك شەھەر ئەھلىنىڭ قاراشلىرى توغرىسىدا»، «بەخت توغرىسىدا»، «ئەقىل ھەققىدە»، «ئۇيۇنۇل ماسائىل» (مەسىلىلەرنىڭ نېگىزلىرى)، «كىتاب جەمئىيۇل مەنتەقە» (لوگىكا توغرىسىدىكى 12 ئەسەر)، «چوڭ لوگىكا كىتابى»، «خىمىيە ئىلمىنىڭ زۆرۈرلۈكى توغرىسىدا»، «ئادەم ئورگانىزمى توغرىسىدا» قاتارلىق خاس ئەسەرلەرنى يازغان، شۇنىڭدەك قەدىمكى گرېك پەيلاسوپ، ئالىملىرىدىن ئارىستوتېل قاتارلىقلارنىڭ «كاتېگورىيە»، «مېتافىزىكا»، «گېئومېترىيە»، «روھ ھەققىدە» قاتارلىق نۇرغۇن ئەسەرلىرىگە شەرھنامىلەر يازغان . فارابى يۇقىرىقى كاتتا ئىلىملەرنىڭ ئۇستازى، سەمەرىلىك ئىلمىي ئەمگەكلەرنىڭ ئىختىراچىسى بولۇش بىلەن بىللە يەنە يېتۈك چالغۇچى، مۇزىكانت، كومپوزىتور، شائىر ئىدى. ئۇنىڭ بارلىق ئىلمىي ھەم ئەقلىي تەپەككۇرى ئۇنىڭ مۇزىكا تەپەككۇرى بىلەن ئىنتايىن زىچ ماسلاشقان. فارابى ماتېماتىكا ياكى خىمىيىدە قىيىن مەسىلىلەرگە دۇچ كەلگەندە، قولىغا بەزىدە تەمبۇر، بەزىدە دۇتار ياكى ساتارنى ئېلىپ ئېسىل پەدىلەرگە چېلىپ، مېڭىسىنى ئارام ئالدۇرۇپ، روھىنى كۆتۈرۈپ، ئەركىن تەپەككۇر قىلىشقا ئادەتلەنگەن. مۇزىكا ئۇنى ھېسسىي تەپەككۇردىن ئەقلىي تەپەككۇرغا باشلاپ، ئەقىلدىن بىلىم تاپسا، مۇزىكىدىن لەززەت، يېڭى تەپەككۇرغا ئىگە بولغان. «مۇزىكا سېزىمى يوق ئادەم ئەقلى كەمتۈك ئادەمدۇر» دېگەن ئىلمىي خۇلاسە ئەل فارابى تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئىلمىي يەكۈن ئىدى...

ئەلقىسسە، ھەزرىتى فارابىنىڭ ئىچى تىتىلداپ، بىرخىل نازۇك مۇڭنى ھېس قىلىپ قالدى. مۇزىكىلارنى ئاقتۇرۇپ ئىزدىدى. ئۇ تەمبۇر بىلەن دۇتار ئارىسىدا دائىم بىر كەمتۈكلۈك، يۈرەكنىڭ تارىسىنى چېكىپ، ئىنسانىنىڭ ئەڭ زىل، ئەڭ نازۇك ھېسسىياتىنى غىدىقلايدىغان بىر سازنىڭ كەم ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى-دە، بارلىق ئۇيغۇر چالغۇلىرىنى بىر ـ بىرلەپ چېلىپ كۆرۈپ، بۇ كەمتۈكلۈكنى تولدۇرالمىدى. ئۇنىڭ ئېڭىدىكى مۇزىكا دۇنياسىغا قەدىم چالغۇ «غوڭقا» يېقىنلاشقاندەك تۇيغۇ بەردى. غوڭقانى قولىغا ئېلىپ تارلىرىنى ئىلماي چېكىپ باقتى، يېقىنلاشتى ـ يۇ، يەنىلا ئۇنىڭ دەل ئۆزى ئەمەس ئىدى. ئاخىرى قوشۇقنىڭ دەستىسى بىلەن ئۇرۇپ باقتى، يېقىنلاشتى ـ يۇ، ئەمما، يەنە بىرىيەرلىرى تازا دېگەندەك بولمىدى. دۇتارنىڭ تارىسىغا قوشۇقنىڭ كاسىسى بىلەن ئۇرغانىدى، ئۇمۇ يېقىنلاشتى ـ يۇ، يەنىلا بولمىدى. ئىلغان بىلەن چەككەن، قارنى بار بىلەن قارنى يوقنىڭ ئارىلىقىدىكى ھون چالغۇسى «چاڭ» تېخىمۇ يېقىنلاشتى. ئاخىرى چاڭنى ئېلىپ چېلىۋىدى، بوپقالدى... شۇنىڭ بىلەن ، مەدرىستە خىمىيە تەجرىبىسى ئېلىپ بېرىۋاتقان تۆت يۈزگە يېقىن شاگىرتىغا تۇيدۇرماستىن «ئۈچ بۇلۇڭسىمان بىر نەرسە»نى ئەكىرىپ،





ماقال ـ تەمسىل: قازانغا قارىغان قېرىنداش بولماس.

بوش ئىلىپ چېلىپ بېرىۋېدى، كېچىچە تەجرىبە ئىشلەپ، كۆزلىرى قىزىرىپ كەتكەن باللار ئىزىغا بىر ـ بىرلەپ يىقىلىپ ئۇخلاپ كەتتى... چۈش پېشىنگە يېقىن كىرىپ، تەجرىبىخانىدا كەلكۈندە يىقىلغان كۆچەتلەردەك قالايمىقان ياتقان باللارغا يەنە بىر چېلىۋېدى، ھەممىسى چۆچۈپ ئويغىنىشىپ، مۇزىكىنىڭ ئېچىنىشلىق رىتىمىدىن يىغلاپ كەتتى؛ مېلودىيىسىنى ئۆزگەرتىپ يەنە بىر چېلىۋېدى، باللار دەسلەپ تەبەسسۇم قىلىپ كۈلۈشتى، كېيىن كۈلۈپ تېلىقىپ كېتىشتى... فارابى يېنىدىكى مىرزىغا ئىشارەت قىلىۋېدى، مىرزا چۈش پېشىنگە ئەزان توۋلىدى. باللار كۈلۈشتىن دەرھال توختاپ، پېشىنگە ئالدىرىدى.

شۇ چاغدا ئۇستازى چالغان سازغا ھەيران بولغان بىر شاگىرتى سورىدى:

ـــ مەۋلانەم، چالغانلىرى بىز پەقەت كۆرمىگەن سازكەن. يېڭىدىن ئىختىرا قىلغان بولمىسىلا؟

ـــ بۇ ئاۋازنى بىر يىلغا يېقىن ئىزدەپ ئاران تاپتىم. مېنىڭ يۈرەك تارىمنى چەكتىمكىن دېسەم، سىلەرنىڭكىنىمۇ چەكتى ـ ھە؟

ـــ ئۇنىڭ ئېتىنى نېمە دەپ ئاتىدىلا؟

ـــ «قالۇن».

ـــ «قانۇن»غا يېقىن ئاتكەن.

ـــ ھەئە، سازلارنىڭ قانۇنى.

ـــ ئۇنى سۇلتان ھەزرىتىمگە بىزگە چالغاندەك بىر چېلىپ ئۇخلىتىپ، بىر چېلىپ ئويغىتىپ، بىر چېلىپ كۈلدۈرۈپ، يەنە بىر چېلىپ يىغلىتىۋەتسىلە. سۇلتان ھەزرەتلىرى خۇش بولۇپ، مەدرىسىنىڭ بۇ يىللىق خىراجىتىنى ئاشۇرۇپ بەرسە، بۇ يىل قىسىلماي ئوقۇيدىغان ئوخشايمىز.

ـــ كۆڭلۈمدىكىنى تاپتىڭ. مەن بىر يېڭىلىق ھاسىل قىلسام، سۇلتان ئالىيلىرى مەدرىسكە يەنە تالانتلىق يۈز بالا ئالدىغان ئاقچا كۆپەيتىدۇ. مەن ئۇنىڭغا يېڭىلىق خەۋىرى ئەۋەتەي، ـــ دەپ مىھراپقا ئۆتكەنىدى ئەل فارابى ھەزرەت.

راست دېگەندەك، قالۇننى ئىختىرا قىلىپ، باغداد خەلىپىلىكىنىڭ ئوردىسىدا سۇلتانغا سۇرىيە مۇزىكىسى چېلىپ بېرىۋېدى، بىر يېرىم ئايدىن ئارتۇقراق ۋاقىت ئۇيقۇسىزلىق كېسىلىگە گىرىپتار بولغان، ئەرەب يېرىم ئارىلى، ئوتتۇرا ئاسىيا، ھەتتا رىمدىن كەلتۈرگەن تېبىبىي ئالىملارنىڭ داۋالاشلىرى كار قىلماي سەپرا ـ چېچىلغاق بولۇپ قالغان سۇلتان ئالتۇن تەختىدە يانپاشلاپ يېشىپلا ئۇخلاپ قالدى. ئۇنىڭ ھۇزۇرلىنىپ ئۇخلاپ خورەك تارتىۋاتقىنىنى كۆرگەن ئوردا ئەركانلىرى خۇشاللىقتىن فارابىغا زەرياغلىق، تۈركچە تون، بىر تاۋاق تىللا ئىنئام قىلدى. سۇلتان شۇ بىر ئۇخلىغانچە ئىككى كېچە ـ كۈندۈز ئويغانمىدى.

ـــ مەۋلانە ھەزرەت جانابلىرى كەشىپ قىلغان بۇ سازنىڭ نېمە سېھرىي كارامىتى بار؟ ۋەسۋەسىگە چۈشۈپ پاراكەندە بولدۇق. سۇلتان ئالىيلىرىنى ئويغىتايلى دېسەك، «ئەگەر ئۇخلىيالىسام، ئۇيقۇدىن ئويغاتقۇچىنىڭ كاللىسىنى ئالىمەن» دەپ پەرمان جاكارلىغان بولغاچقا، ھازىر ئويغىتىشقا ھېچكىم پېتىنالمايۋاتىدۇ. سۇلتان ھەزرەتلىرى بۇنداق ئۇخلاۋېرىپ، بىرەر كېسەلشىمەسلىك بولۇپ قالسا، جانابلىرىنىڭ ئالتۇن باشلىرى ئامان قالمايدۇ. ئاڭلىساق، بۇ ساز بىلەن، ئىلمىي تەجرىبىگە كىرىشىپ كېتىپ ئۇخلاشنى ئۇنتۇپ قالغان تالىپلارنى ئۇخلاتقان ھەم ئويغاتقان، كۈلدۈرگەن ھەم يىغلاتقان ئىكەنلا. ئەمدى سۇلتان ئالىيلىرىنى ئاچچىقلاتماي ئويغىتىدىغان بىر پەدىگە چېلىپ، ئۇنى ئويغىتىپ بەرسىلە.

ـــ ئۇنداقتا، ئوردا خەزىنىسىگە يەنە بىر تاۋاق ئالتۇن زىيان بولىدىغان بولدى، ـــ دېدى ئەل فارابى مۇلايىملىق بىلەن تەبەسسۇم قىلىپ.

ـــ تېخى ئىككى كۈننىڭ ئالدىدا بىر تاۋاق ئالتۇن ئالدىلا. «يالغۇز ئىلىم ـ بىلىمدە ئەمەس، ئەخلاق ـ پەزىلەت بابىدىمۇ تەڭداشسىز زات» دېگەنناملىرىغا داغ چۈشمىگەي ئالىيلىرى. يەنە بىر تاۋاق ئالتۇن گەرچە ئوردا خەزىنىسى ئۈچۈن سۇلتان ئالىيلىرى مىنىدىغان جەڭ ئارغىمىقىنىڭ بىر تال يايلى ئۈزۈلگەنچىلىك ئىش بولمىسىمۇ، ئەمما ئۆزلىرىنىڭ پەلەككە تاقاشقان كاتتا ئابرۇيلىرى ئۈچۈن، بۇ قۇياشنىڭ يېرىمى تۇتۇلغاندەك ئىش بولارمىكىن؟

ـــ باغداد مەدرىسىگە ھازىر يەر يۈزىنىڭ ھەر تەرىپىدىن ئىلىم تەھسىل قىلغىلى كەلگەن تۈرلۈك ـ تۈمەن ئىرق ـ قوۋمدىن يىغىلغان تالىپلار باغداد مەدرىسىگە ئەمەس، باغداد كوچىلىرىغىمۇ پاتماس ھالەتكە كېلىپ، مەدرىسىمىز خىراجىتىگە تاغدەك ئالتۇن بولسىمۇ يېتىشمەس ھالغا كەلدى. ئىلىم ئىزدىگۈچىلەرنى تەشنالىقىغا قاندۇرۇش ـــ ئىسلامنىڭ بۈيۈك مەشھۇرىيىتىدۇر. باللارغا ئىلىم ئۆگىتىش ئۈچۈن پېقىرنىڭلا نوپۇزى كۆيىدىغان ئىش بولسا، بۇ كۆيگەن ئوتتا ئىلىم نۇرى ھاسىل بولۇپ، ئۆگەنگۈچى قاراڭغۇ دىللارنى يورۇتىدىغان ئىش بولسا مەن رازى. باغداد مەدرىسى تالىپلىرىنىڭ تەربىيەت ئىشلىرىغا ئوردىدىن دەرھەم ئۇندۇرۇۋېلىپ سەرپ قىلسام، يۈزۈمگە داغ چۈشسىمۇ مەن رازى...

شۇنداق قىلىپ، ئەل فارابى ھەزرەتلىرى قالۇننى شاگىرتىغا كۆتۈرگۈزۈپ ئوردا ياساۋۇللىرى ئېلىپ كەلگەن ئالتە ئارغىماق قوشۇلغان ئالتۇن كۈشۈگلۈك «سۇلتان



ماتال ـ تەمسىل: دۇنياغا پەرەس بولمىغان مەنسەپكە مەست بولماس.

مەپسى»گە ئولتۇرۇپ، سۇلتاننىڭ ھۇجرىسىغا كىردى. ئالتۇن گىرۇۋەكلىك كارىۋات بېشىغا يېقىن كېلىپ، تۆت قات تاۋار كۆرپە ئۈستىدە بەدەشقان قۇرۇپ ئولتۇرۇپ، قالۇننى دەسلەپ قەشقەر ئاھاڭلىرىغا، ئاندىن بالاساغۇن ئاھاڭلىرىغا يەڭگىل چېلىپ، بىر چاغقا كەلگەندە تۈركلەرنىڭ ئۇرۇش ئاھاڭلىرىغا چالدى. سۇلتان چاچراپ بېشىنى كۆتۈردى.

— ئوردىغا باستۇرۇپ كىرىشكە پېتىنغان نەدىن كەلگەن ياۋايى لەشكەركەن ئۇ؟

سۇلتان تەكيە ئاستىدىكى ئالتۇن ساپلىق شەمشەرنى ئاللىقاچان قولىغا ئېلىپ بولغانىدى... فارابى شۇئان مېلودىيىنى ئۆزگەرتىپ، يەنە بىر ئاھاڭغا چالدى. سۇلتان شەمشەرنى ئۇتقانچە پۈتۈن زېھنىي بىلەن قالۇن چېلىپ، كۆزىنى يۇمۇپ ئولتۇرۇپ كۈلكىلىك تەۋرىنىۋاتقان فارابىغا قاراپ قاقاھلاپ كۈلۈپ تېلىقىپ، كارىۋىتىدا ئولتۇرۇپ قالدى. شەمشىرى قولىدىن چۈشۈپ، تېلىقىپ كۈلگىنىدىن تۈگۈلۈپ قالدى.

— ۋاي ھەزرىتى مەۋلانەم ... تېخىچە ماڭا مۇزىكا چېلىپ بېرىۋاتاملا. بۇ ئاھاڭلىرى ئىچىمگە شەيتان كىرگۈزۈۋەتكەندەك نېمانداق كۈلدۈردىۇ، نېمانداق كۈلكىلىك ھەجۋىي مۇزىكا بۇ ... بولدى ... بولدى، بولدى قىلسىلا، تېلىقىپ كۈلۈپ ئۈچەيلىرىم ئۈزۈلۈپ كەتمىسۇن ... ئۆزلىرىمۇ بۇ مۇزىكىنى چالغۇچە نېمانداق كۈلكىلىك قىياپەتكە كىرىپ قالدىلا؟ ... بولدى ... قورسىقىم ئېچىپ، ئات چاپقاندەك تاراقلاۋاتىدۇ ... دەرھال داستىخان تەييارلاتىلا، مەن ئۇستاز بىلەن يالغۇز ئولتۇرۇپ غىزالىنىمەن!

* * *

شۇنداق قىلىپ، ئەل فارابى ئوردىدىن يانغاندا، سۇلتاندىن باغداد مەدرىسىنى يەنە بىر تومەن تالىپ سىغقۇدەك كېڭەيتىپ ياساش قۇرۇلۇشىغا پەرمان ئېلىپ قايتتى. شۇنىڭ بىلەن، ھەر قېتىم ئۇخلىيالماسلىق كېسىلى تۇتقاندا، سۇلتان ئەل فارابى ھەزرەتتىن قالۇن ئاڭلايدىغان، زېرىككەندە كۈلكىلىك ياكى يىغلىتىدىغان مۇزىكا ئاڭلايدىغان بولدى... ئەل فارابى ھەزرەتنىڭ ۋاقتى زايە بولۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلغان سۇلتان ئوردىدا بىر مۇزىكا ئۆمىكى قۇرۇشقا پەرمان چۈشۈردى. ئەل فارابى مۇزىكا ئۇستىلىرىنى ئۆزى بىر قوللۇق تاللاپ تەربىيلەپ چىقتى. بۇ جەرياندا ئۇ ئوردىدا يەنە بىر رەسەتخانا تەسىس قىلىپ، ئاسمان جىسىملىرى ـ يۇلتۇز تەتقىقاتخانىسى ۋە ماتېماتىكىخانا، ئەنجۇمەنخانا قۇردى. ئەڭ كۆرۈنەرلىك بولغىنى، باغداد كۈتۈپخانىسى بۇرۇنقىدىن ئون ھەسسە زورايتىلدى. يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىسىنىڭ باغداد خەلىپىسى ئوردىسىنىڭ مەڭگۈلۈك خەلىپە راسخوتى بىلەن تەمىنلىنىدىغان ھوقۇقى قانۇنلاشتۇرۇلدى. باغداد مەدرىسى بىلەن باغداد كۈتۈپخانىسى ئەل فارابىنىڭ باغداد خەلىپىسىدىن ئالغان ھەددى ـ ھېسابسىز دەرھەملىرىنىڭ كۈچىدىن دۇنياغا مەشھۇر بولۇپ تونۇلدى. باغداد ئوردىسى مۇزىكانتلىرى ئۈچۈن فارابى يەنە ئۇيغۇرلارنىڭ ھون دەۋرىدە مەيدانغا كەلگەن ئىككى تارىلىق غىجەكنى ئاساسىدا ھازىرقى ئۇيغۇر غىجىكىنى ئىختىرا قىلىپ تەقدىم قىلدى. باغداد خەلىپىسى «بۇ تۆھپە ئۈچۈن قانداق مۇكاپات ئالىسىز؟» دەپ سورىغاندا، سۇلتاننىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا لەشكەر تارتىپ جازا يۈرۈش قىلماسلىقىنى تىلىدى. ئەل فارابىغا يۈز كېلەلمەي، سۇلتان ئۈچ يىل تەييارلىق قىلغان ھەربىي يۈرۈشنى، يەنى ئوتتۇرا ئاسىياغا قىلىدىغان جازا يۈرۈشنى ئەمەلدىن قالدۇردى...

دېمەك، ئەل فارابىنىڭ تەبىئىي پەندىمۇ، ئىجتىمائىي پەندىمۇ، سەنئەتتىمۇ كامالەتكە يەتكەن ئىلمى ھەم شۇ ئىلىملەرنىڭ پەزىلىتىدىن ئېرىشكەن كاتتا ئابرۇيى ئۇرۇش قىرغىنچىلىقىنىڭ ئالدىنى ئالغان. نامى مەڭگۈلۈك بولغان باغداد خەلىپىلىكىنىڭ « ئىلىم ـ مەرىپەت خەلىپىلىكى» بولۇپ، دۇنياغا ئىلىم ـ مەرىپەت تارقاتقان كاتتا تۆھپىسى دۇنيا تارىخىدا ئەسىردىن ئەسىرگىچە، ئەجدادتىن ئەۋلادقا، ھەتتا ھازىرغىچە مەشھۇر بولۇپ كەلمەكتە.

تەكىتلىمەكچى بولغىنىمىز: ھەزرىتى ئەل فارابى بارلىق ئىلىملەر قاتارىدا، «ئىلاھى ئىلىم ــ سەنئەت»نى ۋە مۇزىكىنى ئىنتايىن ياخشى كۆرەر ئىدى. بۈگۈنكىدەك ھەقىقىي سەنئەت ۋە سەنئەتكار بىلەن ھەقىقىي بولمىغىنى، ساپ مىللىي سەنئەت بىلەن ئارىلاش مەھسۇلاتلار بىللە مەۋجۇت بولۇپ، بىر ـ بىرىنى ئىنكار قىلىشىۋاتقان مەزگىلدە فارابى، يۈسۈپ خاس ھاجىب، ئەلىشىر نەۋائىيغا ئوخشاش ئەللامە، ئالىملىرىمىزنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى ئۇلۇغلىغان، قەدىرلىگەن، راۋاجلاندۇرۇشقا ھەسسە قوشقان روھى بىزگە ئۈرنەك ۋە ئىلھام بولۇشى كېرەك؛ سەنئەت بىلەن ئىلىم ـ پەننى، سەنئەت بىلەن دىنتى بىر ـ بىرىگە قارىمۇ قارشى قىلىپ خەلقنى قايمۇقتۇرىدىغان ئىشلارنىڭ ئالدىنى ئېلىشىمىز ۋە ئۇنىڭ ھاياتىمىزدىكى رولى، ئورنىغا ئىلمىي مۇئامىلە قىلىشىمىز كېرەك.

پايدىلانمىلار:

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەدئىمىن «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1998 ـ يىلى نەشرى.

(ئاپتور: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئوپېرا ـ دراما ئۆمىكىدە كەسپىي يازغۇچى)



ماقال ـ تەمسىل: تەمخور ھەجگە بارسا ھېجىرنى ئېلىپ بارار.

# ئۇيغۇرلارنىڭ

# رەڭ چۈشەنچىسى



ـ غەيرەتجان ئوسمان ـ

بىز ياشاپ تۇرغان ماددىي دۇنيا ھەر خىل جىسىملار-دىن تەركىب تاپقان. جىسىملار رەڭگارەڭ ئېلېمېنتلاردىن ھاسىل بولغان. رەڭلەرنىڭ جىسىملار ھالىتىدە تۇتقان ئورنى تولىمۇ مۇھىم بولۇپ، ھەتتا قەدىمكىلەر «رەڭ جىسىمنى جىسىم قىلغان نەرسە»، «رەڭ يالتىراق جىسىملارنىڭ نېمىدىن يالتىراق بولىدىغانلىقىنىڭ چېگرى-سىدۇر» ① دېگەن چۈشەنچىدە بولغان. دېمەك، قەدىم-كىلەر «ۋۇجۇدقا كەلگەن ۋە يوقىلىپ كېتىدىغان جىسىملاردا رەڭ پەيدا بولىدۇ» دېگەن قاراشتا بولۇپ، رەڭنىڭ ئوبيېكتىپ مەۋجۇتلۇقىنى ئالاھىدە تەكىتلىگەن.

رەڭ تارىختىن بېرى كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىغا ئالاھىدە تەسىر كۆرسىتىپ كەلگەن. ئالدى بىلەن ئىنسانلارنىڭ كۆرۈش سەزگۈسىدە ئىپادىلەنگەنلىكى ئۈچۈن، رەڭلەرنىڭ تۈرى ھەم خاسلىقى تەپەككۇرغا تەسىر قىلغان. بۇ خىل ئەھۋال رەڭ چۈشەنچىسىنىڭ ئىجتىمائىي تۈس ئېلىشىنىڭ ئالدىنقى شەرتى بولۇپ قالغان. يەنى رەڭ قارىشى ئوبيېك-تىپلىقتىن سۇبيېكتىپلىققا قاراپ يۈزلەنگەن.



قەدىمكى ئىنسانلار ئوبيېكتىپ ماددا ياكى شەيئىلەرنىڭ خۇسۇسىيىتى ۋە رەڭگىگە قاراپ، ھەر خىل رەڭ سۆزلە-رىنى ئىجاد قىلغان بولسا، زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ خىل رەڭ سۆزلىرى كۆچمە مەنىدە ئىشلىتىلىپ، ئادەملەر ھەۋەس قىلغان ۋە زوقلانغان شەيئىلەر مەزكۇر رەڭ سۆزلىرى بىلەن سۈپەتلىنىدىغان ئەھۋاللار بارلىققا كەلگەن. بۇنىڭ بىلەن كىشىلەردە رەڭلەرگە ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىدىغان، ھەتتا ئۆز ھېسسىياتى ۋە چۈشەنچىسىنى رەڭ ئارقىلىق ئىپادىلەيدىغان خاس كۆزقاراش شەكىللەنگەن. «قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي داستانى ئوغۇزنامە»دە ئوغۇزنىڭ تۇغۇلغان چاغدىكى قىياپىتىنى سىرلىق، جەزبدار ۋە دەبدەبىلىك تەرزدە ئىپادىلەش ئۈچۈن رەڭ سۆزلىرى ئىنتايىن جانلىق تەتبىقلانغان. مەسىلەن:

بىر كۈنى ئايخاننىڭ كۆزى يورىدى،
ئۇ بىر ئوغۇل تۇغدى.
بۇ ئوغۇلنىڭ يۈز چىرايى كۆك ئىدى،
ئاغزى چوغدەك قىزىل، كۆزلىرى ھال، چاچلىرى، قاشلى- री قارا ئىدى، ئۇ هۆر پەرىلەردىنمۇ چىرايلىقراق ئىدى. ②

«ئوغۇزنامە»دە «كۆك» (رەڭ) سۆزى ئالاھىدە تەسۋىرلەنگەن. يەنى ئۇ يۈكسەكلىكنىڭ، شان ـ شەرەپ ۋە ئۇلۇغلۇقنىڭ سىمۋولى قىلىنغان. بۇ سۆز ئەقىللىق ۋە باتۇر ئوغۇزنىڭ سۈپىتىنى ئىپادىلەشكە ئىشلىتىلىپ قالماس-تىن، يەنە ئوغۇزنىڭ خانىشىنى تەۋەللۇت قىلغان يارۇق، يەنى نۇر «كۆك يارۇق» ـــ كۆك نۇر دەپ ئاتالغان بولسا، توقلىنىڭ كۆزى «ئاسماندىنمۇ كۆكرەك» دەپ سۈپەت-لەنگەن ھەم بۇنىڭدىن تۇغۇلغان تۇنجى ئوغۇلغا «كۆك» دەپ ئىسىم قويۇلغان. ئوغۇزخان چوڭ بولۇپ، ھۆكۈمدار بولغاندىن كېيىن، سەپەرگە ئاتلانماق بولۇپ، تەييارلىنىپ تۇرغىنىدا يورۇق ئىچىدىن كۆك تۈكلۈك، كۆك يايلىق چوڭ بىر ئەركەك بۆرە پەيدا بولۇپ، ئوغۇزخانغا يول باشلاپ ماڭىدىغانلىقىدىن بېشارەت بېرىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى ئۇرۇق، قەبىلە ۋە قەبىلىلەر بىرلەشمىسى بولۇپ ئۇيۇشۇشقا كىرىشكەن زامانلاردىن باشلاپلا، ھەر خىل رەڭلەرنى ئۆزلىرىنىڭ مىللىي بەلگىسى قىلىپ تاللىغان. مەسىلەن، ئېلىمىزنىڭ شيا، شاڭ سۇلالە-لىرى دەۋرىدە مەركىزىي جۇڭگو رايونىنىڭ شىمالىدا دىلار ياكى شىمالىي دىلار دەپ ئاتىلىدىغان بىر خەلقلەر توپى ياشىغان بولۇپ، بۇلار ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى دەپ قارىلىدۇ. ئەنە شۇلار شاڭ سۇلالىسى دەۋرى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 1046 ـــ 1600 ـ يىللار)دە «ئاق دىلار» ۋە «قىزىل دىلار» دېگەنگە ئوخشاش ناملار بىلەن ئاتالغان. يەنى ئاق رەڭلىك كىيىم كىيىدىغانلار «ئاق دىلار»، قىزىل رەڭلىك كىيىم كىيىدىغانلار «قىزىل دىلار» دەپ ئاتالغان.

مەركىزىي جۇڭگونىڭ شىمالىدا ياشىغان، جۇڭگو مىللەتلىرىدىن بىرى بولغان قەدىمكى ھونلار تېخىمۇ ھەيۋەتلىك بولۇش ئۈچۈن ھەربىي قوشۇنغا كېرەك بولى-دىغان ئۇرۇش ئاتلىرىنى زېمىنىنىڭ تۆت تەرىپىگە تەقسىم قىلىپ تۆت خىل رەڭدە، يەنى شەرق تەرەپكە كۆك ئاتلىق، شىمال تەرەپكە قارا ئاتلىق، غەرب تەرەپكە بوز

ئاتلىق، جەنۇب تەرەپكە قىزىل توروق ئاتلىق قوشۇن تەرتىپى بويىچە سەپ تۈزگەن. ③

تارىخىي ماتېرىياللاردا خاتىرىلەنگەن كۆك تۈرك، قىزىل تۈرك، ④ ئاق تۈرك، قارا تۈرك، قىزىل گوشو، قارا گوشو ⑤، سېرىق ئۇيغۇر، قارا ئۇيغۇر، قىزىل ئارسلان، قاراخانىيلار، ئاق تاغلىقلار، قارا تاغلىقلار قاتارلىق قەبىلە ـ قوۋم ۋە مەزھەپ نامىلىرىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىدا رەڭ سۆزلىرىنىڭ تەسىرى چوڭقۇر بولغان.

ئادەم ئىسىملىرى، يەر ـ جاي نامىلىرى قاتارلىقلاردىمۇ رەڭ سۆزلىرىنىڭ ماسلىشىشچانلىقىغا ئەھمىيەت بىلەن مۇئامىلە قىلىنغان. مەسىلەن: قاراخان، قارابۇغراخان، قارا باتۇر، قارابوقا، قاراتېگىن، ئاقخان، ئاقپاشا، ئاقتېگىن، قىزىلچى خېنىم قاتارلىقلار.

گۈل ـ گىياھ، ئۆسۈملۈكلەرنىڭ رەڭگىگە قاراپ، رەڭگە بولغان ھېسسىياتىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن لەيلىگۈل، تاجىگۈل، مايىسگۈل، ياسىمەنگۈل، چىمەنگۈل قاتارلىق ئىسىملارنى ئىشلەتكەن بولسا، تۇغقاندارچىلىقتا يېقىنلىقنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئاقئانا، ئاقئاچا دېگەن ئاتالغۇلار قوللىنىلغان.

يەر ـ جاي نامىلىرىدىن: ئاقئۆستەڭ، ئاقتاغ، ئاقبۇلاق، ئاققاش، ئاقتۆپە، قاراشەھەر، قاراسۇ، قاراقچىر، قارامۇرەن، قاراقۇم، كۆكتوقاي، كۆكدالا، كۆكگۈمبەز، قىزىلقۇم، قىزىلجاي قاتارلىق ئاتالغۇلار ئىشلىتىلگەن.

ئەجدادلارنىڭ رەڭ چۈشەنچىسىدىكى گۈزەللىك تۇيغۇسى سەنئەتنىڭ ئۇسسۇل تۈرىدە ئىنتايىن گەۋدىلىك يوسۇندا ئىپادىلەنگەن. بۇنىڭ ئىچىدە قەدىمكى كۇسەن (كۇچا) ئېلىدە تارقالغان «شىر ئۇسسۇلى» يۇقىرى ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە.

قەدىمكى كۇسەنلىكلەر ئانا رەڭدىن تۆت خىل رەڭنى (كۆك، قىزىل، ئاق، قارا رەڭ) تاللاپ، ئۇنىڭغا شاھانە رەڭ دەپ قارالغان سېرىق رەڭنى ۋەكىل قىلىپ، بەش خىل رەڭلىك كۇسەن ئۇسسۇلىنى تەرەققىي قىلدۇرغان. «بەش خىل» رەڭلىك شىر ئۇسسۇلى تاڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى چاغلىرىدا چاڭئەنگە كىرىپ كۇسەن ئويۇنى نامىدا ئوينىلىپ، چاڭئەننى لەرزىگە سالغان. ئۇ دەسلەپ كۇسەندىن گەنسۇنىڭ لياڭجۇ دېگەن يېرىگە، ئاندىن چاڭئەنگە كىرگەن بولغانلىقى ئۈچۈن «غەربىي لياڭ ئويۇنلىرى» دېگەن نام بىلەنمۇ مەشھۇر بولغان. تاڭ سۇلالىسى پادىشاھى شۈەنزۇڭ خان دائىم چوڭ تىپتىكى شىر ئۇسسۇلى كۆردۈرۈپ، ئۆزى رېژىسسورلۇق قىلغان. «كۇسەن شىر ئۇسسۇلى»دىكى تۆت خىل ئانا رەڭ دۇنيانىڭ تۆت تەرىپىگە، سېرىق ياكى ساغۇچ رەڭ مەركەز ياكى ھۆكۈمدارغا سىمۋول قىلىنغان.

ئەجدادلار ئىنساننىڭ تاشقى قىياپىتى، كىيىم ـ كېچەكلىرىگىلا رەڭ ـ بوياق سۆزلىرىنى تەتبىقلاپ قالماستىن، بەلكى ئىنسان پسىخىكىسى ۋە ئىچكى مىجەزىنىمۇ رەڭ ئارقىلىق ئىپادىلەشكە ئەھمىيەت بەرگەن. مەسىلەن: مۇتەپەككۇر شائىر يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدا بۇ ھەقتە توختىلىپ مۇنداق يازغان:

مىزاجىڭنى ئېيتاي ئۇچۇق ساڭا، بىل،
سېرىق، ئاق، قارادۇر ۋە ياكى قىزىل.
(4632 ـ بېيت)

بۇلارنىڭ بىرىسى بىرىگە يېغى،
يېغىلارنى بۇ رەڭ بىلەن ئايرىغىل. ⑥
(4633 ـ بېيت)

يېقىنقى زاماندا ئۆتكەن شائىر ئابدۇرېھىم نىزارى (1776 — 1850 ـ يىللار) «دەھرۇننەجاد» ناملىق داستانىدا ئۆلۈم بىلەن رەڭنى ماسلاشتۇرۇپ مۇنداق تەسۋىرلىگەن:

كىشىكىم ھايات تۆرت ئۆلۈم باردۇر،
ئەگەر ئۇچرىسا رەنجۇ ئازاردۇر.

ئۆلۈملەر ئېرەر يەئنى ئاقۇ قىزىل،
يەنە ئىككىسدۇر قارا ۋە ياشىل.

بۇ قايسى ئۆلۈمدۇر بەيان ئەيلىگىل،
مىسالىنى بىزگە ئەيان ئەيلىگىل. ⑦

رەڭ سۆزلىرىنى ئىستېتىكىلىق گۈزەللىكنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە ئېلىپ چىقىپ، ۋايىغا يەتكۈزۈپ تەسۋىرلەشنىڭ مەشھۇر ئۆلگىسى شائىر تەجەللى، يەنى ھۇسەيىنخان ئەكبەر تەجەللى ھەزرەتلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇ «قارا بىلەن ئاق» ناملىق قەسىدىسىدە قارا بىلەن ئاق رەڭنى كۆچمە مەنىدە تەسۋىرلەپ، ئىنسان، ئىنسان خاراكتېرى، جەمئىيەت، زامان، ماكان بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، كىشىلىك ھاياتنىڭ ماھىيىتىنى كۆرسىتىپ بېرىشكە ئىنتىلگەن. ⑧

ئەجدادلارنىڭ ماقال ـ تەمسىللىرى، قىممەتلىك سۆزلىرىدىمۇ رەڭ سۆزلىرى بىلەن ئىنسان پسىخىكىسى ۋە خاراكتېرى بىرلەشتۈرۈۋېتىلگەن مەزمۇنلارنى كۆپلەپ ئۇچرىتىمىز. مەسىلەن:

△ ھايۋاننىڭ ئالىسى تېشىدا، ئادەمنىڭ ئالىسى ئىچىدە.

△ ئۆرۈشنىڭ بىرى جەڭ، توققۇزى رەڭ.

△ بوياق بىلەن بويىغىچە تېشىڭنى، بىلىم بىلەن زىننەتلىگىن ئىچىڭنى.

△ تېشى پال ـ پال، ئىچى غال ـ غال.

△ قاغا بالام ئاپئاق، كىرپە بالام يۇمشاق.



ماقال ـ تەمسىل: تىلۋە ئات مىنسە تەڭرىنى تونۇماس.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، ئەجدادلار تەبىئەت دۇنياسىدىكى رەڭنى تونۇش، پەرقلەندۈرۈش، ئۇنى ئىجتىمائىي قاراش ۋە كىشىلىك تۇرمۇشقا تەتبىقلاش ئۈچۈن هارماي-تالماي ئىزدەنگەن، ھەتتا بالىلارغا كىچىكىدىن رەڭ تونۇش تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشنى بىر ئادەتكە ئايلاندۇرغان. بۇنىڭ بۈگۈنكى تۇرمۇشتىكى بىر ئىپادىسى شۇكى، ئانىلار بوۋاقنى بۆشۈككە بۆلىگەندە، بۆشۈكنىڭ ئوق ياغىچىغا رەڭدار يۇمۇلاق تۇمار ئېسىپ قويۇپ، بالىلارنىڭ رەڭ قارىغۇسى بولۇپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا نەچچە ئون يىللار بۇرۇن بالىلارغا كىيدۈرۈلىدىغان قۇراق چاپانلارنىڭمۇ رەڭنى تونۇتۇشتا رولى بولۇشى مۇمكىن. بۆشۈكلەرنىڭ بويىلىشىدىكى، سىر بېرىشتىكى رەڭدارلىقنىمۇ ئەھمىيەتسىز دەپ ئېيتالمايمىز.

ئەجدادلارنىڭ رەڭ توغرىسىدىكى ئېستېتىكىلىق قارىشىنى مۇنداق باسقۇچلار ئارقىلىق خۇلاسىلەش مۇمكىنچىلىكى بار.

بىرىنچى، ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە، يەنى، ئەپسانىۋى شەخس ئوغۇزخان ياشىغان ئوغۇزخان زامانىسىدا ئەجدادلار كۆك رەڭنى يېتەكچى رەڭ دەپ، ئۇنى باشقا رەڭلەرگە قارىغاندا مۆتىۋەر ئورۇنغا قويغان ياكى ئۇنىڭغا چوقۇنغان. «ئوغۇزنامە»دىكى بايانلار بۇنىڭغا مىسال بولىدۇ. بۇ خىل ئەھۋالنى ئۆز نۆۋىتىدە ئەجدادلارنىڭ يايلاق تۇرمۇشىنىڭ ئىنكاسى دەپ چۈشەندۈرۈش مۇمكىنچىلىكى بار.

ئىككىنچى، ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ ئاخىرى ۋە فېئودالىزم جەمئىيىتىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا سېرىق ياكى ساغۇچ رەڭنى مۆتىۋەر رەڭ دەرىجىسىگە كۆتۈرگەن. بۇ خىل ئەھۋال ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقى، قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى، كۇسەن ئۇيغۇر خانلىقى، جۈملىدىن، تارىم بوستانلىقىدىكى بۇددىزم مۇھىتىدا تەشكىل تاپقان قەلئەلىك خانلىقلىرى زامانىسىدا روشەن هالدا كۆرۈلگەن. مەسىلەن، ئورقۇن ئۇيغۇر خاقانى، قوچۇ ئۇيغۇر خاقانى ۋە كۇسەن ئۇيغۇر خاقانلىرى ئۈستىگە سېرىق كىيىم كىيىپ يۈرۈشكەن. ⑨ بۇ ئېكىنچىلىك مەدەنىيىتىنىڭ مەھسۇلى بولۇشى مۇمكىن. يەنى، ئېكىنچىلىك ئىگىلىكىنىڭ ئاساسى زىرائەت دېھقانچىلىقى بولۇپ، زىرائەتلەر پىشىپ يېتىلگەندە سېرىق ياكى ساغۇچ هالەتكە كېلىدۇ. بولۇپمۇ شىنجاڭدا ئوتتۇرا ئەسىردە كۆپ تېرىلغان بۇغداي، ئارپا، تېرىق، زىغىر، زاراڭزا، نوقۇت، پۇرچاق قاتارلىقلار سامان غوللۇق زىرائەت ۋە ياغلىقدان ئۆسۈملۈكلىرى بولۇپ، ئۇلار ئوخشاشلا پىشقاندا ساغۇچ ياكى سېرىق هالەتكە كېلىدۇ. زىرائەتتىن هوسۇل ئېلىش ئېكىنچىلىك ئىگىلىكىنىڭ ئاساسىي مەقسىتى بولغانلىقى ئۈچۈن، فېئودالىزم جەمئىيىتىنىڭ مەلۇم باسقۇچىدا ياشاپ تۇرغان قەدىمكى ئۇيغۇرلار ئۆزىنىڭ جىددىي تۇرمۇش ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشتىكى بىر ۋاستە بولغان زىرائەتلەرگە بولغان چوڭقۇر مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، ئەينى چاغدا سېرىق رەڭنى مۆتىۋەر رەڭ دەرىجىسىگە كۆتۈرگەن. بۇ هال ئالدى بىلەن ئەل ـ يۇرتنىڭ يول باشلىغۇچىسى بولغان خاقانلارنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرى ۋە مىللىي روهنىڭ نامايەندىلىرىدىن بىرى بولغان ئۇسسۇل سەنئىتىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان.

ئۈچىنچى، فېئودالىزم جەمئىيىتىنىڭ ئوتتۇرىلىرى يەنى قاراخانىيلار خانلىقىدىن باشلاپ، قارا رەڭ مۆتىۋەر رەڭگە ئايلانغان. بۇ خىل ئەھۋال مەزكۇر خانلىقنىڭ خانلىق نامى بولغان «قارا» سۆزىنىڭ قوللىنىلىشىدىن، شەرقىي رىملىق تارىخچى يەقۇتى (1179 — 1229)نىڭ «مۇشتەرىك» (يەر ـ جايلار قامۇسى، 1224 ـ يىلى يېزىلغان) ناملىق كىتابىدىكى توققۇز ئوغۇزنىڭ بايرىقى قارا رەڭلىك بولىدىكەن، دېگەن تارىخىي ئۇچۇرىدىن، ⑩ يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن سەيياھ لىيۇجىڭنىڭ «شىمالغا ئەلچىلىك خاتىرىسى» ناملىق كىتابىدىكى «ئۇيغۇرلار قارا رەڭنى ياخشى كۆرىدىكەن» دېگەن بايانلىرىدىن چۈشىنىپ يەتكىلى بولىدۇ. بۇ فېئودالىزم جەمئىيىتىدىكى ئىلغارلىق بىلەن مۇتەئەسسىپلىك، ئىچكى ـ تاشقى بېسىم ۋە كرىزىس قاتارلىقلارغا بولغان مۇئامىلە، چىدامچانلىق، قەيسەرلىك، بىپايان شىمال كەڭلىككە بولغان ھەۋەس، پىشىپ يېتىلىشكە بولغان ئىنتىلىش قاتارلىق تەرەپلەرنىڭ ئىنكاسى بولۇشى مۇمكىن. بۇ باسقۇچتا ئاق، كۆك، قىزىل ۋە سېرىق رەڭلەرنىڭ يېتەكچىلىك رولىمۇ تۆۋەن بولمىغان.

تۆتىنچى، هازىرقى زامان ۋە يېڭى دەۋردىكى رەڭ قارىشى. بۇ ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ پارتلىشىنى بەلگە قىلغان، جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ دۇنياغا كېلىشىنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ قىلغان ئىنقىلابىي ھەرىكەتلەرگە سىمۋول قىلىنغان «قىزىل» رەڭدىن ئىبارەت رەڭ قارىشى جۇڭگو مىللەتلىرىنىڭ بىر ئەزاسى بولغان ئۇيغۇرلارنىڭمۇ ئىنقىلابىي رەڭ قارىشى بولۇپ، 20 ـ ئەسىر ئىچىدە مۆتىۋەر ئورۇنغا كۆتۈرۈلگەن.

ئەجدادلارنىڭ بوياق ۋە رەڭ قارىشى توغرىسىدىكى تارىخىي ئەھۋاللارنى ئۆگەنگەن ھەم كۆزەتكەندە، شۇنداق بىر ئىلمىي يەكۈنگە ئېرىشكىلى بولىدۇكى، بوياق ۋە رەڭ ھەققىدىكى چۈشەنچىلەر تارىخىي تەرەققىياتقا ئەگىشىپ بارلىققا كەلگەن، تەرەققىي قىلغان، ئۆزگەرگەن. ئۇ ئەجدادلارنىڭ ئېستېتىكىلىق قارىشىنى، ئىجتىمائىي قارىشىنى ۋە تەبىئەت ھەققىدىكى قارىشىنى شەكىللەندۈرۈش، زورايتىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشكە ئۆزىنىڭ مۇناسىپ



ماقال ـ تەمسىل : جاندىن كېچىسەڭمۇ ماكاندىن كەچمە.

ھەسسىسىنى قوشقان. ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش بىلەن، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئىلگىرىلىشىگە زور دەرىجىدە تۈرتكىلىك رول ئوينىغان. ئۇلارنى ئەسلەش، تەكشۈرۈش ۋە ئۆگىنىشنىڭ ئەھمىيىتى چوڭقۇر، ئەلۋەتتە.

پايدىلانمىلار:

① ئەبۇ نەسىر فارابى «پەلسەپىۋى سوئاللار ۋە ئۇلارغا جاۋاب»، شىرىندىن ئۇمەر يازغان «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىدىن ئوچېركلار»نىڭ 327 ـ، 328 ـ بەتلىرىگە ئېلىنغان نەقىل، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1982 ـ يىل نەشرى.

② «قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي داستانى ئوغۇزنامە»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1981 ـ يىل نەشرى.

③ لى شىنىڭ باشچىلىقىدا تۈزۈلگەن «جۇڭگو شىنجاڭنىڭ تارىخى ۋە ھازىرقى ئەھۋالى»، 33 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2003 ـ يىل نەشرى.

④ ئوتتۇرا ئەسىردە ئۆتكەن ئەرەب تارىخچىسى ئىدرىسى «قىزىل تۈرك» دېگەن نامنى تىلغا ئالغان. بۇ ھەقتە ھىنيۈلىنىڭ «شەرقتە سەپەر خاتىرىسىدىن ئۈزۈندىلەر» دېگەن كىتابىنىڭ خەنزۇچە نەشرى 110 ـ بېتىگە قارالسۇن، يۈننەن خەلق نەشرىياتى، 2002 ـ يىل نەشرى.

⑤ قەدىمكى تۈركلەرنىڭ قەبىلە ـ ئىماقلىرى.

⑥ يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1984 ـ يىل نەشرى.

⑦ ئابدۇرېھىم نىزارى «دەھرۇننەجاد»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1988 ـ يىل نەشرى.

⑧ «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981 ـ يىل نەشرى.

⑨ «تاڭ، سۇڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر تارىخىغا دائىر ماقالىلەر»، خەلق نەشرىياتى، بېيجىڭ، 1994 ـ يىل نەشرى.

⑩ گابرىئىل. فېرراند (فرانسىيە) «ئەرەب، پارس، تۈركلەرنىڭ شەرق ھۆججەتلىرىگە ئىزاھات» گېڭ شېڭ، مۇگېنلەي خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغان نۇسخا، بىرىنچى كىتاب 234 ـ بەت، جۇڭخۇا نەشرىياتى، 1989 ـ يىل نەشرى.

*(ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىدا ئوقۇتقۇچى)*

# ئەقىل ئۈنچىلىرى

مەرەتجان ئابدۇغېنى

○ ھېچ ئىش قىلالمىساڭ، تەپەككۇر قىلىپ تۇر. تەپەككۇر پىچىقىنى بىلەپ تۇرمىساڭ، نادانلىق دۈشمىنىڭنى ئۆلتۈرەلمەيسەن. تەپەككۇر پىچىقىنى بىلىسەڭ ئۇنىڭدىن ئەقىل ئۇچقۇنلىرى چاچرايدۇ.

○ قول ـ قولنى يۇمىسا، يۈزنىڭ مەڭگۈ پاكىز قالىدىغانلىقىنى ئەستىن چىقارما.

○ نۇرغۇن كىشىلەر ھەق ـ ناھەقنى، ئاق ـ قارىنى «ھەق نېمە؟ پايدا. ناھەق نېمە؟ زىيان. ئاق نېمە؟ كىرىم. قارا نېمە؟ چىقىم» دەپ ئايرىۋاتقانلىقتىن جەمئىيىتىمىز بۇزۇلۇپ كېتىۋاتىدۇ.

○ ئەر كىشى ھەرقانداق ئىشنى قىلىپ بېقىشى كېرەك دەيمىز. مەن دەيمەن، ئەر كىشى ئەقىل بىلەن ئۆزى ۋە ئۆزگىگە پايدىلىق ھەرقانداق ئىشنى قىلىپ بېقىشى كېرەك.

○ ئېسىڭدە بولسۇنكى، ھەرقانداق ۋاقىت، ھەرقانداق جايدا ئۆزۈڭنى ئەلدىن ئايرىپ قارىما، بىر خەلق بىر تۈپ دەرەخكە ئوخشايدۇ. مىسالەن، بۇ دەرەخ ئاچچىق ئۆرۈك بولسا، مەن ئۇنىڭدىكى تاتلىق ئۆرۈك دېسەڭ، ئەقلى بار ھېچقانداق كىشى ئىشەنمەيدۇ.

○ دورا شىپالىق بولسىمۇ، ئۇنى كېسەلگە قاراپ يېمىسەڭ زەھەرگە ئايلىنىدۇ.

○ بالاڭغا ۋاپا، ئىنساپ، ئادالەتنى ئۆگەتمەي تۇرۇپ، پۇل تېپىشنى ئۆگىتىمەن دېيىش، سۆگەتتىن ئامۇت ئېلىپ يەيمەن دېگەن بىلەن ئوخشاش.

○ دىلىدىن ئىنساپ، ئادالەت كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن كىشىنىڭ قولىدىكى پۇل نانىنىڭ ئەينەكتىكى شولىسىدىن ئىبارەت، ئۇنى كۆرەلەيسەن، يېيەلمەيسەن، ئۇنىڭغا ئىشتىھا ساقلىساڭ ھامان ئاچلىقتىن ئۆلۈپ قالىسەن.

○ ئۆزلۈك ئېڭى يېتىلمىگەن ئادەمنى ئۆزگىلەرنىڭ ئارقىسىغا تاشلاپ قويساڭ ئۇنى يىتتۈرۈپ قويىسەن.

○ ئالدىدا ئېنىق نىشانى بولمىغان ئادەمنىڭ ئارقىسىدا ئېنىق ئىزى بولمايدۇ.

○ ھېچقانداق قىزىقىشى بولمىغان ئادەم بىر ئۆمۈر ئۆزىنىڭ نېمە قىلغانلىقىنى بىلمەي ئۆتۈپ كېتىدۇ.

○ ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىزى ئۆچمىسۇن دېسەڭ، بالىلىرىڭنى ئېلىپ ئەجدادلىرىڭنىڭ ئىزىنى ئىزدەپ تۇر، ئۇلارنى ئەجدادلىرىڭنىڭ يولىدىن مېڭىشقا تەربىيىلە.

○ سىر ـ ئەسرارلىرىڭنى ئۆز جېنىڭنى ساقلىغاندەك ساقلا، ئۇنىڭ پۈتۈنلەي پاش بولغان كۈنى، دەل سېنىڭ يوقالغان كۈنۈڭ بولۇپ قالىدۇ.

○ پىتنىڭ ئاچچىقىدا چاپاننى ئوچاققا سالساڭ، چاپانىڭلا ئەمەس، ئۆزۈڭمۇ ئوچاققا تاشلانغان بولىسەن.

○ بۆرە كۆت بىلەن كەپتەر دوست بولسا، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى دوستلۇق بىر ـ بىرىنى ئالداشتىن باشقا ئىش ئەمەس.

○ ھەقىقىي قابىل كىشىلەردىن بولىمەن دېسەڭ، ئۆگەنگەنلىرىڭنى سۆز بىلەن ئەمەس، ئەمەلىيەت بىلەن ئاشكارىلا.

○ ئادەم ئۆزىدىكى ئىللەتلەرنى ئۆز ۋاقتىدا تونۇپ ئۇنى ئۆزگەرتىشكە تىرىشمىسا، ئىللەت تەرىپىدىن ئۆزگىرىپ كېتىدۇ.

○ مال ـ دۇنيانىڭ يېنىدا يىلان ـ چايانلارنىڭ كۆپ بولىدىغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالما.

○ ئېسىڭدە بولسۇنكى، سەندىن پايدىلىنىشنىلا ئويلايدىغان ئادەم، سېنىڭ تۈزۈلۈشۈڭدىن بەكرەك بۇزۇلۇشۇڭنى، ياخشى يولدا مېڭىشىڭدىن كۆپرەك، يامان يولدا يۈرۈشۈڭنى ئارزۇ قىلىدۇ.

○ ئېسىڭدە بولسۇنكى، ھېچقانداق قانۇن ئادەمنىڭ خام سۈت ئەمگەنلىكىنى ئېتىراپ قىلمايدۇ.

○ خاتىرجەم ياشايمەن دېسەڭ ئىشىڭنى پۇختا قىل، خاتىرجەملىك پۇختىلىقتىن كېلىپ چىقىدۇ.

○ قولۇڭ قىسقا بولسىمۇ، يولۇڭ قىسقا بولمىسۇن.

○ ئادەملەر ئوتتۇرىسىدىكى بىر ـ بىرىگە بولغان ئىشەنچ، مۇھەببەت سۇسلاشقانسېرى، پۇلغا بولغان ئىشەنچ ۋە مۇھەببەت شۇنچە ئاشىدۇ.

*(ئاپتور: كېرىيە ناھىيىلىك خەلق قورالىق بۆلۈمىدە)*

ماقال - تەمسىل: ئۆلمەستىن كىرىچ، ئۆلدىن كىرىچىم.



# ئۇستۇبىشىمىزدىكى گۈزەللىك ـ مىللىي كىيىم ـ كېچەكلىرىمىز

(ئەدەبىي خاتىرە)

ئابدۇلئەھەد ئابدۇرەشىد بەرقى

قۇربان ھېيت نامىزىغا چىمەن دوپپا كىيىپ چىقتىم، ئۇيغۇرچە كىيىم ـ كېچەكلەر كۆزدىن بەكمۇ يىراقلاپ كېتىۋاتقان بۇ كۈنلەردە تۇيۇقسىز دوپپا كىيگۈم كېلىپ قالدى! مەن تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتىكى چاغلاردا شاپاق دوپپا، ئەنجان دوپپا دېگەندەك دوپپىلارنى كىيىشكە خۇشتار ئىدىم، چېچىم بەك قويۇق ۋە كىرپە تىكىنىدەك تىك ئۆسكەچكە، چېچىمنى يېڭى ئالدۇرغان چاغلاردا دوپپا شۇنداق ياراشاتتى، لېكىن چېچىم سەل ئۆسكەندە دوپپام بېشىمدا لەيلەپ قالاتتى.

1

تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئاخىرقى يىللىرى، مەكتەپتە شەپكە كىيىش مودا بولدى، شەپكىنىڭ ھەر تۈرلۈكلىرى بارلىققا كەلدى، ھەتتا بەزى بالىلار شەپكىسىنىڭ ئىچىگە ئاق شاپاق دوپپىنى قاتلاپ كىيىپ، شەپكىسىنىڭ چوققىسىنى شىلەپە كەبى دىڭگايتىۋالاتتى، لېكىن مەن بۇ دولقۇنغا ئاۋاز قېتىپ كېتەلمىدىم، ئەمما كەتمەن شەپكىدىن بىر ـ ئىككىنى كىيمەيمۇ قالمىدىم. شۇ چاغدا كاللىمىزدا « شەپكە ۋە شىلەپىنى بىرئاز سەۋىيىلىك، كادىر سۈپەت ئادەملەر كىيدۇ، دوپپىنى دېھقان ـ چارۋىچى، سودىگەرلەر ۋە ياكى كاللىسى بىزدىن سەل كونىچە قالغانلار كىيدۇ» دېگەندەك غەيرىي چۈشەنچە بار ئىدى. ئاشكارا دېمىسەكمۇ، ئىچىمىزدە شۇنداق ئويلايتتۇق. چۈنكى، ھۆكۈمەتتىن مائاش ئالىدىغان ئادەملەرنىڭ كۆپىنچىسى شەپكە ياكى شىلەپە كىيەتتى، دېھقان ـ چارۋىچىلار ئاساسەن دوپپا كىيەتتى، دوپپىنىڭ ھەر خىل تۈرلىرى بار ئىدى. مەن شۇ چاغدا تەۋەللىكىمنى دېھقان ـ چارۋىچىلار بىلەن بىر دەپ ھېسابلىمىدىم ياكى دوپپىغا ئىشتىياقىم بارمۇ، كۆڭلۈم شەپكە ۋە شىلەپىدىن كۆرە دوپپا كىيىشكە تارتاتتى ... لېكىن بۇ خىل كۆڭلى تارتىش پۈتۈنلەي ئىستىخىيىلىك بىر ھەرىكەت ئىدى.

ئالىي مەكتەپكە شەپكە كىيىپ كەلدىم، لېكىن شۇ چاغدا ئۆرۈمچىدىكى ھەممە ئادەم ياشتاق يۈرىدىغاندەك تەسىر بەرگەچكە ۋە مەندىن باشقا شەپكە كىيىدىغان ئادەم كۆزگە چېلىقمىغاچقا، خۇدۇكسىرىگەندەك بولۇپ شەپكەمنى تاشلاپ باشتاق يۈرۈشكە باشلىدىم. بىر مەزگىلدىن كېيىن شۇنداق يۈرۈشكە ئادەتلىنىپ كەتتىم. دەسلەپتە كاللامدا بىر نەرسە يوقلۇقى پات ـ پات مېنى يالىڭاچ قالغاندەك تەسىراتقا كەلتۈرۈپ تۇرغان بولسا، كېيىنرەك بۇ تەسىراتتىن پۈتۈنلەي قۇتۇلۇپ كەتتىم، ھەتتا بېشىمغا بىر نەرسە كىيىۋالسام بىر خىل بىئاراملىق ھېس قىلىدىغان كەيپىيات شەكىللەندى. مەنلا ئەمەس، يۇرتىدىن دوپپا كىيىپ، ئەتلەس كۆڭلەك كىيىپ، ياغلىق سىلىپ كەلگەن نۇرغۇن ساۋاقداشلىرىم ماڭا ئوخشاش، ئۆزىنىڭ كىملىكىنى نامايان قىلىپ تۇرغان ئاشۇ كىيىملەرنى زامانىۋى كىيىملەرگە ئالماشتۇردى، ھەتتا ھوشۇقىدا سويلاپ تۇرغان ئۈزۈن، توم قارا چاچلىرىنى كېسىپ، چېچىنى بۇدرە قىلدى... ئەنە شۇنداق نۇرغۇن ۋاقىت ئۆتتى. شەھەرلەرنى ئارىلىسام، قەدىمىم ئىختىيارسىز دوپپا بازىرىغا كېتىپ قالاتتى، دوپپىدىن بىرەرنى ئېلىپ كىيىۋالغۇم كېلەتتى، بەزىدە ھەۋەسكە پايلىماي دوپپىدىن بىرەرنى ئېلىپ قوياتتىم ـ يۇ، كىيىلمەي ئۆيدە قاتلىنىپ تۇرۇپ كونىراپ كېتەتتى. كوچىدا ئەتلەس كۆڭلەك كىيگەن قىزلارغا ھەۋەسلىنىپ قارايتتىم، كۆزۈم قىزلارنىڭ ھوشۇقىدا سويلاپ تۇرغان ئۇزۇن چاچلارنى ئىزدەيتتى، لېكىن ئۇنداق چاچ «تېپىلماسنىڭ خورمىسى»غا ئايلىنىپ قېلىشقا ئاز قالغانىدى!

كېيىن نۇرغۇن ئىشلار بولۇپ ئۆتتى. مەن ئۈرۈمچىدە نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ دوپپا كىيمەيدىغانلىقىنى، كىيسىمۇ ھېيت نامىزى، ھېيت نامىزى قاتارلىق ئاممىۋى يىغىلىشلاردا كىيىپ قويىدىغانلىقىنى ،ئۇيغۇر باش كىيىمىنىڭ ئۈرۈمچىدە ئاستا ـ ئاستا مۇراسىم كىيىمىگە ئايلىنىپ قېلىۋاتقانلىقىنى سەزدىم. رايونىمىزغا كاتتا مېھمانلار كەلسە، ئەڭ ئېسىل سوۋغا سۈپىتىدە دوپپا تەقدىم قىلىناتتى، لېكىن بەزى چاغدا ئۇچراپ قالىدىغان دوپپا تەقدىم قىلغۇچى باشتاق، مېھمان دوپپا كىيىۋالىدىغان كۆرۈنۈشلەر كۈلكەمنى قىستايتتى. خۇددى چېچىنىڭ تايىنى يوق ئادەم چاچ سوپۇنىنىڭ ئېلانىغا چىققاندەك تەسىر بېرەتتى.

بىر كۈنى مەن تونۇيدىغان بىرسى دوپپا كىيىۋاپتىكەن، بىرنەچچە ئادەم «ئۆيىڭىزدە بىرەر ئىش يۈز بەردىمۇ؟» دەپ سورىدى، ھېلىقى بۇرادەر بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، گەپنىڭ ئۇرامىدىن سىزگە



بىلەمسىز: 5 ـ ئاينىڭ ئىككىنچى ھەپتىسىدىكى يەكشەنبە كۈنى «ئانىلار بايرىمى» كۈنى (1914 ـ يىل)

مۇناسىۋەتلىك بىرەر كېلىشمەسلىك، يەنى قازابى ـ قەدەر بولدىمۇ؟ دېگەن مەزمۇننى ھېس قىلىپ، ھەيران قالدى ۋە «مەن ئۇيغۇر بولغاچقا، دوپپا كىيىشنى ياخشى كۆرگەچكە دوپپا كىيدىم، گېپ بارمۇ؟!» دەپ چەكچىيىدى، ئەتراپتىكىلەر خاتا گەپ قىلىپ قويغانلىقنى ھېس قىلىپ، نېمە قىلىشنى بىلمەي قېلىشتى. مەنمۇ مۇشۇ ئىشتىن كېيىن يەنە خىيالغا چۆكتۈم. ھەقىقەتەن ھازىر «دوپپا ئەنە شۇنداق كېلىشمەسلىككە ئۇچرىغاندا كىيىدىغان كىيىم» دەپ قاراپ قېلىۋاتقانلار يوق ئەمەس ئىدى.

شۇنداق، مىللىتىمىزدىكى ئەنئەنىۋى مىللىي كىيىملەرنى كىيىش ۋە باش كىيىمنى قەدىرلەش ئەنئەنىسى كىرىزىسكە يۈز تۇتقان، باش كىيىملىرىمىز مۇراسىم كىيىمىگە ۋە سەھنە كىيىمىگە ئايلىنىپ قېلىشقا باشلىغانىدى. ناۋادا بۇنداق ئەھۋال داۋاملىشىۋەرسە، بىر كۈنلىرى باش كىيىملىرىمىزمۇ سەھنىدىلا ساقلىنىپ قالغان مىللىي كىيىملەردەك كۆنگە قېلىشى مۇمكىن ئىدى.

بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيەت بايلىقى ئىچىدە كىيىم ـ كېچەك ناھايىتى مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. «كىيىم ـ كېچەكلەر بىر مىللەتنىڭ كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان كىملىكى» دېيىشمۇ قاراش مۇمكىن، مەن بەزىدە ئۈرۈمچى كوچىلىرىدا ئۆزىنىڭ مىللىي كىيىملىرى بىلەن ناھايىتى پەخىرلىنىش ئىچىدە يۈرۈۋاتقان، قىلچە خۇدۇكسىرىمەيدىغان جەنۇبىي ئاسىيا قۇرۇقلۇقىدىن كەلگەن ھىندىستان، پاكىستان، ئافغانىستان ئاھالىلىرىنى كۆرۈپ، ئۇلارغا زوق بىلەن قاراپ قالىمەن، باش كىيىم دېسەم، پەلەستىننىڭ مەرھۇم داھىيسى ئەراپاتنىڭ كاتەكچە باش ياغلىقىمۇ ئالاھىدە بىر ئوبراز سۈپىتىدە ئېسىمگە چۈشىدۇ.

2

بىر كۈنى «كىنو سەنئىتىدىن زوقلىنىش» دېگەن دەرستە سىنىپتىكى 34 ئوقۇغۇچىغا ئۇيغۇر رايونىدىكى كىنوغا كۆچ بېرىدىغان فولكلور بايلىقى ھەققىدە چۈشەنچە بەرگەچ، «قېنى مۇشۇ سىنىپتا ئولتۇرغانلار ئىچىدە ئۇيغۇرنىڭ مىللىي كىيىمىنى كىيىپ كەلدىم دېگۈچىلەر بولسا قولۇڭلارنى كۆتۈرۈڭلار» دەپ تەكلىپ بەردىم. ھېچكىم قولىنى كۆتۈرمىدى، «ئۇيغۇرچە كالتە ئىشتان كىيىۋالغان بولساڭلارمۇ قولۇڭلارنى كۆتۈرسەڭلار بولىدۇ» دېدىم مەن ئاخىرىدا. باللار كۈلۈشتى، لېكىن ھېچكىم قولىنى كۆتۈرمىدى.

ـــ ئۇنداقتا بىزنىڭ مىللىي كىيىم ـ كېچەكلىرىمىز قايسى؟ ـــ دەپ سوئال قويدۇم ئۇلارغا.

ـــ دوپپا.

ـــ كۆڭلەك، ـــ دېدى ئۇلار بىردەم ئويلانغاندىن كېيىن.

ـــ ئەتلەستىن قىلىنغان كىيىملەر، ـــ دېدى بىر قىز.

ـــ يەنە بارمۇ؟

سۈكۈت ...

ـــ بىز ئەزەلدىن مۇشۇنداق كاستۇم ـ بۇرۇلكا كىيەمدۇق؟ ـــ دەپ سورىدىم.

ئۇلار مىللىي كىيىملىرىمىز ھەققىدە بىردەم مۇزاكىرە قىلىشتى، لېكىن ئۇلار كانۋا كۆڭلەك ۋە ئەتلەستىن تىكىلگەن بىرنەچچە كىيىمدىن باشقا ئۇيغۇرچە كىيىملەرنى ئېسىگە ئالالمىدى. ئۇيغۇر تىل ـ ئەدەبىياتىنىڭ تولۇق كۇرس سىنىپىدا ئوقۇۋاتقان، تېخى تىل ـ ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىلىقىدىن كېلىپ چىققان بۇ ئادەملەرنىڭ ئۆز كىيىم ـ كېچەكلىرىمىز ھەققىدىكى چۈشەنچىسىنىڭ شۇ قەدەر تېيىزلىقى مېنى ئويغا سالدى. بۇ، ماھىيەتتە مىللىتىمىزدىكى مىللىي كىيىم ـ كېچەك چۈشەنچىسىنىڭ تېيىزلىقىنىڭ ئۇيغۇر تىل ـ ئەدەبىيات دەرسى ئۆتىدىغان ئوقۇتقۇچىلاردا ئىپادىلىنىشى ئىدى. چۈنكى، بۇ سىنىپتا شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن ئوتتۇز تۆت ئادەم بار ئىدى، ئۇلار مەلۇم ۋەكىللىك سالاھىيىتىگە ئىگە ئىدى. ئۇنداقتا، بىزنىڭ مىللىي كىيىملىرىمىز زادى قايسى؟ بىز بۇ كىيىملەرنى قاچاندىن باشلاپ تاشلىۋەتتۇق؟ بۇ كىيىملەر بىز ئەنە شۇنداق تاشلىغان پېتى ئۇنتۇپ كېتكۈدەك دەرىجىدە قالاق ۋە كۆرۈمسىزمۇ ؟

3

ئىچكىرىدىكى مەملىكەتلىك يىغىنغا قاتنىشىپ كەلگەن بىر دوستۇم شۇ يەردە ئۆزى يولۇققان بىر مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

ـــ يىغىنغا باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋەكىللىرى مىللىي كىيىملىرىنى كىيىپ كەپتۇ، لېكىن مەن كاستۇم ـ بۇرۇلكا كىيىپ، چېچىمنى مايلاپ بىر «زامانىۋى ئادەم» سۈپىتىدە قاتناشتىم، يىغىن باشقۇرغۇچى مەندىن: « نېمىشقا مىللىي كىيىملىرىڭىزنى كىيمىدىڭىز؟»دەپ سورىدى ، مەن: «كاستۇم ـ بۇرۇلكا كىيىشنى ياخشى كۆرىمەن!» دېدىم، مەن شۇ ۋاقىتتا، مۇشۇنداق يىغىنلارغا مىللىي كىيىم ـ كېچەكلەرنى كىيىپ بارسام، باشقىلاردا «بۇ مىللەت تېخى كىيىم ـ كېچەكتە زامانىۋىلاشمىدىمۇ نېمە؟» دېگەن تونۇشنى پەيدا قىلىپ قويامدىم، قانداق؟ دېگەن ئوي بىلەن شۇنداق قىلغانىدىم.

دوستۇمنىڭ گېپى مېنى ئويغا سالدى، دوستۇم مەلۇم نۇقتىدا ئەڭ زامانىۋى كىيىنىش ئارقىلىق ئۇيغۇرلارنىڭ بىر زامانىۋى مىللەت ئىكەنلىكىنى بىلدۈرمەكچى بولغان. ئەمەلىيەتتە، نۇرغۇن كىشىنىڭ مىللىي كىيىم ـ كېچەكلەرنى كىيىشنى خالىماسلىقى دەل «مىللىي كىيىم ـ كېچەكلەر زامانغا ماس كەلمەيدۇ» دەپ ئويلاشتىن پەيدا بولغان دەپ قاراشقا بولاتتى. بۇ نۇقتىدا دوستۇمنىڭ قارىشىنى ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە قاراش، دېيىشكە بولاتتى.

ئۇنداقتا، مىللىي كىيىم ـ كېچەكلىرىمىز زامانىۋىلاشمىغانمۇ؟

كىيىم ـ كېچەكلىرىمىز نەچچە مىڭ يىللىق ئېستېتىك كۆزقارىشىمىزنىڭ تۈرتكىسىدە بارلىققا كەلگەن بىر مەدەنىيەت ھادىسىسى، كاستۇم ـ بۇرۇلكا، گالستۇك دۇنياۋى ئورتاق كىيىم. بۇنداق كىيىملەرنى كىيىش دۇنياۋى سورۇنلاردا خېلى ئومۇملاشتى. بۇ ھەم كىشىلەرنىڭ ئىختىيارلىقىدا. غەربلىكلەرنىڭ ھەممىسى بىر مىللەت ئەمەس، كاستۇم ـ بۇرۇلكىنى قانداقمۇ ئۇلارنىڭ مىللىي كىيىمى دېگىلى بولىدۇ؟ ئەرەبلەر، ھىندى ـ ئوردۇلار ئۆزىنىڭ مىللىي كىيىم ـ كېچەكلىرىنى كونىراپ قالدى ياكى زامانىۋى ئەمەس دەپ قارىغىنى يوق، پەقەت مۇۋاپىق سورۇنلاردا غەربچە كىيىم ـ كېچەكلەرنى كىيىش بىلەن بىللە، كۆپىنچە ھاللاردا ئۆز كىيىم ـ كېچەكلىرىنى كىيىشنى راھەت دەپ قارىدى ياكى ئۇنى «مىللىي كىملىكنىڭ تاشقى ئىپادىسى» دەپ قارىدى.

ئەمەلىيەتتە، ئۇيغۇر كىيىم ـ كېچەكلىرىمۇ (بۇ كىيىم ـ كېچەك-



بىلمۇبىلمەك: 5 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى «دۇنيا تېلېگراف كۈنى» (1969 ـ يىل)

لەر ھازىر سەھنىدىلا ساقلىنىپ قالدى) ئافغان - پاكىستانلىقلارغا ئۆز مىللىي كىيىمى ياراشقاندەك يارىشاتتى، ھەتتا بۇ كىيىم - كېچەكلەر بىزنىڭ ئۆزگىچە مىللىي قىياپىتىمىزگە بەكمۇ ماس كېلە- دىغان قىلىپ لايىھەلىنىپ، ئىسلاھ قىلىنىپ بۈگۈنگىچە يېتىپ كەلگە- نىدى. ئۇنداقتا، بىزنى شۇنداق ئويغا كەلتۈرۈپ تۇرغىنى زادى نېمە؟ قانداق بىر پىسخىكا؟ ئۆزىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى، مىللىي كىيىم - كېچەكلىرىمىزنى ياراتماس بولۇپ قالدۇقمۇ؟ ناۋادا ياراتماس بولۇپ قالدۇق دېسەك، بۇ، ماھىيەتتە «ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ ئەقىل - پاراستى ۋە بىزگە قالدۇرغان مەدەنىيەت بايلىقلىرىنى ياراتماس بولۇپ قالدۇق» دېگەن گەپكە باراۋەر ئىدى.

****

بىر كۈنى مەن ئىككى چەت ئەللىك مېھماننى ئېلىپ ئۈرۈمچى- دىكى خېلى نامى بار ئۇيغۇرچە تاماقخانا «جام»غا باردىم، جام تاماقخانىسىنىڭ ئالدىدا قىلىچ تۇتۇپ، ئۇيغۇرچە مىللىي كىيىم - كېچەكلەر بىلەن تۇرغان مۇلازىمنىڭ تۇرقى چەت ئەللىكلەرنى خېلى قىزىقتۇردى. ئۇلارنىڭ كۆزىدىن مۇلازىم يىگىتنىڭ مىللىي كىيىم -كېچەكلەر بىلەن شۇنچە سۇباتلىق كۆرۈنۈپ تۇرغان ھالىتىدىن زوقلىنىۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى.

***

— مېنىڭ مىللىي كىيىم - كېچەكلىرىمىزنى كىيىپ كوچىغا چىققۇم بار، بىرنەچچە قىز ئاۋاز قاتسا شۇنداق قىلاتتىم، يالغۇز شۇنداق قىلسام، سەل خىجىل بولىدىكەنمەن، — دېدى بىر قىز مۇشۇ تېمىدا گەپ بولغاندا. ئارىمىزدا بۇنداق قارايدىغانلار ئاز ئەمەس. ئەمەلىيەتتە، بۇ ئۆزىنىڭ مىللىي كىملىكىدىن خىجىل بولۇش- تىن باشقا ئىش ئەمەس ئىدى.

مىللىي كىيىم - كېچەكلەردىن پەخىرلىنىش — ئۇنى پەخىر- لىنىپ كىيىش ۋە شۇ كىيىم - كېچەكلەرنى كىيىپ ئۆزىنىڭ مىللىي كىملىكىنى ئوچۇق - ئاشكارا دۇنياغا جاكار قىلغانلىقىدىن پەخىرلىنىش — بىر خىل ساغلام مىللىي پىسخىكا، خالاس. نۇرغۇن كىشى سەھنە كىيىملىرىمىزنىڭ ئەسلىدىكى مىللىي كىيىم - كېچەكلىرىمىز ئىكەنلى- كىنى بىلىدۇ، لېكىن بۇ كىيىملەرنى سەھنىگە خاس لايىھەلەنگەن، دەپ قاراپ، رېئاللىق بىلەن باغلىمايدۇ. سەھنىدە ساقلىنىپ قالغان كىيىم - كېچەكلىرىمىزنىڭ سەھنىدىلا كىيگىلى بولۇپ، ئادەتتىكى چاغدا كىيگىلى بولمايدىغاندەك تەسىرات بېرىشى، ھەرگىز كىيىم - كېچەكلىرىمىزنىڭ رېئاللىقتىن ئايرىلىپ قالغانلىقى ئەمەس، بەلكى سەھنە ئۈچۈن تىكىلىپ، زامانىۋى سەھنە چىراغلىرىغا ماسلاشتۇرۇش ئۈچۈن، مەلۇم رەڭلەرنى كۆپەيتىۋېتىش ۋە پۇلنى تېجىمەز دەپ كىيىمنىڭ لايىھەلىنىشىگە يارىشا ئېسىل رەختلەردىن تىكىلمەسلىكتىن كېلىپ چىققان چاكىنىلىق تۇيغۇسى ، خالاس.

ناۋادا مۇشۇ كىيىملەر مەلۇم دەرىجىدە ئىسلاھ قىلىنىپ، كىيىلىپ كوچىغا چىقسا، شۇ كىيىمنىڭ يارىشىقى كىشىلەرنىڭ كاللىسىدا سىلكىنىش پەيدا قىلسا (چوقۇم سىلكىنىش پەيدا بولىدۇ، چۈنكى بۇ كىيىملەر نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيان ئاتا - بوۋىمىزنىڭ شاللاش ۋە تاۋلىشىدىن ئۆتۈپ بۈگۈنگە كەلگەن) نۇرغۇن ئادەمدە بۇ كىيىملەرنى كىيىش ئەشنالىقى پەيدا قىلاتتى، ئۇنىڭدىن باشقا، كىيىم - كېچەك شىركەتلىرى مۇشۇ كىيىم - كېچەكلەر ئاساسىدا بەزى كىيىم نۇسخى- لىرىنى بارلىققا كەلتۈرسە، ئويلىمىغان ئىجتىمائىي ئۈنۈم كېلىپ چىقىشى مۇمكىن ئىدى. «ئىلچى» كىيىم - كېچەك شىركىتىنىڭ ئەتلەس نۇسخىسىدىن پايدىلىنىپ لايىھىلىگەن بىر تۈركۈم ئايالچە كىيىم - كېچەكلىرىنىڭ قوزغىغان ئۆزگىچە تەسىرى ۋە ئۇلارنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىك گەۋدىلەندۈرۈلگەن بىر تۈركۈم كىيىم - كېچەك- لەر بىلەن شىنجاڭ بازىرىدا پۇت تىرەپ تۇرالىشى بۇنىڭ ئىسپاتى، ئەلۋەتتە.

4

مەن روزى ھېيتتا دوپپا كىيدىم، مۇشۇ جەرياندا نۇرغۇن ئىشلار كاللامدىن ئۆتتى، ئەڭ ئاخىرى شۇنداق خۇلاسىگە كەلدىمكى، مېنىڭ دوپپا كىيىشىم ئىلگىرى «يارىشىش - ياراشماسلىق» دېگەن نۇقتىنى ئۆلچەم قىلغان بولسا، بۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئۆلچەم مەن ئۈچۈن بەك مۇھىم ئەمەس . گەرچە، ماڭا دوپپا بەك يارىشىپ كەتمىسىمۇ، باشقىلارغا ئاجايىپ يارىشىپ، ئۇلارنى شۇنداق سۇمباتلىق كۆرسە- تىدۇ! مۇھىمى مەن دوپپا كىيىش ئارقىلىق «مىللىي كىملىك»نىكىم- نى ئەتراپىمدىكىلەرگە ئۇقتۇرىمەن. بۇ، ئادەتتىكى ھالدىكى كىملىكىمنى خەققە ئۇقتۇرۇشلا ئەمەس، بەلكى كىملىكىمدىن پەخىرلىنىش تۇيغۇ- سىنىڭ بېشىمغا تېپىپ چىقىشى ھېسابلىنىدۇ!

مەن بۇنىڭدىن كېيىن چوقۇم بىرنەچچە قۇر مىللىي كىيىم - كېچەك قىلدۇرىمەن، بىر كۈنلىرى دوپپا بىلەنلا ئەمەس، ئاشۇ كىيىم- لىرىم ئارقىلىقمۇ مىللىي كىملىكىمنى ۋە مىللىي پەخىرلىنىش تۇيغۇمنى ئەتراپىمدىكىلەرگە جاكار قىلىمەن. ئۇ چاغدا كىشىلەر كىيىمىمگە قاراپلا كىملىكىمنى بىلەلەيدۇ، ھەرگىزمۇ ھازىرقىدەك كىملىكىمنى ئارىلاشتۇ- رۇۋېتىپ يۈرمەيدۇ.

(ئاپتور: شىنجاڭ ماارىپ ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئوقۇتقۇچى)



# پەزىلەتلىك ياشا، ھەي ئىنسان!



ئۆمەر مۇھەممەتئىمىن كىروران

بىزنىڭ ھايات ھەققىدە بىلىدىغىنىمىز شۇنداق: ئادەم دۇنياغا يىغلاپ تۇغۇلىدۇ. كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، گاھ يىغلاپ، گاھ كۈلۈپ دېگەندەك غەمسىز بالىلىقى بىلەن خوشلىشىپ، ياشلىق دەۋرىگە قەدەم قويىدۇ. كېيىن ئۆي - ئوچاقلىق، بالا - ۋاقىلىق بولىدۇ. تىرىكچىلىك ئېھتىياجى سەۋەبلىك ھەر كويلارغا قەدەم باسىدۇ. مۈشكۈلاتلار بىلەن ئۈزلۈكسىز ئېلىشىپ، بار ئاماللارنى قىلىپ جان تىكىپ ئىگىلىك تىكلەيدۇ. بىرنى ئىككى قىلىش كويىدا كۆرمىگەن كۈننى كۆرىدۇ. ئايلار يىللارنى، يىللار يىللارنى بىر - بىرىگە دەستىلەپ، بىر كىم بولغاندا ئۇ ياكى بۇ سەۋەبلەر بىلەن بۇ دۇنيادىن مەڭگۈلۈك خوشلىشىدۇ. تىرىكلەر ھەسرەت چېكىپ قېلىشىدۇ. لېكىن، ئۇلارمۇ ھامان بىر كۈنى مۇشۇنداق كۈنلەرگە دۇچار بولىدۇ... ھاياتنىڭ ئۈزلۈكسىز تەكرارلىنىپ تۇرۇدىغان بۇ كۆرۈنۈشى ئاخىرلاشمايدۇ...

مانا مۇشۇ جەرياننى تاماملاپ بولغۇچە، كىشىلەر بىر - بىرىگە ئوخشاپ كەتمەيدىغان قىسمەتلەرنى باشتىن ئۆتكۈزىدۇ. بىراۋلار ئىگىلىك تىكلەش يولىدا پۇل قوغلىشىپ يۈرۈپ مىليونېرغا ئايلىنىدۇ؛ بىراۋلار ئىلىم يولىغا مېڭىپ نى - نى كەشپىياتلارنى يارىتىدۇ، ئىنسانىيەتنىڭ بۇ جاھاندىن تېخىمۇ تولۇق بەھرىلىنىشى ئۈچۈن تالاي قۇلايلىقلارنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ. توم - توم كىتابلارنى يازىدۇ، مۆلچەرلىگۈسىز مەنىۋى بايلىق يارىتىدۇ؛ بىراۋلار سىياسىي كوچىغا كىرىپ كاتتا ئەمەلدارغا ئايلىنىدۇ، ئۆز ئىمتىيازىغا تايىنىپ باشقىلارنىڭ قىسمىتىگە تون پىچىدۇ، ئۇلارنى ھامان ئۆزى سىزغان سىزىق بويىلاپ مېڭىشقا مەجبۇر قىلىدۇ... بىراق، ئادەملەر مەيلى قانداق پايدىلىق شارائىت - ئىمتىيازغا ئېرىشىپ، ئالتۇن قاچىدا ئۈچ ۋاق ئادەمگىياھ شورپىسى ئىچسۇن ۋە ياكى ساپال قاچىدا ئوماچ ئىچسۇن، بەربىر ھەممىيلەن ئۆلۈمدىن ئىبارەت قانۇنىيەتتىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. بۇ يەردىكى ھايات پائالىيىتى تىرىك جان ھالىتىدە تۇغۇلۇپ بۆشۈككە بۆلىنىشتىن باشلىنىپ، ئاقىۋەت جىنازىدا جانسىز مۇردا پېتى قەبرىگە كىرىش بىلەن ئاخىرلىشىدۇ.

شۇنداق، دۇنيادا ئۆلمەيدىغان بىرمۇ كىشى يوق. ئەمما، بەربىر ئۆلۈپ كېتىدىكەنمەنغۇ، دەپ بۇ دۇنيادىن شۇنداقلا ئۆتكىلى بولمايدۇ. ياراتقۇچى تەرىپىدىن بەخشەندە قىلىنغان بۇ ئۆمۈرنى ياشاپ تۈگىتىش مەسىلىسى بولمايدۇ. ئەمىسە، قانداق ياشاپ تۈگىتىمىز؟

يارالمىش ئېپسانىلىرىدىن باشلاپ ھېسابلىساق، ئالەم بىنا بولۇپ ئىنسانىيەتنىڭ بۇ دۇنياغا پەيدا بولغىنىغا نەچچە مىليارد يىل بولغاندۇ. يېزىق تارىخىدىن باشلىغاندىمۇ، ئىنسانىيەتنىڭ نەچچە ئون مىڭ يىللىق تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكى ئېسىمىزدىن كېچىدۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ ھېسابلىغاندىمۇ، بىز ھايات كەچۈرۈۋاتقان بۇ يەر شارىدا ھازىرغىچە نەچچە مىليارد ئادەم ياشىغاندۇ. ئۇنىڭ ئىچىدە زالىممۇ بولۇشى، ئالىممۇ بولۇشى مۇمكىن. قەھرىمانمۇ، ساتقىنمۇ، نان قېپىمۇ، زامانىسىغا يارىشا ئىختىراچىلارمۇ بولۇشى مۇمكىن، ئەلۋەتتە. لېكىن، نام - ئەمەلى زامانىمىزغىچە يېتىپ كېلەلىگەنلىرى زادى قانچىلىك؟ مۇشۇ مەسىلىنىڭ ئۆزىلا ھايات ھەققىدىكى ئېغىر - بېسىق خىياللىرىمىزنىڭ پىلتىسىغا ئوت ياقالايدۇ.

ئويلاپ باقساق، تۆرەلگەندىن تارتىپ ئۆلگىچە بولغان ئارىلىقتا نېمىندۇر تالىشىپ ياشايدىكەنمىز، نەتىجە قانداق بولىدىكەن؟ يەتتە مېتىر خەسە ۋە تەخمىنەن ئىككى كۋادرات مېتىرچىلىك يەر قويىنىغا ئېرىشىدىكەنمىز، خالاس. ئۇنداقتا تۆۋەندىكىدەك ياشاش مىزانلىرىغا ئەمەل قىلىپ بېقىش زۆرۈرمۇ يوق؟

1. قانائەتچانراق بولغان تۈزۈك. ئالەم ۋە ئادەم مۇناسىۋەتلىرىدە ئالەمنىڭ بېرىدىغىنى تۈگىمەيدىغان بولغاچقا، ئادەمنىڭ ئالەمدىن ئالىدىغىنى ھەم ئالغۇسى كېلىدىغىنى تۈگىمەيدۇ. تەندىكى كۆز ۋە ئەقىلدىكى كۆز يېگەندىن يېگى بايلىقلارنىڭ، يېڭىدىن يېڭى مەنىشەتلەرنىڭ جاننى ياشارتقۇچى ئۇچۇرلىرىنى مېڭىمىزگە يوللاپ تۇرىدۇ. تويغىمىز يېگەندىن يېڭى رەڭلەرنى تەقەززا قىلىدۇ. شۇڭا، «تىرىك دۇنياغا تويماس، ئۆلۈك دۇئاغا» دېگەندەك، ئېرىشكەنسېرى ئېرىشكۈمىز كېلىدۇ، ھوزۇرلانغانسېرى ھوزۇرلانغۇمىز كېلىدۇ. بۈگۈن تېنىمىز ۋە روھىمىزغا بىر نەرسە پايدا قىلسا، ئەتە ئۇنىڭدىنمۇ بەكرەك پايدا قىلىدىغان نەرسە كۆزىمىزگە كۆرۈنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، بار ئاماللارنى قىلىپ ئۇنى ئىزدىگۈمىز كېلىدۇ. روھىمىز ئاشۇ شەيتانلارنىڭ ۋەسۋەسىسىنى يېڭىشكە قادىر بولالمىغاندا، ئاشۇ بايلىق، ئاشۇ پاراغەتنى تېپىش ئۈچۈن ھەر خىل قۇربانلارنى بېرىشكە توغرا كېلىدۇ. ئەلۋەتتە ئەقىل ۋە كۈچ بولغانىكەنلا ھەممە نەرسىگە ئىگە بولغىلى بولمايدۇ. ئۆز نۆۋىتىدە ئويلىمىغان قاراملىقلارغا تەۋەككۈل قىلىشقا،

نومۇسنى بىر ياققا قايرىپ قويۇپ، ھەر خىل رەزىللىكلەر بىلەن شۇغۇللىنىشقا توغرا كېلىپمۇ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئادەمىيلىكىمىزنى ئېسىمىزدىن چىقىرىپ، ھەممىنى «ئۆزۈم»نىڭ قىلىۋېلىش كويىدا قىلمىغىنىمىز قالمايدۇ. ئاقىۋەت نۇرغۇن بايلىق خورايدۇ، تالاي ئادەملەر جېنىدىن ئايرىلىدۇ. شۇنىڭ بەدىلىگە بىز ئارزۇ قىلغان نەرسىگە ئېرىشەلىگەندەك بولىمىز-يۇ، لېكىن ئۇنىڭدىن ھۇزۇرلىنىپ بولغىچىلىك ئۇ دۇنياغا كېتىپ قالغىنىمىزنى تۇيماي قالىمىز. شۇنىڭ بىلەن ئاخىرقى ھېسابتا ھېچنېمىگە ئېرىشەلىگەن بولىمىز... بۇ قانۇنىيەتكە قارشى كۆرەش قىلىشقا ئامالىمىز يوق. چۈنكى، قۇدرەتلىك بەرگۈچى ئاخىر خالىغاندا ھەمە قايتۇرۇپ ئالغۇچىدۇر. دۇنيا يېقىنقى زامان تارىخىغا قاراڭ: موڭغۇلىيە يايلاقلىرىدىن باش كۆتۈرۈپ چىققان، ئۆز زۇۋانىنى يېزىق ئارقىلىق قەغەزگە خاتىرىلىگۈدەك مەدەنىيەتكىمۇ ئېرىشمىگەن چىڭگىزخان كەڭ كەتكەن ئوتتۇرا ئاسىيانى، شەرقىي ئاسىيانى ۋە شەرقىي ياۋروپا ئەللىرىنى ئىشغال قىلىش ئۈچۈن قانچىلىك ئادەمنىڭ كاللىسىنى كەسكەندۇ؟ ئوترار، فاراب، سۈيئاب قاتارلىق قانچىلىغان شەھەر ـ قەلئەلەر كۈلگە ئايلانغاندۇ؟ ئىنسانىيەت ئەقىل ـ پاراستىنىڭ جەۋھىرى ھېسابلانغان نەچچىلىك كىتاب ـ بىتىگلەر توپىغا ئايلانغاندۇ؟... تېخى ئالدىنقى ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا پارتلىغان 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدىچۇ؟ گىتلېر قوزغىغان، يەر شارىدىكى ھەممە دۆلەت ئاساسەن دېگۈدەك سۆرەپ كىرىلگەن بۇ ئۇرۇشتا ۋەيران بولغان قورۇلۇش، مەدەنىيەت ئەسلىھەلىرىنى دېمەي قويايلى. ئادەمنىڭ ئېشەنگۈسى كەلمەيدىغان تۆۋەندىكى سانلارغا نەزەر ئاغدۇرساقلا، تېنىمىز شۈركىنىپ، روھىمىز قورۇنماي قالمايدۇ: بۇ قېتىملىق ئۇرۇشتا تەخمىنەن 60 مىليون ئادەم جېنىدىن ئايرىلغان، 130 مىليون ئادەم يارىدار بولغان. ئۆلگەن ۋە يارىدار بولغان ئادەم سانى 190 مىليونغا يەتكەن !...

مۇشۇ پاجىئەلەرنىڭ ھەممىسىنى ئاشۇ جاھانگىرلارچە ئۇرۇشقا قاتناشقانلار ئۆزلىرى خالاپ پەيدا قىلغانمۇ؟ ياق! بۇ پاجىئەلەرنى ئاشۇلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچى ھۆكۈمدارلار ئۆز ئىرادە ـ مەقسەتلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇش كويىدا ھەر خىل يول، ۋاستىلەر ئارقىلىق پەيدا قىلغان. خۇددى مۇنۇ شېئىرىمدا دېيىلگەندەك:

شاھانە داچىدا ئىككى ھۆكۈمدار
شۇمگىنىچە ئىرادىسىنى
رەقىبىگە ھالاكەت چاچار.
كىلون بەخت، كىلون ھەققەت
كىلون دۆلەتتە كۆزىنى ئاچار.
..............
مىليون ئەرنىڭ بەختىنى چاناپ،
ئەلنىڭ گەجگىسىگە مىنەر بىر جاناپ.
تەخت ئالمىشارۇ، ھايات شۇ پېتى،
قەلەندەر قەلەندەردۇر، جالاپلار جالاپ.
..............

شۇنداق، جاھاندا نۇرغۇن قېتىم تەخت ئالماشقان، تەختتە ئولتۇرغۇچى ھەم ئالماشقان. لېكىن، ھاياتنىڭ قانۇنىيىتى ئالماشقانمۇ؟ ئالماشمىغان. چۈنكى، قانۇنىيەت ئۆزگەرمەستۇر. شۇڭا، كۆنىمىز نورمال ئۆتسە، ئۆزۈنراق ئۆمۈر كۆرۈپ، دۇنيانىڭ تېگىشلىك مەنپەئەتلىرىدىن ئەل قاتارى بەھرىمەن بولساق، شۇنىڭ ئۆزى بىز ئۈچۈن تىنچلىق، شۇنىڭ ئۆزى بىز ئۈچۈن بەخت. شۇڭا، نورمال ياشىغۇدەك روزىغارىمىز بولسا، ھالال مېھنىتىمىز بەدىلىگە تېكىلگەن ئۆزىمىزگە خاس نوپۇز ـ ئىناۋىتىمىز بولسىلا، قىسقىغىنا بۇ ئۆمرىمىزگە يېتىپ ئاشىدۇ. باشقىلارنىڭ رىزقىغا چاڭ سېلىش بىزگە ياخشى كۈنلەرنى ئاتا قىلالمايدۇ.

2. ئاق كۆڭۈل، سەمىمىي بولغان تۈزۈك. شاھمات ئويۇنلىرىدا بەزىلەرنىڭ مۇنداق قىلغىنىنى كۆرگەنمەن: ئۇ قانداق قىلىپ سېنى مات قىلىشنى ئەمەس، بەلكى قانداق قىلىپ سېنىڭ يولۇڭنى توسۇشنى بىرىنچى ئورۇنغا قويىدۇ. شۇنداق قىلسام قارشى تەرەپنى يەڭگىلى قويمايمەن، دەپ ئويلايدۇ. ئۆزىنىڭ شاھمات ئورۇقلىرىنى قانداق تاكتىكا بىلەن ماڭسا قارشى تەرەپنى ئىتتىك مات قىلغىلى بولىدىغانلىقىنى ئىككىنچى ئورۇنغا قويىدۇ. قارىماققا بۇ ئۇسۇل قارشى تەرەپنىڭ ئۆزىگە «شاھ!» دېيىشنى كېچىكتۈرگەندەك قىلىدۇ. لېكىن ئاقىۋەتچۇ؟ پۈتۈن خىيالى سېنىڭ يولۇڭنى توسۇش بىلەن بولۇپ كېتىپ، ئۆزى «شاھ!» دېمىدىغان تالاي پۇرسەتلەرنى ئۆتكۈزۈۋېتىدۇ. بىر كەم بولغاندا ئۆزىنىڭ «شاھ»ى قارشى تەرەپنىڭ گەردە، ئات، توپ، ئوفېتسىر ۋە پېشكىلىرىنىڭ قورشاۋىدا ھېچ تەرەپكە مىدىر ـ سىدىر قىلالمىغۇدەك ھالەتكە كېلىپ قالىدۇ. ئەگەر ئۇمۇ پۈتۈن ئەس ـ يادى بىلەن قارشى تەرەپنىڭ يولىنى ئېتىشنى ئەمەس، ئۆزىنىڭ «شاھ»نى قوغداپ، كۆپرەك ھالدا قارشى تەرەپنى «شاھ!» دەپ چۆچۈتۈشنى ئويلىغان بولسا، بۇنداق ئاقىۋەتكە قېلىشى ناتايىن ئىدى. شاھمات ئويۇنىدىكى بۇ ھال تۇرمۇشتىمۇ مەۋجۇت. بىراۋ ئۆزىنىڭ نېمە قىلالايدىغانلىقىنى بىلىدۇ، لېكىن باشقىلارنىڭ قىلغىنىنى كۆرەلمەيدۇ. باشقىلار يىغلىسا، ئۇ خۇش بولىدۇ. باشقىلار قاقشىسا، ئۇ كۈلىدۇ. ئامال قىلىپ باشقىلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەت يولىنى چىتلاشنى، ئۇلارغا جىقراق ئاۋارىچىلىقنىڭ يولۇقۇشىنى ئويلايدۇ. «مەن ئېرىشەلمىگەندىكەن سەنمۇ ئېرىشمەسلىكىڭ كېرەك» دەيدۇ. ھەتتا شۇ كويدا قىلمىغىنى قالمايدۇ. چىرايى كۈلۈپ تۇرغىنى بىلەن ئىچىدە توگگۈز قاترايدۇ. ئاخىرى نېمە بولىدۇ؟ يا ئۆزىنى خۇش قىلالمايدۇ، يا باشقىلارنى خۇشال ياشىغىلى قويمايدۇ. ئۇلارنىڭ ئاغزىدىن راست گەپنى ئاڭلاش تەس.

3. بىرسىنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ ياشاۋاتقان يۇرتتا بىر كىشى بار ئىكەن. ئۇ ئۆزىنىڭ مەشھۇر كىشىلەر، ئىمتىيازى كۈچلۈك سىياسىيئونلار بىلەن ئالاقىسىنىڭ ئىنتايىن قويۇقلۇقىنى، ئىش يۇرۇشتۇرۇشتە ئوبدانلا ئېپى بارلىقىنى داۋاملىق كۆز ـ كۆز قىلىدىكەن. تۇنجى كۆرۈشكەن بىرەرسى بىلەن ئۇچرىشىپ قالسا، تېلېفوننى توساتتىن ئالغان بولۇپ، قارشى تەرەپ بىلەن يالغاندىن: «ھە، پالانى نازىرما؟



بىلىۋېلىڭ: 5 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى «دۇنيا مەدەنىيەت ـ تەرەققىيات كۈنى»

قانداق ئەھۋاللىرى؟ ئاخشام تۈزۈكرەكمۇ مۇگدەشالمىدۇق ـ ھە سىلى بىلەن...» دېگەندەك سۆز ـ جۈملىلەر ۋە چىرايىدا تەبەسسۇم پەيدا بولغاندەك كۆرۈنىدىغان تەبەسسۇم بىلەن بىر ھازا قىزغىن ئەھۋاللىشىپ كېتىدىكەن. بەزىدە تېخى ئۇلار بىلەن قاچانلاردىدۇر بىر چاغلاردا ئۇدۇل كېلىپ قېلىپ، مەلۇم بىر مۇناسىۋەت بىلەن بىرگە چۈشۈرۈلگەن سۈرەتلىرىنى كۆرسىتىپمۇ ئۈلگۈرىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن قارشى تەرەپكە نىسبەتەن: «بۇ كىشى خېلى يۈزلۈك ئادەملەر بىلەنمۇ يېقىن ئۆتىدىكەن جۇمۇ» دېگەن تەسىراتنى پەيدا قىلماقچى بولىدىكەن، ھەم گاھىدا ئۇنى چۈشەنمەيدىغانلارنى شۇ خىل تەسىراتقا ئىگە قىلالايدىكەن. ئاشۇ ساختىلىقلىرى بەدىلىگە ئۆزى ئىستىگەن بەزى نەرسىلەرگىمۇ ئېرىشەلەيدىكەن. پاختىنىڭ ئىچىدە چوغ ساقلىغىلى بولمىغاندەك ياكى «شامال ئۆتمەيدىغان تام يوق» دېگەندەك، كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇنىڭ بۇ ساختىلىقى بارا ـ بارا ئاشكارە بولۇشقا باشلايدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇ ھېلىقىدەك باشلىقلار بىلەن ئادەتتىكىچىلا تونۇشىدىكەن. تونۇشقاندىمۇ ئۇنىڭ تونۇشلۇقى ھېلىقى ئادەم ئەمەلدار بولماستىكى ئىشلار ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ كېيىن ھەر قانچە راست گەپ قىلسىمۇ، قىلغان گەپلىرىنىڭ راست ـ يالغانلىقىغا ھېچكىم ئىشەنچ قىلالمايدىغان، ئۇنىڭ سۆزىگە پەقەتلا ئىشەنمەيدىغان بولۇپ قاپتۇ. ئۇ ھەر قانچە قىلىپمۇ باشقىلاردىكى بۇ خىل تۇيغۇنى ئۆزگەرتەلمەپتۇ.

رېئال ھاياتتا بۇنىڭغا ئوخشاش ئىش ۋە ئادەم تولا ئۇچرايدۇ. ئەمەلىيەتتە بىز ئۇ قەدەر قارا نىيەت، ئۇ قەدەر يالغانچى بولمىساقمۇ، كىشىلەرگە داۋاملىق قارا سانىمىساقمۇ، يەنە كۈنىمىز ئۆتۈۋېرىدۇ. ئەكسىچە خەقنىڭ لەنىتىگە قالمايمىز، «ئەجەب ئاق كۆڭۈل، سەممىي ئادەم ئىدى» دەپ يادلىنىمىز تېخى.

4. ياخشى نام ـ ئەمەل بىلەن كەتكەن تۇزۇك. بىزدە «ئاتالمىغان ئەردىن ئاتالغان دۆلەت ياخشى» دېيىدىغان ھېكمەت بار. تارىخ بەتلىرىنى ۋاراقلايدىغان بولساق، كۆزىمىزگە ھەر خىل ياخشى نام ـ ئاتاقلار تاشلىنىدۇ: ئادىل پادىشاھ، ھەققانىيەتچى ۋەزىر، ئۇلۇغ ئالىم، مەشھۇر تىلشۇناس، كاتتا شائىر، داڭلىق يازغۇچى، ئۇستا ھۈنەرۋەن، يېتۈك تېۋىپ... دېگەندەك. يەنە شۇنىڭ بىلەن بىللە ھەر خىل يامان نام ـ ئاتاقلارمۇ چېلىقىدۇ: پالانچى مۇناپىق، پۇستانچى ساتقىن، ئىككى يۈزلىمىچى، چېقىمچى، كۆيدۈرگۈ، پورداقچى، كاززاپ... دېگەندەك. ئەمەلىيەتتە بۇ ناملارنى ئۇلارنىڭ ئىش ـ ئەمەلى، قىلىقلىرى ئۇلارغا ئاتا قىلغان. چۈنكى، «قازاندا نېمە بولسا، چۆمۈچكە شۇ چىقىدۇ ـ دە!»

كىنولاردا كۆرۈپ تۇرىمىز: بىرسى ئۆز قوشۇنىغا خائىنلىق قىلىپ، دۈشمەن تەرەپكە ئاخبارات يەتكۈزگىلى كەلدى ۋە شۇنداق قىلدى. ئۇنىڭ مەقسىتى ئاشۇ ساتقىنلىقى ئارقىلىق نام ـ مەرتىۋىگە ئېرىشمەكچى ئىدى. دۈشمەن ئۇنىڭ ئاخباراتىنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن ئۇنى ئېتىۋەتتى. چۈنكى، دۈشمەننىڭ ئالدىدا ئەمدى ئۇنىڭ قىممىتى قالمىغان ئىدى. يەنە دۈشمەننىڭ خىيالىدا ئۆز قىسمىغا ئاسىيلىق قىلغان ئادەم ۋاقتى كەلگەندە ئۇلارغىمۇ ئاسىيلىق قىلالايتتى. چۈنكى، خائىنلىق تەبىئىتىدە ساداقەت ئەمەس، بەلكى ۋاقىتلىق مەنپەئەت سايىسىلا بار ئىدى.

نەۋائىي ھەزرەتلىرى ئۆز زامانىسىدىكى سىياسىينىڭ رەزىللىكىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن ۋە چۈشىنىپ يەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭدىن يىراقلا قول ئۈزۈپ ئەدەبىي ئىجادىيەتكە ئۆزىنى بېغىشلىغان. مانا بۈگۈن بىز شېئىرىيىتىمىزنىڭ بايراقدارى سۈپىتىدە ساناپ، نەزمىلىرىنى سۆيۈپ ئوقۇۋاتىمىز. بۈگۈنكى كۈندە ئۆزىمىز ھەققىدە زامانىمىزغىچە يېتىپ كەلگەن، ئۆزىمىز تەرىپىدىن بىر قەدەر مۇكەممەل ئۈچۈر قالدۇرۇلغان كاتتا ئەسەر، دۇنيا سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىقىنىڭ ئۈلگىسى ھېسابلىنىۋاتقان «تۈركىي تىللار دىۋانى»نى نەۋائىيدىن بەش ئەسىر ئاۋۋال ئۆتكەن مەھمۇد قەشقەرى 10 نەچچە يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ يېزىپ چىققان. ھازىر بىز بۇ ئەسەرنى ئۆزىمىزنىڭ تۇرلۇك ئېنتوگرافىيىسى ھەققىدىكى قىممىتى بىلەن ئەتىۋارلاۋاتىمىز. 2005 ـ يىلى ئالىم تۇغۇلغانلىقىنىڭ 1000 يىللىقىغا بېغىشلانغان مەملىكەتلىك كاتتا يىغىن ئالىمنىڭ يۇرتىدا ــ قەشقەردە ئۆتكۈزۈلدى. ئۆتكەن ئەسىردە ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرغان مۇسابايېفلار پۇل تاپقاندا ئۆز خەلقىنى نادانلىقتىن قۇتقۇزۇشنى، ۋەتەننىڭ گۈللىنىشىنى ئېسىدىن چىقارمىغان. ئۇيغۇرلار تۇرمۇشىغا تۇنجى بولۇپ سانائەت ئىنقىلابىنىڭ يورۇقىنى تارقاتقان.

تارىخىمىزدىكى تالاي قېتىملىق كىتاب كۆيدۈرۈشلەر تۈپەيلى گەرچە ئىش ـ ئىزلىرى ۋە نام ـ ئاتىقى بىزگە نامەلۇم بولغان يەنە مۇشۇنىڭغا ئوخشاش تەبىئىي پەن، تېبابەت سەھەسىدىمۇ تالاي ئالىملىرىمىز ئۆتكەن. دۇنيا تارىخ بەتلىرىدىنمۇ بۇنىڭدەك ئۈلگىلەرنى يەنە كۆرسىتىش مۇمكىن...

قايسى بىر ماتېرىيالدا يېزىلىشىچە، ئىمپېراتور ئىسكەندەر زۇلقەرنەين ئۆزى ئۆلۈپ تاۋۇتقا سېلىنغاندا، ئىككى قولىنى يالىڭاچلاپ تاۋۇت سىرتىغا چىقىرىپ قويۇشنى ۋەسىيەت قىپتىكەن. ئۇنى ئۇزاتقۇچىلار ئۇنىڭ ۋەسىيىتى بويىچە ئۇنى يەرلىككە ئېلىپ ماڭغاندا، ئۇنىڭ ئىككى قولىنى تاۋۇتتىن يالىڭاچ ساڭگىلىتىپ ئېلىپ مېڭىپتىكەن. بەلكىم ئۇ زات بۇ ئارقىلىق كىشىلەرگە: «مەن بۇ دۇنيادا نۇرغۇن يەرلەرنى ئىگىلىدىم، ھېسابسىز بايلىققا ئېرىشتىم، تالاي گۈزەللەرگە ئىگە بولدۇم. لېكىن، ئاخىر ھېچنېمىنى بىللە ئېلىپ كېتەلمىدىم. جاھان يەنە قالدى...» دېگەننى كېيىنكىلەرگە ئۇقتۇرۇپ قويماقچى بولسا كېرەك.

ھايات سۆيۈملۈك، ھاياتنى قەدىرلەش لازىم. ئاچكۆزلۈك، شۆھرەتپەرەسلىك ــ بارلىق گۇناھ، ئىللەتلەرنىڭ مەنبەسى. ئۇ، ئىنسانغا يامان نام ـ ئاتاق ھەدىيە قىلىدۇ؛ پەزىلەتلىك ياشىغان ئىنسان بۇ دۇنيادىمۇ، «ئۇ دۇنيا»دىمۇ ھۆرمەت تەختىدىن مەھرۇم قالمايدۇ. شۇڭا، ئۆزۈمگە ۋە باشقىلارغا دائىم شۇنداق خىتاب قىلغۇم كېلىدۇ: پەزىلەتلىك ياشا، ھەي ئىنسان!

( ئاپتور: «كىرۇران» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىدە )

بىلىۋېلىڭ: 5 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى «خەلقئارا جانلىقلار كۆپ خىللىقى كۈنى»

# قەلبىمدىكى روزى سايىت

دۆلەت قۇربان



بۇ يىل ئاتاقلىق خەلق شائىرى، جامائەت ئەربابى روزى سايىتنىڭ ئالەمدىن ئۆتكىنىگە ئالتە يىل توشتى. گەرچە ئۇ بۇ دۇنيا بىلەن مەڭگۈلۈك ۋىدالاشقان بولسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ نامى ۋە سىيماسى كىشىلەر قەلبىدىن مەڭگۈ ئورۇن ئالدى.

مەرھۇم روزى سايىت ئاتاقلىق خەلق شائىرى ۋە كۆزگە كۆرۈنگەن جامائەت ئەربابى بولۇپلا قالماستىن، كەمدىن - كەم تېپىلىدىغان بىباھا ئادەم ئىدى، ئۇ كامالەتكە يەتكەن شائىرلىق تالانتى ۋە ئاجايىپ ياخشى يېزىلغان شېئىرلىرى بىلەن ئەل - جامائەتكە تونۇلغانىدى، ئۇنىڭ شېئىرلىرىنى ئوقۇغانلارنىڭ دىلى يورۇپ، كۆزى ئېچىلاتتى. شۇ سەۋەبتىن ئەل - جامائەت ئۇنى غايىبانە ماختايتتى، ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتاتتى، ئۇنىڭدىن چەكسىز پەخىرلىنەتتى.

مەرھۇم روزى سايىت ھايات ۋاقتىدا، مەن ئۇنىڭ بىلەن 20 يىل بىر تۇغقاندەك يېقىن ئۆتۈپ، قىيامەتلىك ئاكا - ئۇكىلاردىن بولۇپ قالغانىدۇق، مەن ئۇنى ئاكا دەيتتىم، ئۇ مېنى ئىنىم دەيتتى. سەممىي دوستلۇق مېنى ئەدەبىي ئىجادىيەت سېپىگە باشلاپ ئەكىرگەنىدى. ئۇ مېنىڭ شېئىرلىرىمنى ئەستايىدىل تۈزىتىپ بېرەتتى ۋە مېنى داۋاملىق يېزىشقا ئىلھاملاندۇراتتى. ئۇ مېنىڭ بىرقانچە شېئىرىمنىڭ «پۇت - قولى»نى رۇسلاپ، «قاش - كىرپىكى»نى تۈزىتىپ، «چىرايى»نى ئوڭشاپ، ئوقۇرمەنلەر بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرۈپ، ئەدەبىي ئىجادىيەتتە يۈكسىلىشىمگە مەدەتكار بولغانىدى. مەرھۇم ھايات ۋاقتىدا ماڭا ئوخشاش ھەۋەسكارلارغا خالىس ئۇستاز بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە ھەر جەھەتتىن كۆڭۈل بۆلگەنىدى.

روزى سايىت ئۆزىنى ئىللىق باغرىدا چوڭ قىلغان خەلققە، بولۇپمۇ مېھنەتكەش دېھقانلارغا چوڭقۇر مۇھەببەت باغلىغانىدى. ئۇ ئۇلارنىڭ قايغۇسىغا قايغۇرۇپ، شادلىقىغا شادلىنىپ، ئۇلار بىلەن بىر جان، بىر تەن بولۇپ كەتكەنىدى، خەلققە بولغان چوڭقۇر مېھىر - مۇھەببىتىنى ھەم ئۇلارنىڭ شادلىقى، غەم - قايغۇسى ۋە ئارزۇ - ئۈمىدلىرىنى ئۆز ئەسەرلىرىدە ھەر تەرەپتىن چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرەتتى. ئۇنىڭ بارلىق پائالىيەتلىرى مۇشۇ نۇقتىغا مەركەزلەشكەنىدى. قىسقىسى، ئۇ ئۆزىنىڭ بارلىقىنى خەلققە بەخشەندە قىلغانىدى.

روزى سايىتنىڭ بالىلىق، ئۆسمۈرلۈك، ياشلىق دەۋرى دېھقانلار ئارىسىدا ئۆتكەچكە، ئۇلارنىڭ تارتىدىغان جاپاسىنى تولۇق چۈشىنەتتى. شۇڭا، ئۇ دېھقانلارغا چوڭقۇر مۇھەببەت باغلاپ، ئۇلارنىڭ ھاياتى ۋە تۇرمۇشىنى ئۆز ئىجادىيىتىنىڭ پۈتمەس - تۈگىمەس مەنبەسى قىلغانىدى. دېھقانلارمۇ روزى سايىتنى ئاجايىپ ئۇلۇغ بىلەتتى، ئۆزلىرىنىڭ مۇشۇنداق شائىر ئوغلى بارلىقىدىن چەكسىز پەخىرلىنەتتى. شۇڭا، ئۇلار ھەر دائىم كۆڭلىدىكى گەپلىرىنى ئۇنىڭغا دەيتتى. روزى سايىت دېھقانلارنىڭ دېگەنلىرىنى ئۆز ئەسەرلىرىدە توختىماستىن ئىپادىلەيتتى. ئۇلارنىڭ شېئىر ئارقىلىق ئىپادىلەشكە مۇمكىن بولمايدىغان بىرقەدەر جىددىي تەلەپلىرىنى مۇناسىۋەتلىك ئورۇن ۋە رەھبەرلەرگە ئىنكاس قىلىپ، ھەل قىلىپ بېرەتتى، ۋاقتىنچە ھەل بولمايدىغان مەسىلىلەرنىڭ سەۋەبىنى دېھقانلارغا ئېنىق توغرا چۈشەندۈرەتتى.

شائىر ئارقا - ئارقىدىن «دېھقان ھەيكىلى»، «دېھقاننى ئالدىغا سېلىۋالدى ئىش»، «دېھقان يىغلايدۇ»، «ئۈستى»، «ئاھ، مېنىڭ مىللىتىم»، «دېھقان بولماق تەس» قاتارلىق شېئىرلارنى يېزىپ، ئۇلارنىڭ ئارزۇ - ئارمانىنى ۋە پارتىيە، ھۆكۈمەتتىن كۈتىدىغان سەممىي ئۈمىدىنى ئاجايىپ ماھىرلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈردى. بۇ شېئىرلار گېزىت - ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن جەمئىيەتتە كۈچلۈك غۇلغۇلا پەيدا قىلدى. كەڭ خەلق ئاممىسى، بولۇپمۇ



بىلىۋېلىڭ : 5 - ئاينىڭ 29 - كۈنى «خەلقئارا تىنچلىق ساقلىغۇچىلار كۈنى» ( 2002 - يىلى بېكىتىلگەن)

دېھقانلار بۇ شېئىرلاردىن چەكسىز سۆيۈنۈپ، «بىزنىڭ ئەھۋالىمىزنى يۇقىرىغا ئەينەن ئىنكاس قىپتۇ. پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت بىزنىڭ دەردىمىزنى ئەمدى تولۇق چۈشىنىدىغان بولدى» دەپ شائىرغا بىھېساب تەشەككۇر ئېيتىشتى.

شائىر روزى سايىتنىڭ يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان شېئىر-لىرى ئاز ساندىكى كىشىلەر ئېيتقاندەك، ھېسسىياتقا تايىنىپ توقۇلغان تۆھمەت بولماستىن، بەلكى 50 ـ يىللاردا قەشقەر كوناشەھەر ناھىيە پاختەكلە يېزىسىدىكى دېھقانلار-نىڭ ئازاد زامانغا ۋە بۇ ئازاد زاماننىڭ داھىيسى بولغان ماۋجۇشىغا ئېيتقان رەھمىتى شائىر تېيىپجان ئېلىيېۋنىڭ قەلىمى ئارقىلىق يېزىلغىنىغا ئوخشاش، 90 ـ يىللاردا قانۇنسىز جەرىمانە ۋە ئالۋاڭ ـ سېلىقتىن يىلدىن ـ يىلغا قاقسەنەم بولۇپ، يۈرىكى دەرد ـ ئەلەمگە تولغان دېھقانلار-نىڭ ئاساسىي قاتلامدىكى ئاز ساندىكى يەرلىك ئەمەلدارلار ئۈستىدىن روزى سايىتنىڭ قەلىمى ئارقىلىق يۇقىرى دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىغا قىلغان ئەرز ـ شىكايىتى ئىدى.

دېھقانلارنىڭ ئۈمىدى ھەرگىز يەردە قالمىدى. ئۇلارنىڭ كۈتكەن كۈنلىرى ئاخىرى يېتىپ كەلدى. روزى سايىت ۋاپات بولۇپ ئارىدىن ئىككى يىل ئۆتكەندىن كېيىن، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەن ئىلمىي تەرەق-قىيات قارىشىنى يېتەكچى قىلىپ، ئادەمنى ئاساس قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، دېھقانلارغا تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە شاپائەت قىلدى، ئۇلارنىڭ ھال ـ كۈنىنى ياخشىلاشقا ئاجايىپ زور مەبلەغ سالدى. 2700 يىلدىن بۇيان ئىزچىل داۋاملىشىپ كەلگەن دېھقانچىلىق، چارۋى-چىلىق بېجىنى كەچۈرۈم قىلىپ، دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى زور دەرىجىدە يەڭگىللەتتى. دېھقان ـ چارۋىچىلار پاكىز سۇ ئىچەلەيدىغان بولدى؛ مەجبۇرىيەت مائارىپى باسقۇچىدا ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ بالىلىرى دەرسلىك كىتاب بىلەن ھەقسىز تەمىنلەندى. ئۇلارنىڭ ئوقۇش پۇلى، پارچە ـ پۇرات خىراجىتى دۆلەت مالىيىسىدىن بېرىلدى. ياتاقتا يېتىپ ئوقۇيدىغانلىرىغا ئايلىق تۇرمۇش پۇلى بېرىلدى. يېزىلاردا يەر تەۋرەشكە چىداملىق ئۆي قۇرۇلۇشى يولغا قويۇلۇپ، دېھقانلارنىڭ ھاياتى ۋە مال ـ مۈلكىنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىندى؛ يېڭىچە ھەمكارلىشىپ داۋالاش تۈزۈمى ئورنىتىلىپ، دېھقانلارغا ياخشى داۋالىنىش شارائىتى يارى-تىلدى. دېھقانلار ياشانغاندا بېقىلىش سۇغۇرتىسىغا قاتناش-تۇرۇلۇپ، ئۇلار ئاخىرقى ئۆمرىنى خاتىرجەم ئۆتكۈزۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىندى؛ ئاشلىق تېرىغان دېھقانلارغا تولۇقلىما ياردەم پۇلى بېرىلدى. ھەممە كەنتلەرگە توك يەتكۈزۈلۈپ، دېھقان ـ چارۋىچىلار رادىئو ئاڭلىيالايدىغان، تېلېۋىزور كۆرەلەيدىغان بولدى... سوتسىيالىستىك يېڭى يېزا قۇرۇش دۆلەتنىڭ ئۇقتىلىق تۈر قۇرۇلۇشى پىلانىغا كىرگۈزۈلدى. دېھقان ئىشلەمچىلەرنىڭ شەھەرگە كىرىپ ئىشلەپ پۇل تېپىشىغا داغدام يول ئېچىپ بەردى، بۇ ئەۋزەل سىياسەتلەرنىڭ تۈرتكىسى بىلەن دېھقانلارنىڭ كىرىمى يىلدىن ـ يىلغا ئېشىپ، ھاللىق جەمئىيەتكە قەدەم قويدى. مۇشۇ بىرقانچە يىل ئىچىدە، دېھقانلار ھەقىقىي نەپكە ئېرى-شىپ، خۇشاللىققا چۆمدى. ئەمما، روزى سايىت بۇ ياخشى كۈنلەرنى كۆرەلمىدى. ئەگەر ئۇ ھايات بولغان بولسا، دېھقانلارنىڭ بۈگۈنكى كۈندىكى شادلىق ـ خۇشاللىقىنى تەسۋىرلەپ، 90 ـ يىللاردا ئۇلارنىڭ دەردى ـ ھەسرىتى، ئارزۇ ـ ئارمانى ئىپادىلەنگەن ئاشۇ نادىر شېئىرلاردىنمۇ نادىر شېئىرلارنى يېزىپ ئېلان قىلغان بولاتتى، ئەلۋەتتە. چۈنكى، روزى سايىت قىيامەتلىك دوستى، ئەلگە تونۇلغان، تالانتلىق، مول ھوسۇللۇق يازغۇچى نۇرمۇھەممەت توختى ئېيتقاندەك، ئارىلىق مۇقامىغا يەتكەن، دېھقانغا دىلكەش شائىر ئىدى. بۇلارنى يېزىشقا ئۇنىڭ ئۆمرى يار بەرمىدى.

دېھقان ھەقىقەتەن ئۇلۇغ، ئۇنىڭ كەچۈرمىشلىرى چەكسىز ھاياتىي كۈچكە تولغان مۇقەددەس تېما. ئەگەر بىز بۇ تېمىنى روزى سايىتتەك دەۋر يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ ياخشى يازساق، ئۇنى ئېلان قىلدۇرۇشتىن قىلچىلىك غەم قىلمىساقمۇ بولىدۇ. چۈنكى، ئۇنى ئېلان قىلىشقا ئادەمگە قارىماي، ئەسەرگە قارايدىغان «جۇڭگو مىللەتلىرى» ژۇرنىلىدەك مەتبۇئاتلار بار ئەمەسمۇ. چۈنكى، بۇ ژۇرنال ھەممىدىن ياخشىسىنى تاللايدۇ، ھەممىدىن ياخشىسى بۇ ژۇرنالنى تاللايدۇ. ئەينى يىللاردا روزى سايىتنىڭ خەلقنى سۆيۈندۈرگەن بۇ نادىر شېئىرلىرى مۇشۇ ژۇرنالدا ئېلان قىلىنغان ئەمەسمۇ.

بىز يازايلى! دېھقاننىڭ كۈندىلىك ھاياتى قازغىنىپرى ئاۋۇپ، مەڭگۈ تۈگىمەيدىغان ئالتۇن كان. بۇ كاننى قېزىش ۋىجدانلىق قەلەم ئىگىلىرىنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان ئۆمۈرلۈك بۇرچىدۇر.

(ئاپتور: لوپ ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ ئارامغا چىققان كادىرى)



بىلىمۋېلىڭ: 5 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى «دۇنيا تاماكا تاشلاش كۈنى» (1988 ـ يىل)

# سەنئەتچىلەرنىڭ ئەخلاق ساپاسى



ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

ئەخلاقلىق بولۇش تاماشىبىنلارنىڭلا بۇرچى ئەمەس، سەنئەتكارلارغا بۇ جەھەتتە تېخىمۇ ئېغىر تەلەپ قويۇلىدۇ. چۈنكى، ئۇلار گۈزەللىكنى مەدھىيىلىگۈچىلەر، تاماشىبىنلارنىڭ قەلبىگە گۈزەللىك ئۇرۇقى چاچقۇچىلار؛ ئۆزلىرىنىڭ سۆز - ھەرىكىتى، ئىجادىيىتى، رول ئېلىش ماھارىتى ۋە ئەخلاق - پەزىلىتى ئارقىلىق رەزىللىككە، خۇنۈكلۈككە ئوت ئاچقۇچىلار. شۇڭلاشقا، ئۇلارنىڭ ئەخلاق ساپاسى جەزمەن يۇقىرى بولۇشى شەرت.

بىز ئۆزىگە ئىجادىيەت ھەم كەسپىي ماھارەت جەھەتتىنلا ئەمەس، بەلكى ئەخلاقىي ساپا جەھەتتىنمۇ ئۈزلۈكسىز قاتتىق تەلەپ قويۇپ، ئەل - يۇرتنىڭ يۈكسەك ھۆرمىتىگە ئېرىشىپ كېلىۋاتقان پېشقەدەم، ئوتتۇرا ياش ھەم ياش سەنئەتكارلىرىمىزدىن پەخىرلىنىمىز. ئۇلارنىڭ ئەڭ قىممەتلىك ئىنسانىي پەزىلەتلىرىنى ئۆزلىرىگە مەڭگۈ ھەمراھ قىلىپ، سەنئەتنىڭ يۈكسەك چوققىلىرىغا تىنىمسىز ئۆرلەۋېرىشىنى سەمىمىي ئۈمىد قىلىمىز.

ئەخلاق — ئىنسانىنىڭ زىننىتى. ئەخلاق — تالانت مايسىلىرىنى ئايىنىتىدىغان مۇنبەت تۇپراق. مۇشۇ تۇپراقتىن ئايرىلغان سەنئەتكار ئۆزىنىڭ كۆپ قاتلاملىق يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى تولۇق جارى قىلدۇرالمايدۇ. چۈنكى، كەسپىي ئەخلاقى ناچار سەنئەتكاردا سەنئەتنىڭ ئىنسانلارغا تېخى ئايان بولمىغان، مەڭگۈ كەزسىمۇ تۈگىمەيدىغان بىپايان ھەم سىرلىق دۇنياسىغا دادىللىق بىلەن ئىچكىرىلەپ كىرىپ، تىنىمسىز ئىزدىنىدىغان ھەم قازانغان مۇۋەپپەقىيىتىدىن مەڭگۈ قانائەتلەنمەيدىغان روھ بولمايدۇ. ئىنساننىڭ ئەڭ قىممەتلىك بايلىقى ھېسابلىنىدىغان گۈزەل ئەخلاق - پەزىلەتتىن ئايرىلىپ قالغان ياكى يىراقلىشىپ كەتكەن سەنئەتكارنىڭ كۆزىگە ئۆزى چىققان ئادەتتىكى دۆڭلەرمۇ بۈيۈك تاغلاردەك ئېگىز كۆرۈنۈپ كېتىدۇ. شۇڭلاشقا، ئۇ ئۇڭايلا قانائەتچانلىق، مەغرۇرلۇق، ماختانچاقلىق قىلىپ، كىشىلەرنىڭ كۈلكىسىگە قالىدۇ. چۈنكى، كىشىلەر پاكار دۆڭنىڭ ئۈستىگە چىقا - چىقمايلا، «مەن بۈيۈك تاغلارنىڭ بېشىغا دەسسىدىم» دېيىشنىڭ ئۇچىغا چىققان بىمەنىلىك ھەم ھاماقەتلىك ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلىدۇ.

بىر سەنئەتكارنىڭ بىرەر قېتىملىق ئالقىشقا، مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە، مۇكاپاتقا ئېرىشكەنلىكى ياكى ناخشا - مۇزىكا، ئىنتوت كېچىلىكى ئۆتكۈزگەنلىكى ئۇنىڭ سەنئەت ھاياتىنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىمۇ؟ ئاز - تولا نەتىجىگە ئېرىشكەن، كۆزگە كۆرۈنۈپ قالغان سەنئەتكارلارنىڭ كۆرۈنگەنلا جايدا — تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرىنىڭ سۈرەتكە ئېلىش زاللىرىدا، مۇخبىرلارنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغان ئورۇنلاردا، ھەتتا مۇھاكىمە يىغىنلىرىدا ئۆزىنى ماختاپ، ئۇچۇرۇپ، «ئاسمان ئاستىدا ئاكاڭ قارىغاي بىرىنچى» دەپ لاپ ئۇرۇشى نورمال ئەھۋالمۇ؟ شىركەتلەرنىڭ مەھسۇلاتلىرىنى ئېلان قىلىشىپ بېرىۋاتقان سەنئەتكارلار ئۆز زىممىسىگە راستىنلا ھېچقانداق مەسئۇلىيەتنى ئالمامدۇ؟ سەنئەتكارنىڭ ئەل - جامائەتنى قىلچە كۆزگە ئىلماي، ئۆزىنىڭ قىممىتىنى پەقەت پۇلغىلا باغلىۋېلىشى «دادىللىق بىلەن يول ئاچقانلىق»نىڭ ئالامىتىمۇ؟ مىللىي مەدەنىيەتنىڭ تەقدىرىگە كۆڭۈل بۆلىدىغان سەنئەتچىلەر ئاللىقاچان ئەبجەقى چىقىپ، يىرتىلىپ، ئۆكۈپ كەتكەن يۇرتۋازلىق، مەزھەپچىلىك، گۇرۇھۋازلىق بايرىقىنى تېخىچە كۆتۈرۈپ يۈرەمدۇ؟ ئۆزىگە ئىشىنىدىغان، مىللەتكە كۆيۈنىدىغان، ساپ نىيەتلىك سەنئەتچى ھەسەتخورلۇق ئوتىدا پۇچىلىنىپ، كەسىپداشلىرىغا زاۋاللىق تىلەمدۇ؟ سەنئەت ئوبزورچىلىرى بىلەن پېشقەدەم ئەدىبلەرنىڭ خەلق قوشاقلىرىنىڭ قەدىمىيلىكىنى، ئەينەنلىكىنى، خاسلىقىنى ساقلاپ قېلىش ۋە ناخشا تېكىستلىرىنىڭ تىلىنى بۇزماسلىق توغرىسىدىكى قىممەتلىك تەكلىپلىرى بىلەن ئورۇنلۇق تەنقىدلىرىنى «يوق يەردىن پۇتاق چىقارغانلىق»، «باشقىلارنىڭ خاتالىقىنى كۆرۈپ، خۇشال بولۇپ كەتكەنلىك»، «سەنئەتچىلەرنىڭ كوكۇلىسىغا ئېسىلىۋالغانلىق»، «ئىجادكارلارنى يۈرەكزادە قىلىپ، ئۇلارنىڭ پۇت - قولىنى بوغۇپ تاشلاشقا ئۇرۇنغانلىق» دەپ، ئومۇمىيۈزلۈك ئىنكار قىلىش يولسىزلىق ئەمەسمۇ؟ ئاكتىيورلۇق كەسپىدە



بىلمۇبىلىك : 6- ئاينىڭ 1- كۈنى «خەلقئارا بالىلار بايرىمى» كۈنى (1949- يىل)

ئوقۇغان سەنئەتچىلەر ئاكتىيورلۇق كەسپىدە ئوقۇمىغان سەنئەتچىلەرنىڭ بېشىغا «بىلىمسىز»، «ئىقتىدارسىز»، «لاياقەتسىز»، «يارامسىز» دېگەندەك قالپاقلارنى قارىقويۇق كىيدۈرگىلى تۇرسا؛ سەنئەتچىلەر قوشۇنى ئىچىدە يۇقىرى ـ تۆۋەنلىك تالىشىدىغان، بىر ـ بىرىنى كەمسىتىدىغان، بىر ـ بىرىنى ئىنكار قىلىدىغان، بىر ـ بىرى بىلەن قارشىلىشىدىغان، ئوقۇش تارىخىغا قارىغۇلارچە چوقۇنىدىغان، تالانت ئىگىلىرىگە ھۆرمەت قىلمايدىغان خاتا خاھىشلار ئەۋج ئېلىپ كەتمەمدۇ؟

مېنىڭچە، ھەقىقىي سەنئەتكارغا نىسبەتەن ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشنىڭ، ئىقتىدار يېتىلدۈرۈشنىڭ، يېڭىلىق يارىتىشنىڭ، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ ئاخىرقى بېكىتى بولمايدۇ. ئۇ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە جاپالىق ئەمگەك قىلىدۇ، ھەتتا سەنئەتكە ئۆزىنىڭ قىممەتلىك ھاياتىنى بېغىشلايدۇ. مانا بۇ، بىزنىڭ تالانتلىق، داڭلىق سەنئەتكارلىرىمىز بېسىپ ئۆتكەن يول. ئۇلار ئۆمۈر بويى مۇشۇ يولدا مېڭىپ، بارلىقىنى ئۇلۇغ ئانا سەنئەتكە تەقدىم قىلدى. ئۇلار سۈپەتلىك بىرەر ئەسىرى دۇنياغا كېلىش بىلەنلا ياكى بىرەر قېتىملىق ئالقىش ساداسىغا كۆمۈلۈش بىلەنلا خۇدىنى بىلمەي، مېيىدىسىنى كېرىپ، كۆرۈنگەنلا چوققىغا باش ئاتىدىغان ھاماقەتلەرگە زادىلا ئوخشىمايتتى. شۇڭلاشقا، ئۇلار ئۆمۈر بويى كەمتەرلىك بىلەن ئۆگىنىپ، تىنىمسىز ئىزدىنىپ، داۋراڭ سالماي، باش چۆكۈرۈپ ئەمگەك قىلىپ، خەلقىمىزگە بىر ـ بىرىدىن ئېسىل ئەسەرلەرنى ياكى ئىنتايىن قىممەتلىك خىسلەتلەرنى قالدۇرۇپ كەتتى.

مۇۋەپپەقىيەت بىلەن شۆھرەتنىڭ ئاساسىنى سەنئەتكار ئۆزى ھازىرلايدۇ. لېكىن، سەنئەتكارنىڭ مەڭگۈلۈك مۇنارىنى پەقەت خەلق ئاممىسىلا تىكلىيەلەيدۇ. سەنئەتكار ئۆزى زورۇقۇپ ئۆرە قىلغان «شەرەپ تاختىسى»نىڭ قىممىتىمۇ، ئەتىۋارىمۇ، جەلپكارلىقىمۇ، ھاياتىي كۈچىمۇ بولمايدۇ. شۆھرەتۋاز، ھاكاۋۇر سەنئەتكار خەلقنىڭ ئېسىدىن ئوڭايلا ئايرىلىپ قالىدۇ. ئۆزىگە تەمەننا قويىدىغان، قانائەتچان سەنئەتكارنىڭ ئىقتىدار شەمشىرىمۇ ئوڭايلا داتلىشىپ قالىدۇ. قولىدىن ئىش كېلىدىغان، يېڭىلىق يارىتىشقا ماھىر، ئەقىللىق سەنئەتكارغا نىسبەتەن، بۇ ئېرىشكەن نەتىجىلەرنىڭ ھەممىسى ئۆتمۈشكە مەنسۇپ. شۇڭلاشقا، ئۇ ئۆزىنىڭ نەتىجىلىرىنى ئۆزى داڭلاپ، كىشىلەرنى بىزار قىلىشنى خالىمايدۇ، بەلكى ھەربىر تاڭنى يېڭى نەتىجىلەر بىلەن قارشى ئېلىپ، ھاياتىنىڭ قىممىتىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرىدۇ.

سەنئەتكارلارنىڭ ئەمگىكى قەدىرلىنىشى، سەنئەتكارلار تېگىشلىك ئەمگەك ھەققىدىن بەھرىمەن بولۇشى كېرەك. لېكىن، بىر سەنئەتكار ئۆزىنىڭ قىممىتى بىلەن تەقدىرىنى پەقەت پۇلغىلا باغلاپ قويسا، كىشىلەر ئۇنىڭ ئەخلاق ساپاسىدىن گۇمانلانماي قالمايدۇ. شۇنىسى ئېنىقكى، سەنئەتكارنىڭ ئابرۇيى، ئەخلاق ـ پەزىلىتى، قوللىغۇچىلىرى، تەقدىرى پۇلدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. ئۆزىنىڭ كىشىلەر قەلبىدىكى ئوبرازىنى پۇلغا تېگىشۋەتكەن سەنئەتكارنىڭ ئابرۇيى تېزلا تۆكۈلۈپ كېتىدۇ. ھازىر جەمئىيەتتە «پالانچى شەھەردە پوستانچى سەنئەتچىگە مانچە مىڭ يۈەن ھەق بېرىپتىكەن، ئۇ سەنئەتچى بۇ پۇلنى ئاز كۆرۈپ، يەرگە تاشلىۋېتىپتۇ ھەم ھەق بەرگۈچىلەرنى بىرمۇنچە ئەيىبلەپتۇ. بۇنى كۆرگەن كىشىلەر نامى چىقىپ قالغان بۇ سەنئەتچىنىڭ قىلىقىنى زادىلا ياقتۇرماپتۇ. چۈنكى، يىراقتىن كەلگەن داڭلىق سەنئەتچى دەپ، ئۇنىڭغا باشقىلارنىڭكىدىن خېلىلا يۇقىرى ھەق بېرىلگەنىكەن. لېكىن، ئۇ ئۆزىنى ئالاھىدە ھۆرمەت قىلغان كىشىلەرنىڭ دىلىغا ئازار بېرىپ، كىشىلەر ئارىسىدا ئىنتايىن ناچار تەسىر قالدۇرۇپتۇ»، «پالانچى سەنئەتچى ماڭا مانچە تۈمەن ھەق بەرمىسە، بۇ ئېلانغا چىقمايمەن دەپتىكەن، شىركەت دىرېكتورلىرى ئۇنى تەكلىپ قىلغانلىقىدىن قاتتىق ئۆكۈنۈپتۇ»، «پوستانچى سەنئەتچى ماڭا مانچە تۈمەن ھەق بەرمىسە، ھېچقانداق تېلېۋىزىيە تىياتىرىدا رول ئالمايمەن دەپتۇ»، «بەزى سەنئەتچىلەر شىركەت خوجايىنلىرى يۇقىرى ھەق بەرسىلا، ھەرقانداق مەھسۇلاتنى كۆزنى يۇمۇۋېلىپلا ماختاۋېرىدىغان بوپتۇ»، «سەنئەتچىلەرنىڭ ئېلىشقا تېگىشلىك ئەمگەك ھەققىنى ۋاقتىدا تارقاتماسلىق، كېمەيتىۋېتىش، كەينىگە تارتىش، ھەتتا بەرمەسلىك ئىللىتى بارغانسېرى ياماراپ كېتىۋاتىدۇ. ئەسەر ھوقۇقى قانۇنىغا خىلاپ قىلمىشلار كۆپىيىپ كېتىۋاتىدۇ» دېگەندەك گەپ ـ سۆزلەر جىق. بۇ گەپلەر زادى قانچىلىك راست، بۇ تەرىپى بىزگە ئانچە ئايان ئەمەس. لېكىن، بىز كىشىلەر ئارىسىدا ئېقىپ يۈرگەن بۇ گەپلەرنىڭ ھەممىسىنىلا «يالغان» دەپ ئېيتالمايمىز. ئالايلۇق، سەنئەتچىلەرنىڭ بەھرىمەن بولۇشقا تېگىشلىك ئەمگەك ھەققىنى ۋاقتىدا تارقاتمايدىغان، كېمەيتىۋېتىدىغان، ھەتتا پۈتۈنلەي بەرمەيدىغان قىلمىشلار بىزدە يوقمۇ؟ ئەسەر ھوقۇقىغا خىلاپ بۇ خىل قىلمىشلارنىڭ ئۈنۈملۈك چەكلەنمەيۋاتقانلىقى كۆز يۇمغىلى بولمايدىغان پاكىت. بارغانسېرى ياماراپ كېتىۋاتقان بۇ خىل ئىللەت كىشىلەرنىڭ، جۈملىدىن سەنئەتچىلەرنىڭ قانۇن ئېڭى ۋە ئەخلاق ساپاسى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك.

شىركەتلەرنىڭ تېلېۋىزور ئېكرانلىرىدا كۆرسىتىلگەن ئېلانلىرىغا چىققان سەنئەتكارلار مۇقەررەر ھالدا پۇل بىلەن مەسئۇلىيەتنىڭ، پۇل بىلەن نوپۇزنىڭ مۇناسىۋىتىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش مەسىلىسىگە دۇچ كەلمەي قالمايدۇ. چۈنكى، ئېلانى ئىشلىنىدىغان مەھسۇلاتلارنىڭ سۈپىتى ئوخشاش بولمايدۇ. ئېلانلارغا چىقىدىغان سەنئەتكارلارنىڭ مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بىلەن ئابرۇيى ـ ئىناۋىتىنى قوغداش ئېڭىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. ئابرۇيىنىڭ تۆكۈلۈپ كېتىشىدىن، خەلقنىڭ ئىشەنچىدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن قورقمايدىغان، مەسئۇلىيەتسىز، نەپسانىيەتچى سەنئەتچى پۇلنى، پايدىنى دەپ، ناچار، سۈپەتسىز مەھسۇلاتلارنى كۆزنى يۇمۇۋېلىپ، «ئېسىل مەھسۇلات» دەۋېرىدۇ.

بىلىۋېلىڭ: 6 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى «دۇنيا مۇھىت ئاسراش كۈنى» (1974 ـ يىل)

يالغان گەپ قىلىپ، خەلقنىڭ مەنپەئەتىگە زىيان سالىدىغان بۇنداق سەنئەتكارلار پۇلنى ھەممىدىن ئۈستۈن قويىدۇ ـ دە، ئۇچاغدا ئۆزىنىڭ نامىنى بۇلغىۋالىدۇ. شۇڭلاشقا، بىز مەھسۇلاتلارنىڭ ئېلانلىرىغا چىقىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىنغان سەنئەتكارلىرىمىزنىڭ پۇل بىلەنلا ھېسابلاشماي، ئالدى بىلەن ئېلانى ئىشلىنىۋاتقان مەھسۇلاتلارنىڭ سۈپىتىگە ئەستايىدىل كۆڭۈل بۆلۈشىنى، سۈپىتى دۆلەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك ئۆلچىمىگە يەتمىگەن مەھسۇلاتلارنى قارىسىغىلا ماختىماسلىقنى، بولۇپمۇ ناچار مەھسۇلاتلارنى بازارغا سېلىشنىڭ كارنىيىغا ئايلىنىپ قالماسلىقنى سەممىي ئۈمىد قىلىمىز.

شىركەتلەر سۈپەتلىك، داڭلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئېلانلىرىنى ئىشلىگەن چاغلاردا، داڭلىق سەنئەتكارلىرىمىزنىڭ نوپۇزى بىلەن رولىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، سودا ـ سېتىق ئىشلىرىنى تېخىمۇ ئىلگىرى سۈرۈشنى ئويلىشىدۇ. سەنئەتكارلارمۇ سۈپەتلىك، داڭلىق مەھسۇلاتلارنىڭ ئېلانلىرىغا چىقىش ئارقىلىق مۇۋاپىق كىرىم قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ خىل يوللۇق كىرىمى قانۇنغىمۇ، كەسپىي ئەخلاققىمۇ زىت كەلمەيدۇ. شۇڭلاشقا، سەنئەتكارلارنىڭ ئەخلاق ساپاسىنى ھەرگىزمۇ ئۇلارنىڭ ئېلانغا چىققان ـ چىقمىغانلىقى ياكى ئېلانغا ئاز ـ كۆپ چىققانلىقى بىلەن ئۆلچىگىلى بولمايدۇ.

ئاكتىيورلۇق كەسپىدە ئوقۇغان ياكى ئوقۇمىغانلىقنى ئىقتىدارلىق، يارامسىز سەنئەتكارلارنى پەرقلەندۈرۈشنىڭ بىردىنبىر ياكى ئاساسلىق ئۆلچىمىگە ئايلاندۇرۇۋالغاندا، تالانت ئىگىلىرى ئېغىر زەربىگە ئۇچرىماي قالمايدۇ. چۈنكى، تالانتنىڭ زامان ـ ماكان چەكلىمىسى بولمايدۇ. ئىقتىدارلىق سەنئەتكارلار ئاكتىيورلۇق كەسپىنى ئوقۇغانلارنىڭ ئارىسىدىنمۇ، ئوقۇمىغانلارنىڭ ئارىسىدىنمۇ چىقىدۇ، ھەتتا بەزىدە كۆزى كور، لېكىن ئانا سەنئەت بىلەن پىششىق تونۇشقان بىر سازەندە يەتكەن پەللىگە ئاكتىيورلۇق كەسپىدە ئوقۇغانلارمۇ يېتەلمەي قالىدۇ. شۇڭا، ئىقتىدارلىق سەنئەتكارلارنى پەقەت ئىنستىتۇتلاردىنلا ئىزدەش ھەقىقەت ئالدىدا كۆز يۇمغانلىق بولىدۇ. ئاكتىيورلۇق كەسپىدە ئوقۇش سەنئەتكارنى ئۆز كەسپى بىلەن پىششىق ھەم سىستېمىلىق تونۇشۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلالىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ سەنئەتنىڭ يۈكسەك چوققىلىرىغا چىقىش ـ چىقالماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلالمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، سەنئەت ئىنستىتۇتىدا ئوقۇۋاتقان تۇرۇقلۇق، قىممەتلىك ئۆگىنىش ھەم ماھارەت يېتىلدۈرۈش پۇرسىتىنى قولدىن بېرىپ قويىدىغانلارمۇ بولىدۇ. بىزنىڭ بەزى سەنئەتكارلىرىمىز گەرچە سەنئەت ئىنستىتۇتلىرىدا ئوقۇيالمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار خەلق سەنئىتىدىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئانا مەكتەپنىڭ قوينىدا سەنئەت قانۇنىيىتى بىلەن پىششىق تونۇشۇپ، ئۆزىگە خاس يۈكسەك ماھارەت يېتىلدۈرگەن. ئۇلار باي خەلق سەنئىتىنى دەرسلىك قىلغان، سەنئەتكار خەلقنى ئۇستاز تۇتقان. شۇڭا، ئۇلارنىڭ ئىجادىيىتىدىنمۇ، ئۆزىگە خاس ئىقتىدارىدىنمۇ ئۇلۇغ ئانا سەنئەتنىڭ قويۇق



پۇرىقى گۈپۈلدەپ ئۇرۇلۇپ تۇرىدۇ. ئەگەر سىز ئانا سەنئىتىمىزنىڭ تەڭداشسىز ئېسىل بايلىقىدىن ئوزۇق ئالغان ئاشۇ تالانت ئىگىلىرىنى يولسىزلىق بىلەن «سىلەر ئاكتىيورلۇق كەسپىدە ئوقۇمىغان» دەپ چەتكە قاقسىڭىز، ئۇ ھالدا ئۆزىڭىزنى دۇنيادىكى ئەڭ نادان ئادەملەرنىڭ قاتارىغا قوشۇپ قويغان بولمامسىز؟!

راستىنى ئېيتقاندا، بىزدە سەنئەت ئوبزورچىلىقى يوق دېيەرلىك. شۇڭلاشقا ناخشا، مۇزىكا، ئېتۇد، تېلېۋىزىيە تىياتىرى ياكى ئۇسسۇل ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ يۈرگەن بەزى كۆچۈرمىكەشلەر، تەقلىدچىلەر ۋاقتىدا چەكلەنمەي، قاتتىق تەنقىد قىلىنماي، ئېپلەپ ـ سېپلەپ كۈن ئۆتكۈزۈۋاتىدۇ. كىشىنى تېخىمۇ ئازابلايدىغىنى شۇكى، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ھەر خىل ۋاسىتىلەر ئارقىلىق تالانتلىقلارنىڭ سېپىگە قېتىلىۋېلىپ، بەكمۇ كۆرەڭلەپ كېتىۋاتىدۇ. مەدەنىيەت بازارلىرىدىكى بەزى ناچار، ساختا مەھسۇلاتلار توغرىسىدا بىرەر ئېغىز گەپ قىلسىڭىزلا، ئۇلار سىزگە قارىتا دەرھال ھۇجۇمغا ئۆتىدۇ. ئوبزورچىلار ئۇلارنىڭ كۆزلىرىگە دۈشمەندەك كۆرۈنىدۇ، ئۇلار تەنقىدتىن ئۆلگۈدەك قورقىدۇ. بىرەر نۇقسانىنى كۆرسەتسىڭىز، «كالتەكچى» دەيدۇ؛ بىرەر نەتىجىنى مۇئەييەنلەشتۈرسىڭىز، «خۇشامەتچى» دەيدۇ. ئەگەر ئۆزىڭىزگە، ماھارىتىڭىزگە ياكى ئەسىرىڭىزگە ئىشەنسىڭىز، تەنقىدتىن نېمىشقا قورقىسىز؟ سىز تەنقىدچىنىڭ يولىنى يولسىزلىق بىلەن توسسىڭىز، خەقنىڭ ھەممىسى سىزنى بېشىدا كۆتۈرىدىغان بولامدۇ؟ ئۇنتۇماڭكى، سىزنىڭ بىرەر كېچىلىكنى ئۆتكۈزگەنلىكىڭىز، ئەمەلىيەتتە، سەنئەت ھاياتىڭىزدا تاشلانغان بىرىنچى قەدەملا، خالاس. ئالدىڭىزدا سەنئەتنىڭ بىر ـ بىرىدىن ئېگىز، بىر ـ بىرىدىن سىرلىق چوققىلىرى تۇرۇپتۇ. شۇڭلاشقا، مەن ئاز ـ تولا نەتىجە قازانغان، كۆزگە كۆرۈنۈشكە باشلىغان ياش سەنئەتكارلىرىمىزنىڭ شائىر تېيىپجان ئېلىيېۋنىڭ:

«ئېگىلىدىكەن ئالما شاخلىرى،
مېۋىسى قانچە ئوخشىغانسېرى.
كەمتەرلىك بىلەن ئادەم چىرايلىق،
سەتلىشىدىكەن غادايغانسېرى»

دېگەن رۇبائىسىنى ئەستە مەھكەم ساقلىشىنى سەممىي ئۈمىد قىلىمەن.

سەنئەت ئەسەرلىرى بىلەن سەنئەتكارلارنىڭ ئۆزىگە خاس ئىقتىدارى سەنئەت ئوبزورچىلىقىنىڭ ئوبيېكتى سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. سەنئەتكار ئىجاد قىلىدۇ ياكى رول ئېلىش ماھارىتىنى نامايان قىلىدۇ. ئوبزورچى بولسا ئۇلارنى باھالايدۇ. لېكىن، سەنئەتچى ئوبزورچىغا مەلۇم ئەسەرنى ماختاش ياكى تەنقىدلەش بۇيرۇقى چۈشۈرەلمەيدۇ. سەنئەتكارنىڭ كەسپىي ھوقۇقى قانداق قەدىرلىك بولسا، ئوبزورچىنىڭ كەسپىي ھوقۇقىمۇ شۇنداق قەدىرلىك. شۇڭا، سەنئەتكار ئوبزورچىدىن گەپ قىلماسلىقنى، كەسپىي بۇرچىنى ئادا

قىلماسلىقنى تەلەپ قىلسا، جەزمەن مەغلۇپ بولىدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ بۇ خىل يولسىز تەلىپى بىر خىل ئادالەتسىزلىك بولۇپ، ھەرگىز ئەمەلگە ئاشمايدۇ. ئۆزىنىڭ كەسپىي بۇرچىنى ئادا قىلىش — سەنئەتكارنىڭمۇ، ئوبزورچىنىڭمۇ مەجبۇرىيىتى. شۇڭا، ئۇلار بىر ـ بىرسىنىڭ كەسپىي ئالاھىدىلىكىگە، كەسپىي بۇرچىغا ھۆرمەت قىلىشى شەرت. شۇنىسى مۇقەررەركى، ئوبزورچىنىڭ سەنئەت ئەسەرلىرى بىلەن سەنئەتكارلارنىڭ ئىقتىدارىنى باھالاش ھوقۇقى دەخلى ـ تەرۇزسىزدۇر. ئۆزىنىڭ بۇ خىل ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىنغان ياكى ئۆزىنىڭ بۇ خىل بۇرچىنى ئادا قىلمىغان ئوبزورچىنىڭ قىممىتىمۇ، رولىمۇ، ئىتىۋارىمۇ، ئابرۇيىمۇ بولمايدۇ.

ئانا سەنئەتنى، جۈملىدىن قوشاق ـ بېيىتلارنى قوغداش — سەنئەتكارنىڭمۇ، ئوبزورچىنىڭمۇ بۇرچى. سەنئەت ئوبزورچىلىرىنىڭ، پېشقەدەم ئەدىبلەرنىڭ ناخشا تېكىستلىرىنى قوپاللىق بىلەن بۇزۇپ ئېيتىپ يۈرگەن ناخشىچىلارنى تەنقىدلىشى سەنئەتكە بولغان چوڭقۇر مۇھەببەتنىڭ مەھسۇلى. ھەرقانداق سەنئەتكارنىڭ بۇ خىل مۇھەببەتنى ئېيىبلەش ياكى ئۇنىڭغا سوغۇق سۇ سېپىش ھوقۇقى يوق. لېكىن، تەنقىدكە قارشى تەنقىدنىڭ دەرۋازىسى مەڭگۈ ئوچۇق تۇرىدۇ. ئەگەر سىز ناخشا تېكىستى قىلىنغان قوشاق ـ بېيىتلارنى ھەم نادىر شېئىرلارنى بۇزۇپ، ئۆزگەرتىپ ئېيتىپ يۈرگەن ياكى مەنتىقىسىز، خاتا، لاۋزا، بىمەنە سۆز ـ جۈملىلەرنى «ناخشا تېكىستى» سۈپىتىدە بازارغا سېلىپ يۈرگەن ناخشىلارنى ئاقلىماقچى، قوللىماقچى بولسىڭىز، دادىللىق بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ، كۆزقارىشىڭىزنى بايان قىلسىڭىز بولىدۇ. بەس ـ مۇنازىرە سەنئەتنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. سەنئەت ئوبزورچىلىقى ياكى بەس ـ مۇنازىرىسى جانلانمىغان سەنئەت توختام سۇغا ئايلىنىپ قالىدۇ. سەنئەتكە كۈچلۈك مۇھەببەت ئورناتقان سەنئەتكار بەس ـ مۇنازىرىدىن، تەنقىدتىن، ھەقىقەتتىن قورقمايدۇ. ئوبزورچىلىقنى ياقتۇرماسلىق، ئوبزورچىلىقتىن بىزار بولۇش سەنئەتكە بولغان مۇھەببەتنىڭ ئاجىزلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

پېشقەدەملەر — مىللەتنىڭ بايلىقى. ئەخلاق ساپاسى يۇقىرى سەنئەتكارلار بۇ خىل بايلىقنىڭ قەدرىگە يېتىدۇ. مەدەنىيەتتىكى ياتلىشىش بارغانسېرى ئېغىرلىشىپ كېتىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، ھاياتىنى ئانا مەدەنىيەت مۇھىتىدا ئۆتكۈزگەن، ئانا مەدەنىيەت بىلەن پىششىق تونۇشقان، ئانا مەدەنىيەتنى يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن قوغداۋاتقان ئاشۇ پېشقەدەملەر بەرگەن تەكلىپ، مەسلىھەتلەر، ئورۇنلۇق تەنقىدلەر ئىنتايىن قىممەتلىك. بۇ نۇقتا ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن تېخىمۇ ئايدىڭلىشىدۇ.

مىللىتىمىز تارىختا ئىناقسىزلىقنىڭ زىيىنىنى بەكمۇ جىق تارتقان. باشقىلارغا ئورا كولىغانلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئۆزلىرى كولىغان ئورىغا ئۆزلىرى چۈشۈپ كەتكەن. باشقىلارغا بەختسىزلىك تىلىگەنلەرنىڭ بىرسىمۇ بەختلىك بولالمىغان. يۇرتۋازلىق، مەزھەپچىلىك، گۇرۇھۋازلىق، قورۇقچىلىق، ھەسەتخورلۇق قاتارلىق قورقۇنچلۇق روھىي كېسەللىكلەر مىللىتىمىزنىڭ سەنئىتىگە، سەنئەتكارلىرىمىزغا تارىختىن بۇيان ئىنتايىن ئېغىر زىيانلارنى سېلىپ كەلدى. لېكىن، ھەممىلىگە ئايان بولغان مۇشۇ ئاددىي ھەقىقەت بەزىلىرىمىزنىڭ ئېسىمىزدىن ئوڭايلا كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ ـ دە، يەڭگىللىك بىلەن يەڭنى شىمايلاپ، تۆگمەس جەڭگى ـ جېدەللەر قايىنىمىغا بېشىمىزچىلا كىرىپ كېتىمىز. نۇرغۇن ۋاقتىمىز، زېھن كۈچىمىز، ئېنېرگىيىمىز، ھەتتا تالانتىمىز ئاشۇنداق زىيانلىق ماجىرالار ئىچىدە ئېچىنىشلىق ھالدا زايە بولۇپ كېتىدۇ، نابۇت بولىدۇ. كەسپداشلىرىمىزنىڭ تالانتى چاقنىسا ياكى بېشىغا بەخت قۇشى قونسا، بىزنىڭ يۈرىكىمىزدە ھەسەتخورلۇق بورىنى قۇترايدۇ. تالانتلىقلار دوستانە رىقابەتلىشىدىغان، ئىقتىدارلىقلار ماھارەت كۆرسىتىدىغان، سەنئەتنىڭ ئەڭ كۆركەم گۈللىرى ئېچىلىدىغان سەھنە، ئېكرانلارنى گۇرۇھۋازلىقنىڭ ئۇۋىسىغا ئايلاندۇرۇپ، سەنئەتنىڭ تەرەققىياتىنى ئېغىر چەكلىمىگە ئۇچرىتىمىز. تالانتلىقلارنىڭ يولىنى توسساق، شان ـ شۆھرەت تەختى بىزگىلا مەنسۇپ بولىدۇ، دەپ خام خىيال قىلىمىز. باشقا يۇرتلۇقلارنى ھەدەپ چەتكە قېقىپ، مەزھەپچىلىك بورىنى چىقىرىپ، سەنئەتنىڭ يۈزىنى تۆكىمىز، خەلق سەنئەتكارى دېگەن نامىمىزغا داغ چۈشۈرىمىز. بىز بۇ خىل قورقۇنچلۇق كېسەللىكتىن زادى نېمە ئۈچۈن قۇتۇلالمايمىز؟ سەنئەتكارلارنىڭ مۇشۇنداق خەتەرلىك ئىللەتلىرىنى داۋالاش ۋەزىپىسى بار ئىدىغۇ؟ لېكىن، بۇ خىل كېسەللىكنىڭ ھازىر سەنئەتچىلەرنىڭ ئارىسىدىن جەمئىيەتكە تارقىلىۋاتقانلىقى بىر خىل پاجىئە ئەمەسمۇ؟! بەزىلەر ئېھتىمال بۇ خىل ئاچچىقنى قوبۇل قىلالماس. لېكىن، سەنئەتكارلىرىمىزنىڭ ئەخلاق ساپاسىنى ئىنچىكە كۆزەتكەن ئادەم بۇنىڭ مۇبالىغە ئەمەسلىكىگە ئوڭايلا كۆز يەتكۈزەلەيدۇ.

مەن بەزىدە خەلقئارادىكى مۇھىم سەھنىلەردە، ئۇتۇق قازانغان كىنو سەنئەتكارلىرىغا مۇكاپات بۇيۇملىرى تارقىتىلىۋاتقان كۆرۈنۈشلەرگە قاراپ، ئىختىيارسىز ئېغىر خۇرسىنىمەن. ھەرقايسى ئەللەردىن كەلگەن مىللىتى، تىلى، ئېتىقادى، مەدەنىيەت ئەنئەنىسى ئوخشاش بولمىغان كىنو سەنئەتكارلىرىنىڭ مۇكاپاتقا ئېرىشكەن كەسپدىشىغا بىلدۈرگەن يۈكسەك ھۆرمىتى ۋە ئۇلارنىڭ چىرايىدا چاقناپ تۇرغان خۇشاللىق، قايىللىق، مىننەتدارلىق، ھېسداشلىق نۇرلىرى ئادەمگە چەكسىز زوق ئاتا قىلىدۇ. مانا بۇ، ھەقىقىي سەنئەتكارلاردا بولۇشقا تېگىشلىك گۈزەل ئەخلاقنىڭ ئەكس ئېتىشىدۇر. مۇشۇنداق ئېسىل ئەخلاق بولغاندىلا، كەسپداشلىرىمىز ئېرىشكەن بەختتىن تەڭ ھوزۇرلىنالايمىز. سىز ئۇنىڭ بەختىدىن شادلانسىڭىز، ئۇمۇ سىزنىڭ بەختىڭىزدىن شادلىنىدىغان بولىدۇ.

(ئاپتور: «تارىم» ژۇرنىلىدىن ئېلىنغان چىققان)



بىلىۋېلىڭ: 6 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى خەلقئارا ئولىمپىك كۈنى (1894 ـ يىل)

# بىز يوقىتىۋاتقان تەبىئىيلىكلەر ۋە قۇربانلىققا ئايلىنىۋاتقان بالىلار



ئانىقىز ئەزىز ئىلتەرىش

ئەمدىلا ئىككى يېرىم ياشقا كىرگەن بىر بالىنىڭ چاچ بوياش مەلھىمى قاچىلانغان قۇتىنى كۆتۈرۈۋېلىپ مەلھەمنى چېچىغا سۈركەپ قويۇشنى ئۆتۈنۈشى، لەۋسۇرۇخنى سۈرۈپ قوي دەپ غەلۋە قىلىشى، قورساقنى كىچىكلىتىپ كۆرسىتىدىغان كالتا ئىشتاننى دادىسىنىڭ ئەمەس، ئانىسىنىڭ كىيدىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرەلىشى ... كىشىلەرنىڭ «ھازىر كىچىك بالا قالمىدى» دېگەن گېپىنىڭ راستلىقىنى ئىسپاتلىماقتا. بالىلارنىڭ كىچىك تۇرۇپلا گىرىم بۇيۇملىرىنىڭ قايسىنىڭ قەيەرگە ئىشلىتىدىغانلىقىنى ئېنىق دەپ بېرەلىشى، ئەر - ئاياللارنىڭ تاشقى كىيىمدىن تارتىپ ئىچ كىيىمگىچە پەرق ئېتەلىشى، قارىماققا ئۇلارنىڭ ئەقىللىقلىقىنىڭ ئىپادىسىدەك كۆرۈنىدۇ، نۇرغۇن كىشىلەر بالىلارنىڭ بۇ خىل ئىقتىدارىدىن سۆيۈنۈپ، «ھازىرقى بالىلار نېمە دېگەن ئەقىللىق» دەپ ماختاپ كېتىشىدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئۇلارنىڭ زەھەرلەنگەنلىكىنى، تەبىئىي نەرسىلەرگە قارىغاندا، سۈنئىي نەرسىلەرگە بەكرەك ئىنتىلىدىغان بولۇپ قالغانلىقىنى ھېس قىلىپ يەتمەيدۇ.

ئويلاپ باقساق، نۆۋەتتە مەيلى جىسمىمىزدا بولسۇن، مەيلى روھىمىزدا بولسۇن، تەبىئىيلىك دېگەن تولىمۇ ئاز قاپتۇ، ھەتتا بەزىلىرىمىزدە «تەبىئىيلىك»نىڭ ئاسارىتىنىمۇ تاپقىلى بولمايدۇ. قىز - ئاياللارنىڭ پەرداز بۇيۇملىرى ئارقىلىق چىرايلىق بولۇشقا بېرىلىپ، گىرىمسىز تالا - تۈزگە چىقالماسلىقى، سومكىلىرىدىن گىرىم بۇيۇملىرىنى ئايرىماسلىقى، ئاق ئارىلاشقا باشلىغان چاچلىرىنى قىزغۇچ، ساغۇچ ۋە قارا بوياقلاردا بويىشى؛ تورت - پىچىنە، شاكىلاتلارغا ئامراق بولۇشى؛ ئەرلەرنىڭ غەم - قايغۇدىن قۇتۇلۇش، ھارغىنلىقنى چىقىرىش ئۈچۈن تاماكا، ھاراق ئارقىلىق ئۆزىنى زەئىپلەشتۈرۈشى؛ ئەر - ئاياللارنىڭ مېھىر- مۇھەببەتنىمۇ تەبىئىي يوسۇندا ئەمەس، باشقىچە شەكىلدە ئىپادىلىشى؛ ئەر - ئاياللار بىر - بىرىنىڭ قىلمىشلىرىنى بىلدۈرمەسلىك مەقسىتىدە بالىلارنى قالقان قىلىپ، گۇۋاھچىلىققا قويۇپ ئۆزئارا ئالداشلىرى؛ ئەر - ئايالنىڭ تالا - تۈزدىكى، ئىدارىدىكى كىشىلەرگە ناقابىل تۇرۇش ئۈچۈن ھىيلە - مىكىر ئويلاپ شان - شەرەپ، ماختاشقا، نەتىجىگە ئېرىشىش يولىنى ئاللىشى؛ ئۇلارنىڭ بالىلاردا كۆرۈلۈۋاتقان مەسىلىلەرنى غەيرىي يول ئارقىلىق ھەل قىلىشقا تىرىشىشىنىڭ ھەممىسى سۈنئىيلىك، ساختىلىقتۇر. بۇ خىل مۇھىت ئەلۋەتتە بالىلارغا تەسىر قىلىدۇ.

ئىنچىكە قارايدىغان بولساق، بالىلارنىڭ ئەتراپىنى سۈنئىيلىك قاپلىغان ھالەتنى بايقايمىز. بىچارە بالىلار ئائىلىدە شۇنداق ساختىلىقلارغا يولۇقۇپلا قالماستىن، يەنە مەكتەپتىمۇ ساختىلىققا ئۇچرايدۇ. ئوقۇتقۇچىلار: «ئەتە مەكتەپكە تەكشۈرۈش ئۆمىكى كېلىدۇ، كىيىملىرىڭلارنى پاكىز، رەتلىك كىيىپ كېلىڭلار، بولمىسا بىزنى تەنقىدلەيدۇ»، «بۈگۈن مۇپەتتىش خادىملىرى مەكتىپىمىزگە كەلدى. سىنىپنىڭ تازىلىقىنى ئالاھىدە قىلىڭلار، دەم ئېلىش ۋاقتىدا سىنىپ، كارىدورلاردا قالايمىقان ۋارقىرىشىپ، ئىتتىرىشىپ يۈرمەڭلار، ئۇلار سىنىپقا كىرىپ ‹پالانى ئوقۇغۇچى يوق تۇرىدىغۇ› دېسە، ‹ئاغرىپ قالدى› دەڭلار. كىم ئۇنى ئوقۇمايدۇ دېسە، ئۇنى قاتتىق جازالايمەن. ئۇلار سىلەردىن سوئال سوراپ قالسا، بىرىڭلار جاۋاب بېرەلمەي قالساڭلار، يەنە بىرىڭلار تەشەببۇسكارلىق بىلەن جاۋاب بېرىڭلار. بىز يازدۇرۇپ قويغان سوئال - جاۋابلارنى ئۇنتۇپ قالماڭلار»، «بۈگۈن مەكتەپ بويىچە سىنىپىمىزدا ئوچۇق دەرس ئۆتۈلىدۇ. بىز تۈنۈگۈنكى ئۆتكەن دەرسنى



بىلىۋېلىڭ: 6- ئاينىڭ 26- كۈنى «خەلقئارا زەھەرگە قارشى تۇرۇش- زەھەر چەكلەش كۈنى» (1987-يىل)

يەنە ئۆتىمىز، ھەرگىزمۇ تۇنۇگۇن ئۆتكەن ئىدىققۇ، دېمەي ماڭا ماسلىشىپ بېرىڭلار» دېگەندەك كۆرسەتمىلەرنى بېرىپ ساختىلىقنى، ئالدامچىلىقنى، كۆز بويامچىلىقنى ئۆگىتىدۇ. بۇنداق ئىشلار تەكرارلىنىۋەرگەنلىكتىن، ئۇلار كىچىكىدىن تارتىپلا سۇنئىيلىك بىلەن كۈن ئۆتكۈزۈشنى ئۆگىنىدۇ. ھازىرقى بالىلارنىڭ ھۆل تەبىئىي مېۋە - چېۋىلەرگە ئەمەس، زاۋۇتتا پىششىقلاپ ئىشلەنگەن ۋە سۇلياۋ خالتىلارغا قاچىلانغان مەھسۇلاتلارغا ئامراقلىقى؛ ئۆيدىكى مەززىلىك تاماققا ئەمەس، پېچىنە - پىرەنىك، تورت - شاكىلاتلارغا ھېرىسمەنلىكى؛ مۈكۈشمەك ئويۇنلىرىدەك ئەنئەنىۋى ئويۇنلارنى ئۇنتۇپ، ئېلېكترونلۇق ئويۇنچۇقلارغا، تورخانىلارغا خۇمارلىقى؛ ئىمتىھان - سىناقلاردىن تۆۋەن نومۇر ئېلىپ قالسا، ھۈنەر ئىشلىتىپ ئائىلە باشلىقلىرىنىڭ كۆزىنى بويىشى... قاتارلىق ئەھۋاللاردىن بالىلاردا ھەقىقەتەنمۇ تەبىئىيلىككە ئەھمىيەت بېرىشنىڭ سۇسلاپ سۇنئىيلىككە، سۇنئىي نەرسىلەرگە بېرىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. ئۇلارنىڭ يەيدىغان، ئىچىدىغان، ئوينايدىغان نەرسىلىرىنىڭ سۇنئىيلىشىۋاتقىنى يەتمىگەندەك، روھىي دۇنياسىنىڭمۇ شۇنداق تەرەققىي قىلىۋاتقانلىقى ئادەمنى تولىمۇ چۆچۈتىدۇ.

ئاتا - ئانىلار، ئوقۇتقۇچىلار، جەمئىيەتتىكى كىشىلەر ئۆزىنىڭ گۈزەللىكى، خۇشاللىقى، رىقابەت نەتىجىسى ئۈچۈن ئىشلەتكەن سۇنئىي بۇيۇملار، خىلمۇخىل ساختىلىقلار كۈندىلىك تۇرمۇشتا ھاياتلىقنى داۋاملاشتۇرۇشتىكى دائىملىق پائالىيىتى بولغاچقا، ئۇلارنىڭ تەربىيىسىدىكى، ئەتراپىدىكى بالىلار سۇنئىيلىك ئېلېمېنتلىرىنى «ئېمىپ» چوڭ بولىدۇ ۋە چىنلىق، تەبىئىيلىك، ھەقىقىي گۈزەللىك، ھەقىقىي ئادىمىيلىك ئۇلار ئۈچۈن يات نەرسىدەك، ئەخمەقلىقنىڭ بەلگىسىدەك بىلىنىدۇ. بىزنىڭ بالىلىرىمىز تەبىئىي مۇھىتتىن ئايرىلىپ قالغىنى يەتمىگەندەك، ئادەم بولۇشنىڭ چىن تەربىيىسىدىنمۇ ئايرىلىپ قېلىۋاتىدۇ. تەرەققىي قىلىشتا مۇھىتنى قۇربان قىلغىنىمىزدەك، بالىلىرىمىز چوڭلارنىڭ زامانىۋى ياشاش ئۇسۇللىرى ئىچىدە زاكىسىدىلا سۇنئىيلىك بۆشۈكىگە بۆلىنىپ بىھۇدە قۇربانلىق بولۇپ كېتىۋاتىدۇ. ئۇلار مۇشۇ يوسۇندا چوڭ بولسا، سۇلياۋ ئادەملەردىن پەرقى قالارمۇ؟

ھازىر بىرقىسىم كىشىلەردىكى خىلمۇخىل جىسمانىي ۋە روھىي كېسەللىكلەرنىڭ كۆپىيىپ كېتىش ھالىتى ئۇلاردىكى ناتوغرا يېمەك - ئىچمەك ئادىتى، غەيرىي تۇرمۇش ئادەتلىرى، باشقىلارنىڭ ئەمگەك مېۋىسىنى خۇپىيانە ئىگىلىۋېلىش، ئامانەتكە خىيانەت قىلىش، سامانىنىڭ تېگىدىن سۇ قويۇپ زىيانكەشلىك قىلىشتەك بولمىغۇر قىلىقلار بەدىلىگە كەلگەن. ئۇلاردىكى بەلگىلىك شۈكۈر - قانائەتنىڭ يوقلىقى، پايدا، ئاتالمىش يۈز - ئابرۇينى دەپ ئېلىپ بارغان پائالىيەتلەر ھايال ئۆتمەي كاتتا «مۇكاپات» بەرسىمۇ، ئۇنداقلار بۇ «مۇكاپات»نىڭ ئۆزىگە نېمە ئۈچۈن مەنسۇپ بولۇپ قېلىۋاتقانلىقىنى بىلمەيدۇ. مېنىڭچە، ئۇلاردا شۇنچىلىك ئاڭ، شۇنچىلىك تۇيغۇ بولىدىغان بولسا، ئۆز ھالاكىتىنى تېزلىتىدىغان، بالىلارنى زەھەرلەپ، تەرەققىياتنىڭ قۇربانلىقىغا ئايلاندۇرمىغان بولاتتى.

قارىماققا ھازىر تەبىئەت مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشى ئېغىردەك، بۇ خىل ئەھۋال ئىنسانلارغا خەتەرلىكتەك تۇيۇلىدۇ، بۇنىسى راست. ئەمما، يەنە بىر جەھەتتىن ئىنسانلارنىڭ مەنىۋى جەھەتتىن بۇلغىنىشى تەبىئەت مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشىدىن نەچچە ھەسسە ئېغىر بولماقتا. مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشى تەبىئىيلىكنىڭ يوقىلىۋاتقانلىقىنىڭ نەتىجىسى بولغىنىدەك، ئىنسانلار روھىدىكى بۇلغىنىش سەۋەبىدىنمۇ كىشىلەر ئادەمگە خاس ئىقتىدار، ھايا - نومۇس، ئەخلاق - پەزىلەتتىن ئايرىلىپ قېلىۋاتقانلىقتىن، بۈگۈنكىدەك نەتىجە كېلىپ چىقىۋاتىدۇ.

بەزىلەر: «مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشى ئادەملەرنىڭ بۇلغىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىۋاتىدۇ» دەيدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئادەملەردىكى روھىي بۇلغىنىش تەبىئەت مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ھازىر تەشكىلىي تارماقلار مۇھىتنى تۈزەش ئۈچۈن نۇرغۇنلىغان مەبلەغلەرنى سېلىپ، تۈرلۈك چارە - تەدبىرلەرنى قوللانماقتا. نەچچە يۈز تىرىليون مەبلەغ سالسىمۇ، مۇھىتنىڭ ئەسلىگە قايتمىقى تەس. قانداقلا بولمىسۇن تىرىشقان، ئىزدەنگەن ياخشى. ۋەھالەنكى، ئادەملەردىكى روھىي بۇلغىنىشنى مەبلەغ سېلىش شەكلى بىلەن ھەل قىلغىلى بولارمۇ؟

پورەكلەپ ئېچىلغان ھەقىقىي گۈل بىلەن، ھەل بېرىلگەن سۇلياۋ گۈلنى بىر يەرگە قويۇپ بىرنى تاللا دېسە، كۆپىنچە ھەقىقىي گۈلنى تاللايدۇ. سۇلياۋ گۈلنى تاللايدىغانلارمۇ كۆرۈلۈشى مۇمكىن. ئەمما، ھەقىقىي گۈلنىڭ



بىلمۇۋېلىڭ: 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى جۇڭگو كومپارتىيىسى قۇرۇلغان كۈن (1921 - يىل)، شياڭگاڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كەلگەن كۈن (1997 - يىل)

كۆگۈلنى كۆتۈرىدىغان خۇش پۇرىقى بولىدۇ. سۇلياۋ گۈلنىڭ نە پۇرىقى بولسۇن؟ تەبىئىي نەرسىلەردە تەبىئەتنىڭ ھىدى بولىدۇ، تەبىئەتنىڭ گۈزەللىكى مۇجەسسەملەنگەن بولىدۇ. تەبىئىي ئىشلارغا ئىنسانىي پەزىلەتلەر سىڭگەن، ئۇنىڭدا سەمىمىيلىك، چىنلىق ناخشىسى ياڭرىغان بولىدۇ. يېپىش، ئىچىش، گۈزەل ئارزۇ ـ ئارمانلار ئىشقىدا ئوت بولۇپ يېنىپ تىرىكچىلىك ۋە خىزمەت قىلىش ــ ئىنسانلارنىڭ تەبىئىتىدە بار خۇلقلاردۇر. ئىنساندىكى بۇ تەبىئىيلىكلەر ئاتا ـ بوۋىلاردىن، ئىرسىيەت، گېنىدىن كەلگەن بولسىمۇ، نېگىزىدىن قارىغاندا، تەبىئەت ئاتا قىلغان ياشاش ئىپادىلىرىدۇر. ئەجدادلىرىمىز تەبىئىي نەرسىلەرنى ئىستېمال قىلىش بىلەن بىرگە، ئىنسانلىق روھنىمۇ تەبىئىي خىسلەتلەر بىلەن، يەنى ئاق كۆڭۈللۈك، ۋاپادارلىق، ئىناقلىق، ھەمكارلىق، مېھرىبانلىق، راستچىللىق، ئەمەلىيەتچانلىق ئارقىلىق نامايان قىلىپ، مەنپەئەتپەرەسلىكتىن، ھەسەتخورلۇقتىن، ئاداۋەت ساقلاشتىن، تەمەخورلۇقتىن ساقلىنىپ، ئىزدىنىشچانلىقنى ئىنسان تەبىئىتىگە ماسلاشتۇرۇپ ياشاپ كەلگەن. دانالار «ئەخلاق ئادەم زىننىتى» دەيدۇ. ئادەمنىڭ تەبىئىيلىكى گۈزەللىككە، تەربىيىۋىلىككە، قايىل قىلارلىقتا، سۆيۈملۈكلۈككە ئىگە بولغاندا، ئۇ ئادەم ئۈچۈن زىننەت بولىدۇ. بولمىسا نىجاسەتكە ئايلىنىدۇ. ئادەم بۇ دۇنياغا پاكلىق ئىچىدە ۋۇجۇدقا كېلىدۇ. پاكلىق ــ ئادەمنىڭ گۈزەللىكى، سۆيۈملۈكلۈكى، تەبىئىيلىكىدۇر. يېشى چوڭ بولغانسېرى بۇ تەبىئىيلىكنىڭ ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن يوقاش-يوقىماسلىقى ئۇنىڭ ئەتراپتىكىلەردىن قوبۇل قىلغان نەرسىلىرىگە، ئۆزىنىڭ كىملىكىنى تونۇش دەرىجىسىگە، ئاق ـ قارىنى پەرق ئېتىش ئىگىگە باغلىق. مىسال: ئانىلارنىڭ پەرداز قىلىپ گۈزەل بولۇشقا ئىنتىلىشى يامان ئىش ئەمەس، ئەمما باللارنىڭ ئالدىدا تەپ تارتماستىن يۈز ـ كۆزلىرىگە بوياقلارنى سۈركەپ، باشقىچە كۆرۈنۈشتە بولۇشى، باللارنى خاملىيۇنلارچە ئادەم بولۇشقا باشلىماي قالمايدۇ؛ دادىلارنىڭ پۇرقىرىتىپ تاماكا چېكىشى، قاڭسىق ھاراقلارنى ئىچىپ مەست ـ ئەلەس سۆزلىشى باللارنى پۇراقلىق ئىچىملىككە ئىنتىلدۈرمەي قالمايدۇ؛ ئەر ـ ئاياللىڭ قاراپ تۇرۇپلا بىر ـ بىرىنى ئالداش قىلمىشلىرى باللارنى ئۆزىدىن ئۆتكەن سەۋەنلىكلەرگە ئىگە بولماسلىقتەك مەسئۇلىيەتسىزلەرچە ئىش تۇتۇشقا ئۈندىمەي قالمايدۇ. ئىشقىلىپ، چوڭلاردا كۆرۈلۈۋاتقان ھەربىر غەيرىيلىك باللار ئۈچۈن بىر جەلپكار «چېكىملىك»تۇر.

بىزدە «ئالا ئىنەكنىڭ بالىسى چار قويرۇق» دېگەن گەپ بار. ئاتا ـ ئانىلاردىكى، ئۇرۇق ـ تۇغقانلاردىكى ئاتالمىش ئىلمىيلىشىش، زامانىۋىلىشىش، ئۆزگىچىلىشىش... باللارنىڭ ۋۇجۇدىغا ئۈزلۈكسىز، ئۈنسىز رەۋىشتە سىڭىپ، ئىش ـ ھەرىكىتىدە ئەكس ئېتىدۇ. باللار كەلگۈسىنىڭ سۈزۈك ئاسمىنى. ئەگەر چوڭلار «يېقىلغۇ» قۇرۇلمىسىغا دىققەت قىلماي، ئوچاقنىڭ قەيېرىدىن چاتاق چىقىۋاتقانلىقىغا كۆڭۈل بۆلمەي، «ئىسسىنىش»قىلا ئەھمىيەت بەرسە، بۇ ئاسمان ئىس ـ تۈتەكلەر دەستىدىن كۆرگىلى بولمايدىغان بولۇپ كېتىدۇ.

ئىزدىنىش، ئۆزگەرتىش، يېڭىلىققا ئىنتىلىش ــ ئىنسانلارنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىدىغان، تەبىئىيلىكنى نۇرلاندۇرىدىغان، ئەۋلادلارنىڭ ياشاش يولىغا پايانداز بولىدىغان روھتۇر. تەبىئىيلىكنى، ئېسىل ئەنئەنىنى رەت قىلغان تەرەققىيات بىلەن شۇغۇللانغۇچىنىڭ بارار ماكانى زاۋاللىقتۇر. ۋەھالەنكى، تەرەققىيات بىلەن تەبىئىيلىك ئوتتانىسپلىق مۇناسىۋەتنى ساقلىغاندىلا، ئادەمنىڭ ئېرىشىدىغانلىرى ئويلىغانلىرىدىنمۇ كۆپ بولىدۇ.

بىز شۇنداق قارايمىز: سۈنئىي نەرسىلەرنى يەپ، سۈنئىي ئىشلار بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار چىن ھېسسىياتتىن، گۈزەل پەزىلەتتىن، ھەقىقىي بەختتىن ئايرىلىپ قالغۇچى بىچارىلەردۇر ھەمدە ئەۋلادلارنىڭ دۈشمىنىدۇر.

ماشىنىنىڭ پۈتۈنلەي كاردىن چىققىنىغا قارىغاندا، مەلۇم بىر زاپچىسىدىن چىققان چاتاقنى ئوڭلاش ئاسان بولغىنىدەك، بىز تەبىئىيلىكىمىزنى پۈتۈنلەي يوقىتىپ سۇلياۋ ئادەملەرگە ئايلىنىپ كېتىشتىن بۇرۇنراق ئەسلىمىزنى تېپىۋالساق ياخشى بولاتتى! بىز ھېلىمۇ تەبىئەتكە قايتساق، تەبىئەتنى سۆيسەك، تەبىئىي ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولساق، ھېسسىياتىمىز ساختىلاشمايدۇ. روھىمىز بۇلغانمايدۇ، ئېتىقادىمىز يىگىلىمەيدۇ. بەلكى، ئارزۇ ـ ئارمانلىرىمىز چېچەكلەيدۇ. ئەۋلادلىرىمىز چىن تۆمۈر باتۇرغا، سادىر پالۋانغا، نۇزۇگۇمغا، ئامانىساخانغا ئايلىنالايدۇ. قىسقىسى، پەرزەنتلەر تەرەققىياتنىڭ بىھۇدە قۇربانلىقىغا ئايلىنىش ھالاكىتىدىن قۇتۇلالايدۇ.

(ئېلىنغان مەنبە: ئاتۇش شەھەرلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى)

# «مەكتەپتىكى مۇھەببەت»

## يەنە قاچانغىچە داۋاملىشار؟



ئابلىز ئىبراھىم تولان

ئەنە قاراڭ، بالىلاردىكى ساددىلارچە «ئاشىق ـ مەشۇق»لۇقلا ... ئۇلارنىڭ چۆچۈرىدەك بەستى، تېخى ئاغزىدىن ئانا سۈتىنىڭ تەمى كەتمىگەن ھالىغا، «مەكتەپتىكى مۇھەببەت، شۇنچە شېرىن كارامەت» دەپ ناخشا توۋلاۋاتقاندىكى «مەجنۇن»لۇقىغا ... بۇنىڭغا قاراپ قانداق ئويغا كەلدىڭىز؟ بۇلاردىكى «ئاجايىپ مۇھەببەت»كە قاراپ يىغلاش كېرەكمۇ ياكى كۈلۈش كېرەكمۇ؟ ...

«مەكتەپتىكى مۇھەببەت»، يەنى بالىلاردىكى «بالدۇر مۇھەببەتلىشىش» مەسىلىسى جەمئىيىتىمىزدە ئاتا ـ ئانىلارنى، مەكتەپتىكىلەرنى تولىمۇ ئوسال ۋە قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويۇۋاتقان بىر مەسىلىدۇر. گەرچە بالىلارغا «سەن تېخى كىچىك، مۇھەببەتلەشتىم دېگۈچە ماڭقاڭنى ئېيتساڭ بولمامدۇ؟ ...» دەپ قايتا ـ قايتا ئىدىيىۋى تەربىيە ئىشلىگەن، قورقۇتقان ۋە باشقا مەجبۇرلاش، جازالاش تەدبىرلىرىنى قوللىنىپ كۆرگەن بولساقمۇ، لېكىن مۇھەببەتلىشىۋاتقان بالىلار خۇددى دالىغا تۇتاشقان ئوت يالقۇنىدەك تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدىن تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغىچە، ھەتتا باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا قەدەر كېڭىيىپ، چەكلىگەنسېرى توختىمىدى ۋە بارغانسېرى كۈچىيىپ باردى. «مەكتەپتىكى مۇھەببەت، شۇنچە شېرىن كارامەت» يەنىلا داۋاملىشىۋېرىپ، ئەسلىدىكى يوشۇرۇنلۇقتىن ئاشكارىلىققا، «سۆيگۈ خېتى»دە ئۇچرىشىشتىن، تېلېفون، كومپيۇتېر تورىدا ئۇچرىشىشقا، «تارتىنچاق»لىقتىن «يۈزى قېلىن»لىققا قاراپ تەرەققىي قىلدى. «مەكتەپتىكى مۇھەببەت» ئۇلارنىڭ زېھن ـ قۇۋۋىتىنى چېچىپ ئۆگىنىشكە تەسىر يەتكۈزدى، سەبىي قەلبىدە بەزى پسىخىكىلىق جاراھەتلەرنىمۇ پەيدا قىلدى. ئوقۇشتىن قېچىش، زەھەر چېكىش ۋە جىنايەت سادىر قىلىش، ھەتتا ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشتەك قاباھەتلىك چۈشلەرنىمۇ كۆرسىتىشكە ئۈلگۈردى.

كىشىنى تولىمۇ ئېچىندۇرىدىغىنى شۇكى، ئايرىم جايلاردا يېشى تېخى ئون بەشنىڭمۇ قارىسىنى ئالمىغان بىر قىسىم گۆدەك قىزلىرىمىز ئەخلاق چەكلىمىسىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، «قىزچاق ئانا»لارغىمۇ ئايلىنىپ قالدى. قىسقىسى، بالىلاردىكى «بالدۇر مۇھەببەتلىشىش» ھادىسىسى ئېغىر ئىجتىمائىي مەسىلىگە ئايلىنىپ قېلىش خەۋپىگە دۇچ كەلدى.

ھەرقانداق بىر ئىشنىڭ پەيدا بولۇشىدا ئۆزىگە خاس سەۋەبى بولغان بولىدۇ. ئۇنداقتا، بالىلاردىكى «بالدۇر مۇھەببەتلىشىش» مەسىلىسىنىڭ يۈز بېرىش سەۋەبىنى نېمىدىن ئىزدەيمىز؟

ئومۇمەن، بالىلاردىكى «بالدۇر مۇھەببەتلىشىش» مەسىلىسىنىڭ يۈز بېرىش سەۋەبىدە مۇنداق ئومۇمىيۈزلۈك بىرقانچە نۇقتا بار.

(1) ئائىلە تەربىيىسىدىكى يېتەرسىزلىك ۋە بوشلۇقلار. ئاتا ـ ئانىلارنىڭ پەرزەنتلىرىگە كۆڭۈل بۆلمەسلىكى، سىردىشىپ چۈشىنىش ھاسىل قىلماسلىقى، ئەخلاق، ساپا جەھەتتىكى كەمتۈكلۈكى، شۇنداقلا ئائىلىدىكى ئوڭۇشسىزلىقلار، بولۇپمۇ ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ئاجرىشىپ كېتىشىدەك ئەھۋاللار تۈپەيلى، بالىلار يات جىنىستىكىلەردىن تەسەللى ئىزدىدى.

(2) كىنو ـ تېلېۋىزىيە، كىتاب ـ ژۇرناللاردا جەمئىيەتنىڭ قالاڭغۇ تەرىپى ۋە ئىشق ـ مۇھەببەتكە دائىر نەرسىلەرنىڭ زىيادە ئەكس ئەتتۈرۈلۈشىنىڭ بالىلارغا بولغان سەلبىي تەسىرىمۇ ئىنتايىن زور بولدى.

(3) ھازىرقى مائارىپ تۈزۈمى ۋە تەلىم ـ تەربىيىدىكى قاتماللىق تۈپەيلى، بالىلارنىڭ دەرس يۈكى زىيادە ئېغىر، پسىخىكا جەھەتتىكى بېسىممۇ ئىنتايىن زور بولدى. نەتىجىدە ئۇلار ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان يات جىنىستىكى «دوست»نى تېپىپ كۆڭلىدىكىنى ئېيتىشقا ئۇرۇندى.

(4) بالىلارنىڭ ئۆزىدىكى سەۋەبتىن قارىغاندا، ئۇلاردا «بىز فىزىئولوگىيىلىك جەھەتتە يېتىلدۇق، يات جىنىستىكىلەر بىلەن ئالاقە قىلىشنىڭ يامىنى يوق» دېگەندەك بىر تەرەپلىمە خاتا خاھىشلار مەۋجۇت، شۇنىڭدەك، ئۇلاردا ئىلمىي، توغرا بولغان مۇھەببەت قارىشى يوق دېيەرلىك. مۇشۇنداق ھالدا ئۇلاردىكى خاتا چۈشەنچە ـ كۆزقاراشلارنىڭ ئالدىنى دەل ۋاقتىدا ئالالايدىغان ئىلمىي ۋە مۇۋاپىق ئىدىيىۋى ـ ئەخلاق تەربىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكى بولماسلىقى ياكى كەمچىل بولۇشى — بالىلاردىكى «بالدۇر مۇھەببەتلىشىش»نى كەلتۈرۈپ چىقارغان، ئۇنىڭ قەدىمىنى تېزلەتتۈەتكەن نېگىزلىك سەۋەبلەرنىڭ بىرى.

گەرچە، بالىلاردىكى «بالدۇر مۇھەببەتلىشىش» مەسىلىسىنى پۈتۈنلەي تۈگەتكىلى ۋە توسۇۋالغىلى بولمىسىمۇ، شۇنى تونۇش كېرەككى، مەسىلىنىڭ پەيدا بولۇشى ئالدى



بىلىۋېلىڭ : 7 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى جۇڭگو خەلقىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشى پارتىلىغان خاتىرە كۈنى. (1937 ـ يىل)

بىلەن جەمئىيەت، ئائىلە، مەكتەپ تەربىيىسىنىڭ مەغلۇبىيىتىدۇر. شۇڭا، بۇنىڭدا ھە دېسىلا بالىلارنىلا ئەيىبلەۋېرىشكە بولمايدۇ. بۇنىڭدا ھەممەيلەننىڭ ئورتاق مەسئۇلىيىتى بار. نۆۋەتتىكى مۇھىم مەسىلە، بالىلاردىكى بۇ خىل قىلمىشنىڭ سالمىقى، ۋەزنى ۋە ئېغىر ئاقىۋىتىنى كۆرۈپ يېتىپ، تونۇشنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، بۇ ھادىسىنىڭ قانداق ئالدىنى ئېلىش، ئۇنى قانداق قىلىپ تىزگىنلەش مەسىلىسىدۇر. قىسقارتقاندا، مەسىلىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىشتا قانداق يول تۇتۇش مەسىلىسىدۇر.

بالىلاردىكى «بالدۇر مۇھەببەتلىشىش» مەسىلىسىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىشتا، ئۇلارنىڭ يات جىنىستىكىلەر بىلەن بولغان ئالاقىسىدىكى بىنورمال ئەھۋاللارنى بايقىغىنىمىزدا، ئالدى بىلەن ئېغىر ـ بېسىق بولۇپ ھەقىقىي ئەھۋالنى ئېنىقلىشىمىز، ئىمكان قەدەر ئۇلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىپ، ئۇلارنىڭ بىغۇبار قەلبىنى زەخىملەندۈرۈپ قويۇشتىن ساقلىنىشىمىز كېرەك، كونكرېت سەۋەبلەرنى تەھلىل قىلىپ، ئەستايىدىل يېتەكلەش ۋە مۇۋاپىق چەكلەش ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ ئالاقىسىنى نورمال دائىرە ئىچىدە كونترول قىلىش لازىم.

بالىلارنىڭ «بالدۇر مۇھەببەتلىشىش» ھەرىكىتىدە مۇئەييەن ئالاھىدىلىكلەر بولىدۇ. مەسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا ۋە توغرا بىر تەرەپ قىلىشتا، بۇ خىل ئالاھىدىلىكنى چۈشىنىپ، شۇ بويىچە يول تۇتۇش ئىنتايىن مۇھىم. بۇ ئالاھىدىلىكلەر: بالىلارنىڭ «بالدۇر مۇھەببەتلىشىش» ھەرىكىتىنىڭ مەقسىتى ئېنىق ئەمەس، ئۇلاردىكى مۇھەببەتلىشىش ساددا، لېكىن چىن ھېسسىياتنىڭ ئىپادىلىنىشى بولۇپ، ئۇلاردا ھېچقانداق مەنپەئەت ئىدىيىسى بولمايدۇ. نورمال دائىرىدىن ئېشىپ كېتىدىغان جىنسىي ھەرىكەتلىرى ناھايىتى ئاز بولىدۇ. شۇڭا، ئاتا ـ ئانىلار، ئوقۇتقۇچىلار ئۇلارنىڭ مۇھەببەتلەشكەنلىكى توغرىسىدىكى گەپ ـ سۆزلەرنى ئاڭلاپلا چۆچۈپ كەتمەسلىكى ۋە ئالدىراقسانلىق قىلىپ قويماسلىقى لازىم. بالىلارنىڭ مۇھەببەتلىشىشتىكى ھەرىكەت شەكلى خۇپىيانە بولىدۇ ۋە زىددىيەتكە، خۇشاللىق ھەم ئازابقا تولغان بولىدۇ. ئۇلارنىڭ مۇھەببەتلىشىش جەريانى بىرقەدەر قىسقا بولۇپ، ئاز بولغاندا بىر ـ ئىككى كۈن، كۆپ بولغاندا ئىككى يىلدىن ئاشمايدۇ. ئومۇمەن، قىز ئوقۇغۇچىلار مۇھەببەتلىشىشتە تەشەببۇسكار ۋە ھەل قىلغۇچ ئورۇندا تۇرغان بولىدۇ. ئۇلار ئۆزىدىن چوڭ ئوغۇللارنى ئاسانلا ياقتۇرۇپ قالىدۇ. شۇڭا، قىز ئوقۇغۇچىلارغا بولغان ئىدىيىۋى تەربىيىنى ياخشى ئىشلەش — بالىلاردىكى «بالدۇر مۇھەببەتلىشىش» مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنىڭ مۇھىم نۇقتىسى.

بالىلاردىكى «بالدۇر مۇھەببەتلىشىش» مەسىلىسىنى توغرا ھەل قىلىش ۋە ئالدىنى ئېلىشتا، مەكتەپ ۋە ئائىلە تەربىيىسىدىكى يېتەرسىزلىكلەرنى، يوچۇقلارنى دەل ۋاقتىدا تۈگىتىپ، «سۇ كەلگۈچە توغان سال» دېگەن ئىدىيىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئىدىيىۋى تەربىيىنىڭ قاراتمىلىق، ئىلمىي، ئۈنۈملۈك بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. ھەرگىزمۇ «ئۆلگەندىن كېيىن ياسىن ئوقۇش»تەك ئىش بولۇپ قالماسلىقى لازىم. مەكتەپ ۋە ئائىلە تەربىيىسىدە، قايتىدىن سۆزلەپ تەسىرلەندۈرۈش ۋە سەمىمىيلىكنى چىقىش قىلىپ، بالىلارنىڭ ئۆزىنى توغرا تونۇۋېلىشىغا ياردەم بېرىش، بالدۇر مۇھەببەتلىشىشنىڭ زىيىنىنى ھەقىقىي تۇردە تونۇتۇش لازىم. زۆرۈرىيەت تۇغۇلسا بەزى تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ئۇلارنىڭ ھېسسىيات كرىزىسىدىن قۇتۇلۇپ چىقىشىغا ياردەم بېرىش كېرەك. قىسقىسى، ئائىلە، مەكتەپ، جەمئىيەت تەربىيىسىنى، بالىلارنىڭ فىزىئولوگىيىلىك ۋە پسىخىكىلىق ئالاھىدىلىكى، كونكرېت ئەھۋالىغا ماسلاشتۇرۇپ، ئىلمىي، جانلىق، ۋاقتى ـ قەرەلىدە ئېلىپ بارغاندا ۋە زىددىيەتلەرنى ئىلمىي، مۇۋاپىق ھەل قىلغاندا، بالىلاردىكى «بالدۇر مۇھەببەتلىشىش» مەسىلىسىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشەلەيمىز.

ئېسىمىزدە بولسۇنكى، بالىلار مىللەتنىڭ، كەلگۈسىنىڭ ئۈمىدى. ئۇلار ھازىرقىدەك گۆدەك، سەبىي ۋاقىتلىرىدا «مەكتەپتىكى مۇھەببەت، شۇنچە شېرىن كارامەت» دەپ خىيالىي چۈش قاينىمىدا ئۈزۈپ يۈرسە، ئۇلارنىڭ كەلگۈسىدىن قانداق ئۈمىد كۈتكىلى بولسۇن؟ رېئاللىقىمىزغا نەزەر سالىدىغان بولساق، جەمئىيەت، ئائىلە، مەكتەپ تەربىيىسىدىكى سەلبىي تەسىرلەر ۋە بالىلارنىڭ ئۆزىدىكى سەلبىي ئامىللار تۈپەيلى، «مەكتەپتىكى مۇھەببەت» تېخىمۇ ئەۋج ئېلىۋاتىدۇ. بالىلار ئۇنىڭ «شېرىن»لىكىدە ئەللەيلىنىپ، خىلمۇخىل پاجىئەلەرگە دۇچار بولماقتا. بۇنىڭغا دىققەت قىلىدىغان كۆز ۋە قۇلاق تولىمۇ ئاز بولۇۋاتىدۇ. ئەگەر بۇ خىل ئەھۋال داۋاملىشىۋەرسە، ئېنىقكى، تۆلەيدىغان بەدەل ۋە تارتىدىغان زىيىنىمىز ناھايىتى ئېغىر بولىدۇ. شۇڭا، ھەممەيلەن بىر ياقىدىن باش، بىر يەڭدىن قول چىقىرىپ، بالىلار ئۈستىدە باش قاتۇرايلى، ئۇلارنى «شېرىن مۇھەببەت» قوينىدىن قۇتۇلدۇرۇۋالايلى. ئەگەردە، كۆزىمىزنى يۇمۇۋېلىپ ئۆزىمىزدىكى تۈرلۈك «ئەيىب»لەرنى كۆرمەسكە سالساق ۋە ياكى تېزدىن ھەرىكەتكە كېلىپ ئۇنى يىلتىزىدىن قومۇرۇپ تاشلىمىساق، ئۇنىڭ زەھىرى ۋە تەسىرى بىلەن «مەكتەپتىكى مۇھەببەت» يەنە ئۇزاققىچە داۋاملىشىشى مۇمكىن...

(ئاپتور: مەركەت غازكۆل يېزا باغچىرىق ئوتتۇرا مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچى)



بىلىمۇبىلىك : 7_ ئاينىڭ 11_ كۈنى «دۇنيا نوپۇس كۈنى» (1987_يىل)

# لەنجۇدىكى ئۇيغۇرلار

ئابدۇۋەلى ئايۇپ



1990 - يىلدىكى نوپۇس ستاتىستىكىسىغا قارىغاندا، گەنسۇ ئۆلكىسى ئىچكى ئۆلكىلەر ئىچىدە ئۇيغۇرلار بىرقەدەر كۆپ ئولتۇراقلاشقان ئۆلكە ھېسابلىنىدۇ. يەنى شۇ چاغدىكى مەلۇماتتا، «ئولتۇراقلاشقان ئۇيغۇرلارنىڭ سانى 946 كىشى» دەپ يېزىلغان. بۇنىڭ ئىچىدە لەنجۇدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ نىسبىتى ئەڭ كۆپ بولۇپ، 250 كىشى بۇ شەھەرگە مۇقىم ئولتۇراقلاشقان. ئىگىلەشلەرگە قارىغاندا، گەنسۇ ئۆلكىسىگە ماكانلاشقان ئۇيغۇرلار 20 - ئەسىرنىڭ 10 - يىللىرىدا شىنجاڭدا باشلانغان تۇرلۇك قوزغىلاڭلار سەۋەبىدىن، پاناھلىنىش مەقسىتىدە بۇ يەرگە كەلگەنلەر ئىكەن. گەنسۇنىڭ جيۇچۈەن (بۇرۇنقى نامى سۇجۇ، سىرىق ئۇيغۇرلار «سۆكچى» دەيدۇ) دېگەن يېرىدە تۇغۇلغان، ئەسلى ئاتا - بوۋىسى قۇمۇل ئۇيغۇرلىرىدىن بولغان مەشھۇر شائىرىمىز ئابدۇكېرىم خوجا دەل شۇ گەنسۇ تەۋەسىگە كەتكەن ئۇيغۇرلارنىڭ پۇشتى.

لەنجۇدىكى رەسمىي نوپۇسلۇق بۇ 250 ئۇيغۇرنىڭ بىر قىسمى يۇقىرىقىدەك قالايمىقانچىلىق سەۋەبىدىن قېچىپ چىققانلار بولسا، يەنە بىر قىسمى ئۇيغۇر ۋىلايەتلىرى بىلەن ئىچكى ئۆلكىلەر ئارىسىدا سودا - سېتىق قىلىپ تۇرۇپ قالغان ئۇيغۇر ئاقسۆڭەكلىرىدۇر. ھازىر لەنجۇدا ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلاردىن سۇرۇشتۇرۇشۇمچە، 20 - ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىدا لەنجۇدا ئىككى چوڭ شىركەت ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن قۇرۇلغانىكەن، بىرى «ئالتاي شىركىتى»، يەنە بىرى «ئىدىقۇت شىركىتى». بۇنىڭدىن باشقا، ئۇيغۇرلار ئاچقان بىرقانچە ئاشخانا، مېھمانساراي، ئىسكىلات، ترانسپورت ئەترىتى قاتارلىقلار بولغانىكەن. سودىگەرلەر ئىچىدە بىرقەدەر داڭلىقلىرىدىن ھەبىب ئاخۇن ۋە ئەخمەت ۋاجىدى جەمەتى بولغانىكەن. ئەخمەت ۋاجىدى ئەينى دەۋردە ئەڭ چوڭ باي بولۇپلا قالماي، يەنە باش شتابى موسكۋادىكى ئۈچىنچى ئىنتېرناتسىئونالنىڭ ئەزاسىمۇ بولغانىكەن. قىزىل ئارمىيىنىڭ شىنجاڭغا كىرىشىدە ناھايىتى چوڭ ئىقتىسادىي ياردەم كۆرسەتكەن بۇ كىشى، گېنېرال ۋاڭ جېننىڭ يېقىن دوستى سۈپىتىدە مۇھىم خىزمەتلەرنى كۆرسەتكەنىكەن. يەنە بىر مۇھىم ئەرباب ھەبىب ئاخۇن لەنجۇنىڭ بەيتاشەن تېغى باغرىدىن يەر سېتىۋېلىپ مەسچىت سالدۇرغان ۋە چوڭ بىر ھويلا بەرپا قىلىپ، ئون نەچچە ئائىلىلىك ئۇيغۇرنى ئورۇنلاشتۇرغانىكەن. ئۇ 1950 - يىللاردا باشقا ئۇيغۇر سودىگەرلىرى بىلەن بىرلىشىپ «ئىتتىپاق شىركىتى»نى قۇرۇپ، لەنجۇدىكى خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ بايراقدارلىرىدىن بولۇپ قالغان. ئۇيغۇر خانىملىرىدىن پاتىمە كەشتە كارخانىسى قۇرۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ كەشتىچىلىك ھۈنەر سەنئىتىنى خەنزۇ، خۇيزۇ ئاممىسىغا تونۇشتۇرغان. پېڭ دېخۇەي لەنجۇغا كەلگەندە «ئىتتىپاق شىركىتى»نى قۇرغۇچى ئۇيغۇر بايلىرىنى قوبۇل قىلغان. ئەينى چاغدا، ئۇيغۇر ناۋايلىرىنىڭ ياققان سامسىلىرى دۆلەت رەھبەرلىرىگە ياراپ كەتكەن ۋە ھەر قېتىم ئۇلار لەنجۇغا كەلگەندە ئالايىتەن بۇيرۇتۇپ ئالدۇرۇپ كەتكەن. دۆلەت رەھبەرلىرىدىن ۋاڭ فېڭ دېگەن كىشى ئاشۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ ئېغىر «سامسا خۇمار»لىرىدىن بىرى بولغانىكەن (بۇ كىشى غەربىي شىمال مىللەتلەر ئىنستىتۇتىنىڭ بىرىنچى مۇدىرى بولغان)، شۇ چاغدا بۇ ناۋاي ئۇستاملار ئىككى - ئۈچ يىل ئىچىدىلا 50 مىڭ يۈەن پۇل خەجلەپ پۈتۈن جۇڭگونى ساياھەت قىلىپ كەلگەنىكەن. ئەينى دەۋردە ئۇيغۇر سامسىپەزلىرى يېقىپ ئۇلگۇرۇپ بولالماي، ئاخىرى پەقەت بىر ئادەمگە پەقەت بەشلا سامسا ساتىدىغان قائىدە بېكىتكەنىكەن.

1950 - يىللاردا لەنجۇدىكى ئۇيغۇر تىجارەتچىلىرىدىن مۇسائاخۇن ۋە ھەمدۇل ئىسىملىك ئىككى كىشى غەربىي شىمال مىللەتلەر ئىنستىتۇتىدا بىر مەزگىل خەنزۇ ئوقۇغۇچىلارغا ئۇيغۇر تىلىدىن دەرس بەرگەن، ئەمما ھەربىي تۈزۈمدە باشقۇرۇلۇۋاتقان مەكتەپ شارائىتىغا كۆنەلمەي يۆتكىلىپ كەتكەن. 1950 -، 1960 - يىللاردا لەنجۇدا تۇرۇشلۇق ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قىسمى يۆتكىلىپ شىنجاڭغا كەتكەن. ھازىر لەنجۇدا ياشاۋاتقان 250 تىن ئارتۇق

بىلمۇبىلىك: 7-ئاينىڭ 26-كۈنى «دۇنيا تىلى» بارلىققا كەلگەن كۈن.

ئۇيغۇر كەتمەي تۇرۇپ قالغانلارنىڭ ئەۋلادىدۇر. ئىگىلىشىمىزچە، بۇ ئۇيغۇرلار ئىچىدە ئانا تىلىنى ئاڭلاپ چۈشىنىدىغانلار بار بولسىمۇ، ئوقۇش، يېزىشنى بىلىدىغانلار يوق ئىكەن. ئۆلۈم ـ يېتىم، توي ـ تۆكۈنلەردە ئانچە ـ مۇنچە ئىزدەشكەننى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئۇلار ئاساسەن ئالاقە قىلىشمايدىكەن. زىيارەت داۋامىدا مەن ئۇيغۇرلار بىلەن ئىزدىشىشنى خالايدىغانلارنى ئىنتايىن ئاز ئۇچراتتىم. ھازىرقى 50 ياشلار ئەتراپىدىكى ئۇيغۇرلاردا مىللىي كىملىك تۇيغۇسى يامان ئەمەس ساقلانغان بولسىمۇ، بۇ ياشتىن تۆۋەنلەردە «ئۇيغۇر»لۇق پەقەت نوپۇس دەپتىرىدىكى خەتتىلا كۆرۈلىدىكەن.

1994 ـ يىلى لەنجۇدا «تۇرپان رېستورانى»نى ئاچقان خەمىت ئىسىملىك بىر لەنجۇلۇق ئۇيغۇردىن ئىگىلىشىمچە، ئۇ ئەخمەت ۋاجىدىنىڭ ئوغلى، غەربىي شىمال مىللەتلەر ئىنستىتۇتىدا ئىشلەيدىغان ئەسئەت ئىسىملىك ئوقۇتقۇچى بىلەن بىرلىشىپ، بۇ رېستوران ئاساسىدا « لەنجۇ ئۇيغۇر يۇرتداشلار ئۇيۇشمىسى» قۇرماقچى بولغان، ئەمما ئەسئەت مۇئەللىم ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، بۇ ئىش سۇغا چىلاشقان. مەن ئۇنىڭدىن بۇ خىل ئۇيۇشمىسىنى قايتا قۇرۇشنى خالايدىغان ـ خالىمايدىغانلىقىنى سورىسام، ئوخشىمايدىغان باھانە ـ سەۋەبلەرنى كۆرسەتتى. لەنجۇدىكى ئۇيغۇرلار ھەققىدە سورىغىنىمدا، ئۆزىنىڭ بەش بىر قورساق قېرىندىشىدىن باشقا پەقەت تۆت ـ بەش ئۇيغۇرنىڭلا ئىسمىنى دەپ بېرەلىدى. باشقا ئۇيغۇرلاردىن ئىگىلىگەن ئەھۋاللاردىن قارىغاندىمۇ، ئۇلارنىڭ ئۆز ئاتا ـ بوۋىسىنىڭ لەنجۇدىكى بايلاردىن ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن باشقا ئەھۋاللارنى بىلمەيدىغانلىقى مەلۇم بولدى. ئۇلار ئاساسەن خۇيزۇلار بىلەن تويلاشقان ۋە ئېتىقادتا خۇيزۇ ئاشخانىلىرىنىڭ ئىستېمالچىسى، مەدەنىيەتتە خەنزۇ مەدەنىيىتىنىڭ قىسمەن خېرىدارىغا ئايلانغانىدى. ئۇلاردىن بىر قىسمى ماڭا: «ئۇيغۇر» دەپ يېزىلغان كىملىكلىرى سەۋەبلىك، گۇاڭجۇ قاتارلىق بەزى چوڭ شەھەرلەردە مېھمانخانىدا ياتالمىغانلىقىنى سۆزلەپ بېرىشتى.

لەنجۇدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ يەنە بىر ئالاھىدە تۈپى نوپۇسسىزلار بولۇپ، 1980 ـ يىللاردا لەنجۇغا كەلگەن تىجارەتچىلەردۇر. تەكشۈرۈشۈمچە، بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى شىنجاڭنىڭ گۆلە ـ قاقلىرىنى توپ ـ پارچە سېتىش بىلەن مەشغۇل ئىكەن. دەسلەپكى يىللاردا تېرە، يۇڭ تىجارىتى قىلغان، شىنجاڭنىڭ خۇرۇم ۋە سۈت مەھسۇلاتلىرى تىجارىتى قىلغانلارمۇ بولغانىكەن، لېكىن ھازىر ئۇلارنىڭ تىجارىتى شىنجاڭنىڭ قۇرۇق يەل ـ يېمىشلىرىگە مەركەزلەشكەن. ئاشخانا ئېچىپ تىجارەت قىلىدىغانلارمۇ بار، ئەمما مۇقىم قىلىپ كېلىۋاتقانلىرى ئىككى ـ ئۈچتىن ئاشمايدۇ. يېقىندىن بېرى، ئۇيغۇر ناۋايلىرىنىڭ بازىرى ئوبدان بولماقتا. ئەمما، 1950 ـ يىللاردىكىدەك «نورمىلىق تەمىنلەيدىغان» سەۋىيىگە تېخى يېقىنلاشقىنى يوق. ھازىر لەنجۇدا ساپ تىجارەت بىلەنلا مەشغۇل بولىدىغان ئۇيغۇرلار ئىككى يۈزگە يېقىنلىشىدۇ.

لەنجۇدىكى نوپۇسلۇق يەرلىك ئۇيغۇرلاردىن لەنجۇ شەھەرلىك بىختەرلىك باشقارمىسى، تۆمۈريول ساقچى ئىدارىسى قاتارلىق ئورۇنلاردا ئىشلەيدىغانلار، نوپۇسسىز ئۇيغۇرلار ئارىسىدا بەلگىلىك تەسىرگە ئىگە. ئەمما، باشقا ساھەدىكى يەرلىك ئۇيغۇرلارنى 1980 ـ يىللاردىن كېيىن بارغان نوپۇسسىز ئۇيغۇرلار ئاساسەن تونۇمايدۇ. 1980 ـ يىللاردىن كېيىن بارغان ئۇيغۇرلار ئاساسەن يۇرت بويىچە بىر ـ بىرىنى ئىزدىشىدۇ. كۆزىتىشىمچە، توقسۇ، ئاقسۇ شەھىرى ۋە شايارنىڭ ئادەملىرى لەنجۇدا بىرقەدەر كۆپ. ئۇلار ھېيت ـ بايرام، توي ـ تۆكۈنلەردە ئىزدىشىدۇ ۋە كۆپىنچە ئۇيغۇرلار بىلەن تويلىشىدۇ. 1980 ـ يىللاردا لەنجۇغا كەلگەنلەرنىڭ بىر قىسمى ئۆزلىرىنىڭ ئالدىنقى ئەۋلاد ئۇيغۇرلاردەك شىركەت قۇرۇپ، مەھەللە بەرپا قىلىپ، ساراي ـ مەسچىت سالالمىغىنىدىن، ئۇيغۇر يېمەك ـ ئىچمەك مەدەنىيىتىنى لەنجۇغا تونۇتۇشتا ئەجدادلىرىغا يېتەلمىگەنلىكىدىن، لەنجۇدىكى سودىدا نوپۇسى ئاران يۈز مىڭغا يېقىنلىشىدىغان دۇڭشياڭ مىللىتىدىن بولغان لەنجۇلۇقلارچىلىكمۇ بولالمىغانلىقىدىن ھەسرەتلىنىدۇ. دېمىسىمۇ، 20 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدا كەلگەن ئۇيغۇرلار سودىدا روناق تېپىپ لەنجۇلۇق خەنزۇلار ئارىسىدا «ئۇيغۇرلار باي، ھەممىسى چوڭ سودىگەر» دېگەن تۇيغۇنى پەيدا قىلغانىكەن، لەنجۇلۇق خۇيزۇلارنى مۇسۇلمانچە كۈندىلىك بۇيۇملار بىلەن تەمىنلەپ، «مۇسۇلمانچە بۇيۇملار شىنجاڭدىن كېلىدۇ» دېگەن ئاڭنى شەكىللەندۈرگەنىكەن، ھەتتا «كۇچار سوپۇنى» لەنجۇدا ئەڭ بازارلىق مەھسۇلاتقا ئايلانغانىكەن. ۋەھالەنكى، ھازىر ئۇيغۇر سودىگەرلىرى شىنجاڭنىڭ ھېچنەرسىسىنىڭ ئالاھىدە بازارلىق مال سانالمايدىغانلىقىدىن ئاغرىنىشىدۇ. مەن لەنجۇلۇق ئۇيغۇرلاردىن سودىدا شىنجاڭلىق ئۇيغۇرلار بىلەن ھەمكارلىشىشنى خالايدىغان ـ خالىمايدىغانلىقىنى سورىغىنىمدا، ئۇلاردىن پەقەت جاۋاب چىقمىدى. قارىغاندا، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى خالىمايدىغاندەك تۇرىدۇ.

(ئاپتور: غەربىي شىمال مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى تىل ـ مەدەنىيەت تارقىتىش ئىنستىتۇتىدا ئىشلەيدۇ)



بىلىۋېلىڭ: 7 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى «1 ـ دۇنيا ئۇرۇشى» پارتلىغان كۈن.(1914 ـ يىل)



# شىزاڭدىكى لوبا مىللىتى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرى

ئابدۇسالام تۇرسۇن

شىنجاڭ بىرگە نىسبەتەن تولىمۇ سىرلىق ماكان. ئاشۇ سىرلىق ماكاندا، بىرگە خېلىلا تونۇشلۇق بولغان زاڭزۇلاردىن باشقا، يەنە بىرگە تولىمۇ ناتونۇش بولغان مېنبا ۋە لوبا دەپ ئاتىلىدىغان ئىككى ئاز سانلىق مىللەتمۇ بار.

لوبا مىللىتى ئاساسلىقى شىزاڭ ئاپتونوم رايونىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى لىيۇ ۋىلايىتى ۋە ئۇنىڭغا قوشنا بولغان چايۇ، موتو، مىلىن ۋە لوڭزى قاتارلىق ناھىيىلەرگە تارقاق ئولتۇراقلاشقان. 2000 ـ يىلىدىكى مەملىكەتلىك 5 ـ قېتىملىق نوپۇس تەكشۈرۈش مەلۇماتىغا ئاساسلانغاندا، لوبالارنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى 2965 بولۇپ، ئېلىمىزدىكى نوپۇسى ئەڭ ئاز مىللەتلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. ئادەتتە، موتو ناھىيىسىنىڭ شىمالىدىكى لوبالار زاڭزۇ تىلىنى قوللانغاندىن سىرت، باشقا جايلاردىكى لوبالار لوبا تىلىنى ئىشلىتىدۇ. لوبا تىلى خەنزۇ ـ زاڭزۇ تىل سىستېمىسىنىڭ زاڭزۇ ـ بېرما تىل ئائىلىسىگە تەۋە. ئۇلارنىڭ دىنىي ئېتىقادى تولىمۇ ئىپتىدائىي بولۇپ، ئۇلار ئادەتتە جىن ـ ئەرۋاھلارغا چوقۇنىدۇ. لوبالار قەدىمدىن تارتىپلا شىزاڭدا ئولتۇراقلاشقان يەرلىك مىللەت بولۇپ، تاكى 20 ـ ئەسىرنىڭ 50 ـ يىللىرىغا قەدەر ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا تۇرغان. ئىشلەپچىقىرىش شەكلى جەھەتتە، دېھقانچىلىقنى ئاساس، ئوۋچىلىقنى قوشۇمچە قىلغان. ئۇلار ئاساسلىقى شال، قوناق تېرىيدىغان بولۇپ، تولىمۇ ئىپتىدائىي ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىنى ساقلاپ كەلگەن. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان 50 نەچچە يىلدىن بۇيان، لوبالار ئولتۇراقلاشقان رايونلاردا غايەت زور ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كېلىپ، ئۇلار سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە باشقا مىللەتلەر بىلەن باراۋەر ھوقۇققا ئېرىشتى. ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىن بىراقلا سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە قەدەم قويغان بۇ مىللەت مەدەنىيەت جەھەتتە زاڭزۇ ۋە خەنزۇلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۆزىنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى، جۈملىدىن ئەنئەنىۋى ئۆرپ ـ ئادىتىنى يەنىلا مۇكەممەل ساقلاپ كەلمەكتە.

### يېمەك ـ ئىچمەك ئادەتلىرى

ھىمالايا تاغ باغرىدىكى ئورمانلىقلاردا ئولتۇراقلاشقان بۇ مىللەتنىڭ دېھقانچىلىقنى ئاساس، ئوۋچىلىقنى قوشۇمچە قىلىشتەك ئىشلەپچىقىرىش شەكلى ئۇلارنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك مەدەنىيىتىنىڭ خاراكتېرىنى بەلگىلىگەن. قوناق، تېرىق ئۇنى ۋە گۈرۈچتىن ئېتىلگەن يېمەكلىكلەر جۈملىدىن، ئۇماچ، توقاچ قاتارلىقلار ئۇلارنىڭ ئەڭ ئاساسلىق يېمەكلىكى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇلارنىڭ «داشى»، «داچى» دەپ ئاتىلىدىغان، دەرەخلەرنىڭ غولىدىن ئاجرىتىۋېلىنىدىغان بىر خىل يېمەكلىكىمۇ بار. ئىچىملىك جەھەتتە، مىلىن ناھىيىسى بىلەن لوڭزى ناھىيىسىدىكى لوبالار سېرىق ماي چېيى ئىچكەندىن سىرت، باشقا جايلاردىكى لوبالارنىڭ چاي ئىچىش ئادىتى يوق. ئۇلار ئادەتتە ھاراقنى بىر قەدەر كۆپ ئىچىدۇ، مەيلى توي ـ تۆكۈن ياكى ئۆلۈم ـ يېتىم ئىشلىرىدا بولسۇن، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى ھاراقتىن ئايرىلالمايدۇ؛ ئۇلار كالا، چوشقا گۆشلىرىنى، توخۇ ۋە تاغ چاشقانلىرىنى يېيىشنى ياخشى كۆرىدۇ؛ ساغراۋ قۇلاق قاتارلىق ياۋا كۆكتاتلارنى تېرىپ يەيدۇ. ئۇلار ئادەتتە تاماق يېگەندە قول بىلەن يېيىشنى، چوكا ئىشلەتمەسلىكنى تەلەپ قىلىدۇ.

### ياسىنىش ئادەتلىرى

لوبالارنىڭ كىيىم ـ كېچەك ۋە زىبۇزىننەتلىرى تولىمۇ ئۆزگىچە بولۇپ، ئوخشاش بولمىغان قەبىلىلەرنىڭ ياسىنىش ئادىتى بىر ـ بىرىدىن پەرقلىنىدۇ. ئەرلەرنىڭ كۆپىنچىسى ياۋا كالا ۋە ئۆچكە تېرىسىدىن تىكىلگەن ئۇزۇن يەكتەك، قوي يۇڭىدىن توقۇلغان جىلىتكە كىيىدۇ، كىيىملىرىنىڭ ياقىسى بولمايدۇ؛ بەدىنىنىڭ ئاستى تەرىپىگە كىيىم كىيمەي، رەخت بىلەن ئەۋرەتلىرىنى ئورىۋالىدۇ؛ بېشىغا ئېيىق تېرىسىدىن تىكىلگەن تۇماق كىيىشنى ياخشى كۆرىدۇ. ئاياللار ئۈستىگە «جىدۇ» دەپ ئاتىلىدىغان، ياۋا كەندىر يىپىدىن توقۇلغان، ياقىسىز، قىسقا يەڭلىك قىسقا كىيىمنى كىيىدۇ؛ ئاستىغا «جىباڭ» دەپ ئاتىلىدىغان، قوي يۇڭىدىن توقۇلغان يوپكىنى كىيىدۇ.

لوبالار زىبۇزىننەتلەرگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىدۇ، زىننەت بۇيۇملىرىنىڭ تۈرىمۇ بىر قەدەر كۆپ بولۇپ، ئەر ـ ئاياللار ئوخشاشلا زىننەت بۇيۇملىرىنى ئىشلىتىدۇ. مەيلى ئەر ياكى ئايال بولسۇن، قۇلاقلىرىغا چوڭ ھالقا سالىدۇ، بەزى جايلاردىكى ئاياللار بۇرنىغىمۇ ھالقا سالىدۇ؛ بويۇنلىرىغا ھايۋانلارنىڭ سۆڭەكلىرى ياكى چىشلىرىدىن ياسالغان مارجانلارنى ئاسىدۇ؛ ھايۋانات تېرىسىدىن



بىلىۋېلىڭ: 8 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى قۇرۇلغان كۈن. (1927 ـ يىل)

تىكىلگەن، ئۈستىگە ھەرخىل سۆڭەكتىن ياسالغان مارجانلار ئورنىتىلغان زىننەت بۇيۇملىرىنى بەللىرىگە باغلىۋالىدۇ؛ بىلەكلىرىگە كۈمۈش، مىس ۋە تۆمۈردىن سوقۇلغان بىلەزۈكلەرنى تاقايدۇ. ئاياللار پۇتىغا ئىككىدىن ھالقا سالىدۇ. ئادەتتە ئەر -ئاياللار ئوخشاشلا ئۇزۇن چاچ قويۇشنى ياخشى كۆرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، لوبالاردا بەدىنىگە چەكمە چېكىش ئادىتى بار. قىز - ئوغۇللار 12 — 13ياشلارغا كىرگەندە، يىڭنە بىلەن يۈزىگە چەكمە چېكىلىدۇ. يۈزگە چېكىلگەن چەكمىلەر ئەر - ئاياللاردا ئاساسەن ئوخشاش بولىدۇ، پەقەت ئاياللارنىڭ بۇرنىنىڭ ئۈستىگە چەككەن چەكمىلىرىلا ئەرلەرنىڭكىگە ئوخشاشمايدۇ.

*نىكاھ -توي ئادەتلىرى*

لوبالار ئادەتتە بىر جەمەت ئىچىدىكى قىز - يىگىتلەرنىڭ ئۆزئارا توي قىلىشىغا يول قويمايدۇ، پەقەت بىر قەبىلە ئىچىدىكى ئوخشاش بولمىغان جەمەتلەر ئۆزئارا توي قىلسا بولىدۇ. ئۇلار ئىچىدە يەنە تەبىقە تۈزۈمى ساقلانغان بولۇپ، يۇقىرى تەبىقىدىكىلەرنىڭ پەرزەنتى يۇقىرى تەبىقىدىكىلەر بىلەن، تۆۋەن تەبىقىدىكىلەرنىڭ پەرزەنتى تۆۋەن تەبىقىدىكىلەر بىلەن توي قىلىش ئادەتلەنگەن. ئادەتتە ئوغۇل-قىزلار 7— 8 ياشقا كىرگەندە، چوڭلار رازىلىشىپ چاي ئىچكۈزۈپ قويىدۇ. توي قىلىش بېكىتىلىپ بولغاندىن كېيىن، قىز باشقا ئەرلەر بىلەن ئۇچراشمايدۇ، ئەگەر باشقا ئەرلەر بىلەن مۇناسىۋەتلەشكەنلىكى بايقىلىپ قالسا، ئەر تەرەپ تويدىن يېنىۋېلىشقا، بەرگەن سوۋغا-سالاملىرىنى قايتۇرۇۋېلىشقا ھەقلىق. ئۇلاردا توي كۆپىنچە 9- ئايدىن 12- ئايغىچە بولغان ئارىلىقتا ئۆتكۈزۈلىدۇ. توي كۈنى قىز تەرەپتە توي بولمايدۇ. يىگىت تەرەپ قىز تەرەپكە قىز كۆچۈرگىلىمۇ كەلمەيدۇ، بەلكى قىزنىڭ ئاتا - ئانىسى ۋە ئۇرۇق - تۇغقانلىرى قىزنى توي كۈنى سەھەردە يىگىت تەرەپكە ئېلىپ بارىدۇ. يىگىت تەرەپ توخۇ ئۆلتۈرۈپ، ھاراق تۇتۇپ، قىز تەرەپنى ئوبدان كۈتۈۋالىدۇ. توي ئادەتتە ئۈچ كۈن داۋاملىشىدۇ. ئىككى تەرەپ ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناش، ئوقيا ئېتىش، چېلىشىش قاتارلىق پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بېرىپ تويىنى تەبرىكلەيدۇ. قىز توي قىلىپ خېلى ئۇزاققىچە ئاتا -ئانىسىنىڭ ئۆيىگە قايتمايدۇ. تويدىن كېيىن، ئاياللار ئېرىگە سادىق بولۇشى قاتتىق تەلەپ قىلىنىدۇ، ئەمما ئەرلەرگە بۇنداق تەلەپ قويۇلمايدۇ. بالىلار چوڭ بولغاندا، چوڭ ئوغۇل ئۆي ئايرىپ چىقىپ كېتىدۇ، كەنجى ئوغۇل ئاتا -ئانىسى بىلەن بىرگە تۇرىدۇ. ئاتا ئانىسى ئۆلۈپ كەتكەن بالىلار مۈلۈككە ئورتاق ۋارىسلىق قىلىدۇ.

*ئۆلۈم - يېتىم ئادەتلىرى*

ئۇزاق مۇددەتلىك تەرەققىيات جەريانىدا، لوبالاردا مۇرەككەپ دەپنە قىلىش ئادەتلىرى شەكىللەنگەن. ئۇلاردا ئاساسلىقى يەرگە دەپنە قىلىش، ئۆڭكۈرگە دەپنە قىلىش ۋە دەرەخ ئۈستىگە دەپنە قىلىش ئادەتلىرى بار. يەرگە دەپنە قىلىش ئادىتىدە، جەسەتكە كىيىم كىيدۈرۈپ، قورساقتىكى ھامىلە شەكلىدە ئولتۇرغۇزۇپ، كىيىم بىلەن ئوراپ، ئارغامچا بىلەن باغلاپ قويىدۇ. ئاندىن يۈزىنى غەربكە قارىتىپ، ئولتۇرغۇزۇپ، جەسەتنىڭ ئالدىغا يەيدىغان نەرسىلەرنى تىزىپ قويىدۇ، ئۈچ كۈندىن كېيىن، جەسەتنى كولىغان يەرگە يۆلەپ ئاپىرىپ دەپنە قىلىدۇ. بەزى جايلاردىكى لوبالار جەسەتنى ئۆڭكۈرگە ئەكىرىپ ئولتۇرغۇزۇپ، ئەتراپىنى تاشلار بىلەن ئورىۋېتىدۇ ۋە ئۆڭكۈرنىڭ ئاغزىنى ئېتىۋېتىدۇ. بەزى جايلاردىكى لوبالار جەسەتنى دەرەخ ئۈستىگە باغلاپ قويىدۇ ياكى دەرەخ ئۈستىدە كەپە ياساپ كەپە ئىچىگە ئولتۇرغۇزۇپ قويىدۇ. جەسەت دەپنە قىلىنغاندىن كېيىنكى 3- كۈنى ئۆلۈم ئىگىسى بىر قېتىم چوڭ تازىلىق قىلىدۇ. بىر يىل ئىچىدە ئۆلگۈچىنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى قەبرە يېنىغا ھاراق، تاماكا ۋە تاماق ئاپىرىپ ئىبادەت قىلىدۇ. يىل توشقاندا نەزىر، تىلاۋەتلەر ئاخىرلىشىدۇ. ئاتا - ئانىسى ئۆلۈپ كەتكەن پەرزەنتلەر شۇ يىل ئىچىدە توي قىلمايدۇ، زىبۇزىننەت تاقىمايدۇ. ئېرى ئۆلۈپ كەتكەن ئاياللار يىل توشقىچە ياسانمايدۇ، ئىككى يىلغىچە ياتلىق بولمايدۇ، شۇنداقلا بارلىق تۇغقانلار يىل توشقىچە ھېچقانداق كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرىغا بارمايدۇ.

*بايرام ۋە كۆڭۈل ئېچىش ئادەتلىرى*

لوبالارنىڭ بايراملىرى ئادەتتە ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئادىتى ۋە ئىپتىدائىي دىنىي ئېتىقادى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، دېھقانچىلىققا دائىر بايراملار ۋە يىل - پەسىللەرنى خاتىرىلەش خاراكتېرىدىكى بايراملارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. دېھقانچىلىققا دائىر مولۇكې بايرىمى، مولاڭ بايرىمى، لوگلودې بايرىمى، نېۋو بايرىمى، نېپوپۇ بايرىمى، ئەندېرومۇ بايرىمى قاتارلىق بايراملار بولۇپ، بۇ بايراملارنى ئوخشاش بولمىغان قەبىلىلەر ئۆتكۈزىدۇ. بەزىلىرى تېرىقچىلىقنى تەبرىكلەش خاراكتېرىنى ئالغان بولسا، بەزىلىرى مول ھوسۇلنى تەبرىكلەشنى مەزمۇن قىلغان. يىل - پەسىللەرنى خاتىرىلەشكە دائىر دوڭگېڭېرومۇ بايرىمى، سولاڭې بايرىمى، شۇدۇلوڭ بايرىمى، جۇنبىبالوسا بايرىمى، تاڭپالاسا بايرىمى قاتارلىق بايراملار بار. بۇ بايراملارنىڭ كۆپىنچىسى ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى ساقلاپ قالغان بولۇپ، كۆپىنچىسىنىڭ ئېنىق ۋاقتى بولمىغاچقا، ۋاقتى باخشىلار تەرىپىدىن ئاي ياكى كائىناتنىڭ ئۆزگىرىشىگە قاراپ بېكىتىلىدۇ. بۇ بايراملار ئۇلارنىڭ مىللىي مەدەنىيىتىنى ساقلاشتا مۇھىم رول ئوينىغان. ئۇلار بايرام، توي - تۆكۈن ۋە چوڭ دىنىي پائالىيەتلەردە ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناپ كۆڭۈل ئاچقاندىن باشقا، يەنە تەنتەربىيە خاراكتېرىنى ئالغان ئوقيا ئېتىش، چېلىشىش، تاش كۆتۈرۈش قاتارلىق پائالىيەتلەر بىلەنمۇ شۇغۇللىنىدۇ.

ئىقتىسادنىڭ تەرەققىي قىلىشى، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا ئالاقىنىڭ قويۇقلىشىشى ۋە مىللەتلەرنىڭ بىر - بىرىگە ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىشى تۈپەيلىدىن، لوبالارنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىدە غايەت زور ئۆزگىرىش بولماقتا. ئۇلار ئەنئەنىۋى مىللىي مەدەنىيىتىنى ساقلاپ قېلىش ئاساسىدا، مىللىي مەدەنىيىتىنى ھازىرقى زامان مەدەنىيىتىگە يۈزلەندۈرۈشكە تىرىشماقتا.

(ئاپتور: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە مەكتىپىدە)

بىلىۋېلىڭ: 8- ئاينىڭ 6- كۈنى «دۇنيا كىنو بايرىمى كۈنى» (1932-يىل)



# تۈركمەنلەر

دىلشات ئىدرىس

تۈركمەنلەر تۈركمەنىستان جۇمھۇرىيىتىدە ياشىغۇچى ئاساسلىق مىللەت. نوپۇسى 5 مىليون 936 مىڭ (2003 ـ يىلدىكى ستاتىستىكا). ئۆزبېكىستان، تاجىكىستان قاتارلىق ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى، ئىران، ئىراق، ئافغانىستان، تۈركىيە، سۈرىيە قاتارلىق غەربىي ئاسىيا دۆلەتلىرىدىمۇ تۈركمەنلەر تارقىلىپ ئولتۇراقلاشقان.







تۈركمەنىستاننىڭ دۆلەت بايرىقى يېشىل رەڭدە بولۇپ، سول تەرىپىگە گىلەم گۈل نەقىشلىرى ۋە زەيتۇن شېخى سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن، بۇ تۈركمەنلەرنىڭ ئەنئەنىسى ۋە تىنچلىقنىڭ سىمۋولى. بەش دانە يۇلتۇز ئىنسانلارنىڭ كۆرۈش، پۇراش، ئاڭلاش، تېتىش، سېزىش ئىقتىدارىغا سىمۋول قىلىنغان. بەش يۇلتۇزنىڭ بەش بۇرجىكى بولسا ماددىنىڭ قاتتىق، سۇيۇق، گاز، كرىستال، ئۇنىڭدىن ئىبارەت بەش خىل ھالىتىگە سىمۋول قىلىنغان. ئاي بولسا گۈزەل ئىستىقبالغا سىمۋول قىلىنغان.

تۈركمەنىستان (TURKMENISTAN) سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان، شىمال تەرىپى قازاقىستان، شەرق تەرىپى ئۆزبېكىستان، جەنۇب تەرىپى ئىران، ئافغانىستان بىلەن چېگرىداش. يەر كۆلىمى 488 مىڭ 100 كۋادرات كىلومېتىر. 90 پىرسەنت زېمىنى قۇملۇق بىلەن قاپلانغان. دۇنياغا مەشھۇر «قاراقۇم قۇملۇقى» تۈركمەنىستاننىڭ ئوتتۇرا قىسمىنى كېسىپ ئۆتىدۇ. مول نېفىت، تەبىئىي گاز، كان بايلىقلىرى بار. پايتەختى ئاشخاباد. تۈركمەنىستان 1992 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى دۆلىتىمىز بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقان. تۈركمەنىستاننىڭ ئۈرۈمچى شەھىرى بىلەن بولغان ۋاقىت پەرقى 2 سائەت كېيىندە.

تۈركمەنىستاندا تۈركمەنلەردىن باشقا رۇس، ئۆزبېك، قازاق، ئەزەربەيجان، ئەرمەن، تاتار قاتارلىق 100 نەچچە مىللەت بار. تۈركمەنلەر دۆلەت ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ 77 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ (2003 ـ يىلدىكى ستاتىستىكا). تۈركمەن تىلى ئالتاي تىللىرى سىستېمىسى تۈركىي تىللار گۇرۇپپىسىنىڭ ئوغۇز تىل تارمىقىغا تەۋە. دۆلەت تىلى تۈركمەن تىلى بولۇپ، ئۇنىڭ بىرنەچچە خىل دىئالېكتى بار. رۇس تىلىمۇ كەڭ تارالغان. تۈركمەنلەرنىڭ ئەجدادلىرىنى قەدىمكى زاماندىكى پارس تىلىدا سۆزلىشىدىغان داخا ـ ماساگىتلار بىلەن سارمات ـ ئالانلار ۋە مارغىئانا، خارەزىم قاتارلىق قەدىمكى ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىنىڭ بىر قىسىم ئاھالىلىرى ھەمدە ئوغۇز تۈركلىرىدىن ئىزدەشكە بولىدۇ.

تۈركمەنلەر ئۆزىدىن تەييارلانغان يېمەكلىكلەر، گۆش ۋە سۈت مەھسۇلاتلىرىنى كۆپ ئىستېمال قىلىدۇ. كۈندىلىك تۇرمۇشتاناندىن ئايرىلمايدۇ، شۇڭا تۈركمەنلەرنىڭ مەھەللىرىدە تونۇرنى ھەممىلا جايدا ئۇچراتقىلى بولىدۇ. تۈركمەنلەر پولۇ ھەم كاۋاپنى ياخشى كۆرىدۇ. تۈركمەنلەر قوي گۆشىنىڭ ئۇزۇقلۇق تەركىبى يۇقىرى دەپ بىلگەچكە مەيلى قانداق تاماق ئەتسۇن قوي گۆشىنى ئارلاشتۇرماي قالمايدۇ. تۈركمەنلەر قوينىڭ كاللا ـ پاچىقىنى ناھايىتى ئەزىزلەپ ئىستېمال قىلىدۇ، ئادەتتە مېھمانلارنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن كاللا ـ پاچاق تەييارلايدۇ.

تۈركمەنلەرنىڭ ھېيت ـ ئايەم، ئۆلۈم ـ يېتىم قائىدە ـ يوسۇنلىرى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان باشقا مىللەتلەر بىلەن ئاساسەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ. ئەمما، ئۇلارنىڭ






بىلمۇبىلمەك: 8 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى «2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى»دا ياپونىيە شەرتسىز تەسلىم بولغانلىقىنى جاكارلىغان كۈن. (1945 ـ يىل)

توي ـ تۆكۈن قائىدە ـ يوسۇنىدا بەزى قىزىقارلىق ئۆرپ ـ ئادەتلەر بار: تۈركمەنلەر ئۆز ـ ئارا قۇدىلاشقاندا، ئوغۇل تەرەپ قىز تەرەپكە 60 تۇياق قوينى قىز مېلى قىلىپ بېرىدۇ. چاي ئىچىرۇلۇپ تاكى توي بولىدىغان كۈنگىچە توي قىلماقچى بولغان قىز ـ يىگىتنىڭ بىر ـ بىرى بىلەن كۆرۈشىشىگە يول قويۇلمايدۇ. توي بولغان كۈنى يىگىت تەرەپ قىزنى كۆچۈرگىلى بارغاندا، قىز تەرەپتىكىلەر قوللىرىغا شوينا ـ چۆنقلارنى ئېلىپ، قىزنى ئالغىلى كەلگەنلەرنى ساۋايدۇ، پەقەت شۇخىل ئۆتكەلگە بەرداشلىق بېرەلىسىلا ئاندىن قىزنى ئېلىپ كېتىشكە بولىدۇ. بۇ يىگىتكە، قىزغا ئاسان ئېرىشمىگەنلىكىنى بىلدۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن بولسا



كېرەك. توي بولۇپ بىر ھەپتىدىن كېيىن قىز ئانىسىنىڭ ئۆيىگە قايتىپ كېلىدۇ، پەقەت ھامىلدار بولغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن ئاندىن ئېرىنىڭ يېنىغا قايتىپ بارىدۇ. شۇڭا، تۈركمەن يىگىتلىرى، ئەگەر قىز ھامىلدار بولمىغان بولسا ھەرخىل چارە ـ ئاماللار ئارقىلىق قىزنىڭ ئۆيىدىكىلەردىن يوشۇرۇپ ئۆز ئايالى بىلەن بىرگە تۇرۇشقا تىرىشىدۇ.

تۈركمەنلەر ئەدەپ ـ قائىدىگە ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىدىغان مىللەت. باشقىلار بىلەن ئۇچراشقاندا ئەدەپلىك سۆزلەر بىلەن سالام ـ سەھەت قىلىشىدۇ، تۇنجى كۆرۈشكەن كىشىدە بىرخىل ئىللىق تۇيغۇ قالدۇرۇشقا تىرىشىدۇ. ئادەتتە ئۆزئارا قول ئېلىشىپ كۆرۈشىشىدۇ، يېقىن كىشىلەر ئوڭ قولىنى كۆكسىگە قويۇپ ئېگىلىپ سالام قىلىشىدۇ، ئۆزئارا قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈش ئانچە كۆپ ئۇچرىمايدۇ. بارمىقى بىلەن باشقىلارنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ سۆزلىشىشنى يامان كۆرىدۇ. سول قولى بىلەن مېھمانلارغا نەرسە ئۇزۇتۇشنى يامان كۆرىدۇ. تۈركمەنلەرنىڭ قەدىمدىن تارتىپلا مەيلى ئائىلىدە بولسۇن ياكى جەمئىيەتتە بولسۇن چوڭلارنى ھۆرمەتلەپ كىچىكلەرنى ئىززەتلەيدىغان ئېسىل ئەنئەنىسى بار. ئۇلارنىڭ ۋاقىت قارىشى كۈچلۈك، ھەم لەۋزىدە تۇرۇشقا ناھايىتى دىققەت قىلىدۇ. تۈركمەنلەر يېشىل رەڭنى ساداقەت ئېلىپ كېلىدۇ دەپ قارايدۇ، قىزىل رەڭنى بولسا قەھرىمانلىق، غەلىبىنىڭ سىمۋولى دەپ بىلىشىدۇ.

تۈركمەنلەر ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات داۋامىدا ئۆزىگە خاس كەشتىچىلىك، توقۇمىچىلىق، تىككۈچىلىك ۋە بېزەكچىلىك قاتارلىق قول ھۈنەرۋەنچىلىك سەنئىتىنى بەرپا قىلغان. بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ گىلەم توقۇش ھۈنەرۋەنچىلىكى ئالاھىدە بولۇپ، تۈركمەن گىلەملىرىنىڭ دۇنيادا خېلى داڭقى بار. گىلەم تۈركمەنلەرنىڭ تۇرمۇشىدا ناھايىتى كەڭ ئومۇملاشقان بولۇپ، ئۆي ئىچىنىڭ تام، يەرلىرىنى گىلەم بىلەن زىننەتلەشكە ئادەتلەنگەن. ھەتتا تۈركمەنىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۆلەت بايرىقىغىمۇ گىلەم گۈل ـ نەقىشلىرى كەشتىلەنگەن. بۇلاردىن باشقا، تۈركمەنلەر نېفىت، تەبىئىي گاز ئېچىش، خىمىيە، ئېلېكتىر ئېنېرگىيە، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، باغۋەنچىلىك قاتارلىق كەسىپلەر بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

تۈركمەنلەر مول خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى مىراسىغا ئىگە مىللەت. ئەپسانە ـ رىۋايەتلەردىن دېھقانچىلىق پىرى ـ «بابا ـ دېھقان»؛ مۇزىكا، ناخشا ـ قوشاق پىرى — «بابا ـ قەمبەر»، «قورقۇت» ۋە «پەرھات ـ شېرىن» داستانى قاتارلىقلار تۈركمەنلەر ئىچىدە خېلى كەڭ تارقالغان. تۈركمەنلەرنىڭ يازما ئەدەبىياتىمۇ خېلى بۇرۇنلا شەكىللەنگەن بولۇپ، تۈركمەنلەر تارىخىدا بىرمۇنچە ئەدىب، پەيلاسوپلار ئۆتكەن. ئۇلارنىڭ ئىچىدە پەيلاسوپ، شائىر مەختۇمقۇلى (1733 ـ 1793) ۋە ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغۇچى تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىياتىغا زور تەسىر كۆرسەتكەن.

تۈركمەنلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرى تۇنجى بولۇپ ئاتنى قولغا كۆندۈرگەن ۋە ئاتنى ئىشلەپچىقىرىش، ھەربىي ئىشلار، قاتناش ۋە تەنتەربىيە قاتارلىق ئىشلارغا سېلىپ ئات مەدەنىيىتىنى ياراتقان مىللەتلەرنىڭ بىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن، تاكى ھازىرغىچە ئاتنى قەدىرلەش، ئۇلۇغلاش ئادىتىنى ساقلاپ كەلگەن. تۈركمەنىستاننىڭ دۆلەت گېربىگىمۇ ئات سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن. تۈركمەن ئاتلىرىنىڭ دۇنيادا خېلى داڭقى يۇقىرى.

(ئاپتور: «جۇڭگو مىللەتلىرى» ژۇرنىلى تەھرىراتىدا)



قەلب ئىزھارى: نادان ئەرنىڭ ئۆيىدە خوتۇن بېشەم، نادان خوتۇننىڭ ئۆيىدە ئەر مەھبۇس. (ياقۇپ ھەمدۇللا)

# ھەزىل سوئال - جاۋاب

**سوئال:** مەن باشقىلاردىن «بۇ قېتىممۇ يەنە بۇرنۇمغا يېدىم» دېگەن سۆزلەرنى ئاڭلاپ قالىمەن. بىرەر نەرسە يېيىش ئۈچۈن تەييار ئاغزى تۇرسا، ئۇلار نېمە ئۈچۈن ئاغزىغا يېمەي، بۇرنىغا يەۋالىدىغاندۇ؟

**— مەكىت ناھىيىلىك 1- ئوتتۇرا مەكتەپتىن ياسىنجان ئوسمان**

A **جاۋاب:** ھايات دېگەن ئاجايىپ، بەزىدە ئاغزىڭىز ئېتىلىپ قالسا، ئاشۇنداق «بۇرنىڭىزغا يەيدىغان» چاغمۇ بولىدۇ. ئويلاپ بېقىڭ، ئادەم بەزى چاغلاردا مېڭىشقا ئېگىشلىك بولمىغان يولدا ماڭسا ياكى قىلىشقا بولمايدىغان ئىشنى قىلسا، دېمەيدىغان گەپنى دېسە، ئەلۋەتتە «بۇرنىغا يەيدۇ!»

**— لوپ ناھىيە ھاڭگىيا يېزا باشلانغۇچ مەكتەپتىن سەدىردىن ماخمۇت**

B **جاۋاب:** ئۇلار بىخۇدلۇقىدىن ئاغزىنى تاپالمايۋاتقانلار بولغاچقا، بۇرنىغا يەيدۇ. ئىمكان بولسا، ئاشۇنداقلارغا ئاغزى بىلەن بۇرنىنى پەرق ئېتىشنى ئۆگىتىپ قويساق، كۆپتىن كۆپ ساۋاب بولاتتى!

**— شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئالىي كەسپىي تېخنىكومى خەنزۇ تىل 2005- يىللىق 2- سىنىپتىن ئاينۇر ئەنۋەر**

**سوئال:** كىچىكىمدىن بوۋام ماڭا: «يالغان سۆزلىمە، يالغان سۆزلىگەنلەرنىڭ تىلى تۇتۇلۇپ قالىدۇ» دەپ نەسىھەت قىلاتتى. شۇڭا يالغان سۆزلەشتىن بەكمۇ قورقاتتىم، لېكىن بۈگۈنكى كۈندە، بەزى كىشىلەر تالاي يالغان سۆزلەرنى سۆزلىسىمۇ تىلى تۇتۇلۇپ قالمايدىكەن. ئۇنداقتا، بوۋام خاتا ئېيتقانمۇ قانداق؟

**— قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىسلام دىنى مەكتىپى 2005- يىللىق سىنىپتىن ئابدۇسالام ئوبۇل**

A **جاۋاب:** بوۋىڭىز خاتا ئېيتمىغان، چۈنكى، ئەينى زامانلاردىكى ئادەملەر «بىر تىللىق» ئىدى، ھازىرقىلارنىڭ بىر تىلى تۇتۇلۇپ قالسىمۇ، باشقا تىللىرى ئىشلەۋېرىدۇ- دە!

**— بېرىزاۋات ناھىيە شايتول يېزا كىچىكلىقېرىق كەنتىدىن ھەمرجان ھېكىم**

B **جاۋاب:** راستچىللىق مەڭگۈ ئېسىل خىسلەت، بەزى كىشىلەر تالاي قېتىم يالغان سۆزلىسىمۇ تىلى تۇتۇلۇپ قالمىغىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتە دىلى تۇتۇلۇپ بولغان. يەنى تىلى سوزۇق، دىلى بۇزۇق كىشىلەردۇر.

**— قەشقەر دەريا- ئېقىن باشقارمىسىدىن ئابلىمىت ھوشۇر**

**سوئال:** ھەيران بولدۇم: ئومۇمەن، ئادەملەر يەپ- ئىچكەننى ھايۋانلارمۇ يەيدىكەن- ئىچىدىكەنۇ، بىز ئىچىۋاتقان ھاراق- شارابنى ھايۋاناتلار ئىچمەيدىكەن. بۇ ھايۋانلارنىڭ نېمە قىلغىنىدۇ؟

**— قەشقەر شەھەر نەزەرباغ يېزا توققۇزتاش ئاھالىلەر كومىتېتىدىن مۇختەر ئابلىز**

**جاۋاب:** بۇ، ئېھتىمال تەبىئەتنىڭ تالLISHى بولۇپ، بەزى ھايۋانلارنىڭ ئايرىم ئادەملەردىن ئەقىللىق ئىكەنلىكىنىڭ رېئاللىقتىكى ئىسپاتلىنىشى بولۇشى مۇمكىن.

**سوئال:** «سۇ سايغا ئاقار، پۇل بايغا» دېيىلىدىكەن كىتابلاردا. سۇغۇ ئاقار، ئەمما پۇل قانداق ئاقىدۇ؟

**— قەشقەر دەريا- ئېقىن باشقارمىسىدىن: ئابلىمىت ھوشۇر**

**جاۋاب:** قانداق ئاقاتتى؟ «پۇل پۇلنى تاپار» دېگەننى ئاڭلىمىغانما؟ تەجرىبىسى كۆپ، ئەقىل- پاراسەتلىك، دىيانەتلىك بايغا دولقۇنلاپ ئاقىدۇ؛ مەككار بايغا شىلدىرلاپ ئاقىدۇ.

**سوئال:** بىزدە «ئاغزىڭ مايلانسا، تىلىڭ باغلىنار» دېگەن ماقالغا ئىشىنەتتىم. شۇڭا ھاجىتىمنى راۋا قىلىش ئۈچۈن، بىرسىنىڭ ئاغزىنى مايلاپ قويۇۋېدىم، تىلى باغلىنىش تۈگۈل قارىسىنىمۇ كۆرسەتمەيۋاتىدۇ. بۇ گەپ ئەمدى ئاقمامدۇ قانداق؟

**جاۋاب:** ھازىرقى كۈندە، بازاردىكى مايلارمۇ ساختىلىشىپ كېتىۋاتىدۇ. قارىغاندا، ئالدىراشچىلىقتا ماينىڭ سۈپىتىگە ئانچە دىققەت قىلمىغان ئوخشايسىز: ئەمدى، بانكىلار تەمىنلەيدىغان «قەغەز ماي»غا مۇراجىئەت قىلىشقا توغرا كەلگۈدەك!

## جاۋاب كۈتكەن سوئاللار:

**سوئال:** «چىرايلىقنىڭ دەردى يامان، سەتنىڭ ھالى» دېگەن ماقال باشقىلارنى كۆرەلمەسلىكمۇ ياكى مەسخىرە قىلغانلىقمۇ؟

**— ئاقسۇ ۋىلايەتلىك يېزا ئىگىلىك بانكىسىدىن ئابدۇسەمەت ئابدۇرېھىم**

**سوئال:** ئەجدادلىرىمىز بىزگە «دوست يىغلىتىپ ئېيتار، دۈشمەن كۈلدۈرۈپ» دېگەن ماقالنى قالدۇرۇپتۇ. بىر كۈنى بىر «دۈشمىنىم» ماڭا بەتنام چاپلاپ خەلقئالەم ئالدىدا يىغلىتىۋەتتى؛ يېقىن دوستۇم يەنە شۇ يەردە مېنى ئاقلاپ، كۈلدۈرۈپ ئىشەنچ، ئۈمىد بېغىشلىدى. ئۇنداقتا مەن ھازىرقى دوستۇمنى دۈشمىنىم، دۈشمىنىمنى دوستۇم دەپ قارىسام بولامدۇ؟

**— ئاقسۇ شەھەرلىك دېھقانچىلىق ئىدارىسىدىن ئەنۋەر موللامەت**

**سوئال:** مەن «قىزلارنىڭ كۆلكىسى مەڭزىدە، يىغىسى لېۋىدە بولىدۇ» دېگەننى ئاڭلاپ قېلىپ، بىرمۇنچە قىزلارغا زەن سېلىپ باقتىم. لېكىن بىرەر قىزنىڭمۇ لېۋىدە يىغلىغىنىنى كۆرمىدىم. باشقىلار مېنى ئالداپ قويدىمۇ قانداق؟

**— قەشقەر دەريا- ئېقىن باشقارمىسىدىن ئابلىمىت ھوشۇر**

**سوئال:** خەلقىمىزدە «چىشىڭنىڭ بارىدا گۆش يە، كۆزۈڭنىڭ بارىدا شەھەر كۆر» دېگەن ھېكمەت بارىكەن. ھازىر چىشىممۇ، كۆزۈممۇ ساق، ئەمما يەي دېسەم تويغۇدەك گۆش يوق، كۆرەي دېسەم مەھەللىمىزدە شەھەر يوق. بۇ ھېكمەت بويىچە ئىش قىلالمىسام، ئەجدادلارغا يۈز كېلەلمەي قالارمەنمۇ؟

**— مەكىت ناھىيىلىك 1- ئوتتۇرا مەكتەپتىن ياسىنجان ئوسمان**

مۇھەررىردىن: ئوقۇرمەنلەرنىڭ تۈرلۈك مەزمۇندىكى يېڭى- يېڭى، قىزىقارلىق سوئال - جاۋابلارنى تېزدىن ئەۋەتىشىنى قىزغىن قارشى ئالىمىز!



# ئوقۇرمەنلەرنىڭ يۈرەك سۆزلىرى

## «چاپانشال رېستورانى» — نادانلىقتا دادىل ئۇرۇلغان قامچا

هوشۇر ئابدۇللا

«ياخشى بولساڭ ئېشىگىنى يەرسەن، يامان بولساڭ بېشىگىنى» دېگەندەك، شەرم ـ هايا ۋە ئىنساپنى ئۇنتۇغان هەسەن چەكەدە ئۆز قىلمىشلىرىنىڭ بەدىلىگە ئاخىر بېشىنى يېدى. ئېنىقكى، ياۋايى تەخەللۇسلۇق ئاپتور ئابدۇناسىر يۇنۇس «جۇڭگو مىللەتلىرى» ژۇرنىلىنىڭ بۇ يىللىق 2 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان «چاپانشال رېستورانى» ناملىق يۇمۇرىستىك ھېكايىسى ئارقىلىق، «هەسەن چەكەدە» ئىسىملىك نادان پېرسوناژ ئوبرازىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ياراتقان. مېنىڭچە، «چاپانشال رېستورانى» ئاز ھەم ساز يېزىلغان تراگېدىيىلىك ھېكايە.

«ئاز» دېگەندە، تۆۋەندىكىلەرنى كۆزدە تۇتىمىز: بىرىنچى، ھېكايىدە پەقەت بىرلا پېرسوناژ بار. گەرچە، ھېكايىدە ئىسمى ئاتالغان ئادەملەر بىرنەچچە بولسىمۇ، غىل-پال كۆرۈنۈپ، قايتا ئېغىزغا ئېلىنمايدىغان بۇ ئادەملەر پەقەت هەسەن چەكەدىنىڭ خاراكتېرىنى ئېچىپ بېرىش ئۈچۈنلا خىزمەت قىلىدۇ، خالاس. ئىككىنچى، تۇرمۇشتىن تاللىۋېلىنغان دېتال كۆپ ئەمەس. ئۈچىنچى، ھېكايىدە دېيىلمەكچى بولغان گەپ، «گىرتتىدىلا» دېيىلگەن. ئەزمىسىنى ئېزىدىغان بايان ياكى سۆرەلمە سۆز ئويۇنى يوق. تۆتىنچى، دىئالوگلار قىسقا، قىزىقارلىق، ئەمەلىي. بەشىنچى، ھېكايىدىكى تراگېدىيە كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچىلا يۈز بەرگەن، ئۇچ ئادەمنىڭ قازاسى ئۈچۈن ھېچقانچە مۇرەككەپ جەريان كەتمىگەن.

«ساز يېزىلغان» دېگەندە، مۇنداق ئۈچ مۇۋەپپەقىيەت بار:

بىرىنچى، ھېكايىنىڭ تىلى چوڭقۇر مەنىلىك ۋە تاتلىق. مەلۇمكى، ھېكايە ۋەقەلىكى تۇرمۇشتىن ئېلىنغان بىلەن، تۇرمۇشنىڭ ئەينەن ئۆزى ئەمەس، بەلكى ئۇ «سەنئەت» دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن تۇرمۇش. شۇنداق ئىكەن، ئۇنىڭدا ئىشلىتىلگەن تىلمۇ بەدىئىي تىل بولىدۇ، ئەلۋەتتە. بۇ ھېكايىدىكى ئاپتور تىلى بولسۇن ياكى پېرسوناژ تىلى بولسۇن، ھەممىسى چۈشىنىشلىك، ئاددىي، يەڭگىل؛ پېرسوناژ خاراكتېرى بىلەن مۇناسىۋەتسىز دەبدەبىلىك، يالتىراق، ئارتۇقچە سۆزلەر يوق. مۇشۇنداق ياخشى يېزىلغان ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ تىلى مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، بىزگە قانداق سۆزلەش، قانداق تەپەككۇر قىلىشنى ئۆگىتىدۇ؛ مەدەنىي ئورتاق بەدىئىي تىل — كىشىلىك مۇناسىۋەتلەردىكى قىزغىنلىق ھەم ئىناقلىقنىڭ ۋاستىسىدۇر.

ئىككىنچى، ھېكايىدە يۇمۇرىستىك خۇسۇسىيەت قويۇق. بىر بوتۇلكا «گۇچۇڭ ئاق هارىقى»نىڭ پۇلىنى نېسى قىلىپ، «كۆزدە كېپەز پىشقاندا بېرىمەن» دەۋاتقان هەسەن چەكەدە هالىغا باقماي، خوتۇنىغا: «سەن كۆڭلۈڭدە مېنى ئېلىشىپ قالدىمىكىن دەۋاتامسەن؟ قاراپ تۇر، مەن بۇ بازارغا چوقۇم بىر رېستوران سالىمەن! پۇل دېگەننى غازاڭدەك تېپىپ، مەمەت دوناي، ئابلا تەلپەك دېگەنلەرنىڭ كۆزلىرىدىن ئوت چىقىرىۋەتمەيدىغان بولسام، هەسەن چەكەدە دېگەن ئىسمىمنى يۆتكىۋېتىمەن...» دەيدۇ. يېنىدا بىر سىنت پۇلى يوق هەسەن چەكەدىنىڭ سۆزى ئۆزى ئۈچۈنمۇ كىنايە. كۈز — ئۇنىڭ قەرز قايتۇرىدىغان ۋاقتى بولسا كېرەك. «كۈزلۈككە بېرىمەن»، «قورقما، چاپانشىلىڭنىڭ پۇلىنى، ئىش ھەققىڭنى خاتىرەڭگە يېزىپ قوي، ساڭا چوقۇم قايتۇرىمەن!» ئېھتىمال ئۇ قەرز قايتۇرۇشقىمۇ ئۈلگۈرمىدى بولغاي، رېستورانى قوشۇلۇپ ماشىنىنىڭ تېگىدە قېلىپ، ساددا خوتۇنى بىلەن ياپياش ئوغلىنى ئېلىپ ئۇ ئالەمگە سەپەر قىلدى. ئەگەر ئۇ جانغا زامىن چاپانشال رېستورانىنى ئاچمىغان تەقدىردىمۇ، هاراقتىن زەھەرلىنىپ ياكى مەست ـ ئەلەسچىلىكتە پېشكەللىككە ئۇچراپ، بىھۇدە ئەجەلنى كۈتۈۋالار ئىدى. شۇنداقتىمۇ، ئايالى بىلەن ياش ئوغلى ساق قالار ئىدى...

هەسەن چەكەدىنىڭ «ئانام مېنى مۇشۇنداق ئېزىز تۇغۇپ قويۇپتىكەن...» دېگەندەك سۆزلىرى ئۇنىڭ روھىي غالىبىيەتچىلىك پسىخىكىسىنى يۇمۇرلۇق يورۇتقان. مەرھۇم ئانىسى ئۇنى ئاشۇنداق، ھەركۈنى هاراق ئىچىپ مەست-ئەلەس يۈرسۇن، شەرم ـ هاياسىز بولسۇن، باشقىلارنىڭ لەنەت- نەپرىتىگە قالسۇن، دەپ تۇغۇپ قويمىغان بولغىيتتى! شۇنداقتىمۇ، ئۇنىڭ ئۆزىنى «ئەزىز» دەۋالغىنى تولىمۇ كۈلكىلىك! ھەتتا رېستوراننىڭ «چاپانشال رېستورانى» دەپ ئاتىلىشىدىن تارتىپ شىرە ـ ئورۇندۇقلىرىغىچە، ئايرىمخانىنىڭ «بېزىلىشى»دىن تارتىپ يېمەكلىك تۈرلىرىگىچە يۇمۇرلۇق مەنە سىڭگەن. باشقىلارنىڭ «نېمە، چاپانشال رېستورانى؟ ئەجەب قاملىشىپتۇ بۇ ئىسىم، كەسپلەشكەن رېستورانكەندە!» دېگەن باھا، غۇلغۇلىسى تېخىمۇ قىزىقارلىق.

ئۈچىنچى، پېرسوناژ خاراكتېرىنىڭ روشەن ئېچىپ

بېرىلگەنلىكى، بۇ ھېكايىنىڭ يەنە بىر تۈپ ئالاھىدىلىكىدىن بىرى. ئاپتور ھەسەن چەكەدىنىڭ ھاراقخۇمار مىجەزى، باشقىلارنىڭ نەسىھەتىگە قۇلاق سالمايدىغان جاھىللىقى ۋە ماختانچاقلىقى، قىلغان قىلىقى ۋە ئىشىنىڭ تەسىرى، ئاقىۋىتى بىلەن ھېسابلاشمايدىغان روھىي ھالەتلىرى... قىسقىسى، نادان، قۇرغاق مەنىۋىيىتىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بەرگەن. يەنە كېلىپ بۇ، ئاپتورنىڭ بىۋاستە بايانى ئارقىلىق ئەمەس، بەلكى پېرسوناژلارنىڭ سۆزى، ھەرىكىتى، ئىچكى دىئالوگلىرى ئارقىلىق ۋۇجۇدقا چىققان. بۇمۇ ھېكايە ئىجادىيىتىدىكى بىر خىل ئۇستىلىق.

ئۆلپەت قوغلىشىپ ھاراق سورۇنىنى يۇراپ تاپىدىغان «ھەسەن چەكەدە ئارقا-ئارقىدىن ئۈچ رومكا ھاراق ئىچىپ، يۈزلىرى يەرلىك خورازنىڭ تاجىسىدەك قىزىرىپ كەتتى. ئۇ كىرلىشىپ كەتكەن ئاق شاپاق دوپپىسىنى بېشىدىن ئېلىپ، يۈز-كۆزلىرىدىكى تەرلىرىنى سۈرتتى - دە، قانداقتۇر بىر ئاھاڭغا غىڭشىپ دۇكىنىدا ئولتۇرغان ئابلا تەلپەككە ۋارقىرىدى: بولە، بومباگدىن بىرنى ئاتە بۇياققا!». قاراڭ، ئۇنىڭ ھاراققا ئامراق مىجەزىگە. ھەسەن چەكەدىنىڭ «رېستورانى»نىڭ كېچە- كۈندۈز تاقالماسلىقى، ئارادۆڭ بازىرىدا مەست - ئەلەسلەرنىڭ كۆپىيىشى ...يۇرت كاتتىلىرى ۋە ئاياللارنىڭ كۈچلۈك نارازىلىقىنى قوزغىدى: «بۇ ئىش قاملاشمىدى، نە-نەلەردىن كەلگەن بىرنېمىلەر يوللاردا، كوچا-كويلاردا مۈدۈرۈشۈپ (دەلدەڭشىپ) يۈرۈپ، قىز-ئاياللىرىمىزغا كۆز تاشلاپ يۈرسە... ھەسىناخۇن پۇلنى دەپمۇ مۇشۇنداق ئىشنى قىلامدۇ؟»، «ھەسىناخۇننىڭ يېسىتوران دېگەن بىرنېمىسى ئېچىلغاندىن بۇيان، ئارادۆڭدە ئوغرى-يالغان كۆپىيىپ كەتتى»، «ئارادۆڭنىڭ تىنچلىقى بۇزۇلدى»...

ئەگەر ھەسەن چەكەدىدە ۋىجدان، غۇرۇر، ئىمان- ئېتىقاد، شەرم - ھايا بولغان بولسا، ئۆز ئەتراپىدىكى ئەل - جامائەتنىڭ ئاشۇ تەنبىھ - نەسىھەتلىرىنى قوبۇل قىلىپ، باشقىچە يول تۇتقان بولار ئىدى. ئەپسۇس، ئۇ ئۇنداق قىلمىدى. ئۇ ھەتتا ئەل - جامائەت ئىچىدىكى ئەڭ ئابرۇيلۇق كىشىنىڭ بىرى مەسچىت ئىمامىنىڭ يۈزتۇرانە نەسىھەتىگىمۇ قۇلاق سالماي، ئۇنىڭغا قوپاللىق قىلىدۇ: «ئانام مېنى شۇنداق ئېزىز تۇغۇپ قويۇپتىكەن، ئىمامئاخۇنۇم، - دېدى، ئىچىپ خېلىلا تەڭشىلىۋالغان ھەسەن چەكەدە يېنىغا شىرتىدە بىرنى تۈكۈرۈپ. - ھالال ياشاي، دەپ شۇنچە قىلدىم، يېگىلى بىر بۇردا نان تاپالماي تاس قالدىم ئۆلۈپ كەتكىلى. ئۇ چاغدا ھېچكىممۇ ماڭا ‹ھالال›، ‹ھارام› توغرىلىق گەپ قىلمىغان، مانا ئەمدى قولۇم ئازراق پۇل كۆرۈۋىدى، ماڭا ھالال، ھارام توغرىلىق سۆزلەيدىغانلار كۆپىيىپ كەتتى... مەيلى، خەق نېمە دېسە دەۋەرسۇن، قىلغانلىرىمنىڭ گۇناھى ئۆزۈمگە، مەن پۇلنى تېپىۋېرەي...» مانا بۇ ئۇنىڭ قارىشى، مەنىۋىيىتى! رېئاللىقىمىزدا جاپالىق ئىشلەپ، ئەجىر- ئەمگىكى بەدىلىگە ھالال ياشاۋاتقان كىشىلەر؛ پۇلى كۆپ بولمىسىمۇ، غۇرۇر، ھاياسى بار، قىز-ئاياللىرىغا ياتلارنىڭ كۆز قىرىنى سېلىشىغا يول قويماي، ئار-نومۇسىنى جان تىكىپ قوغداۋاتقان كىشىلەرمۇ نۇرغۇنغۇ؟!

مەيلى كىم بولسۇن، ئۇنىڭ دۇرۇس پۇل تېپىش ئويى، ھالال ھەرىكىتى تامامەن توغرا. يۇرت - مەھەللىنىڭ ئامان - ئېسەنلىكىنى بۇزماي، ئەل- جامائەتنىڭ لەنەت- نەپرىتى، قارغىشىغا ئۇچرىماي، بەلكى ئەل- يۇرتنىڭ قوللىشى ۋە ئىززەت - ھۆرمىتىگە ئېرىشىپ پۇل تېپىۋاتقانلار؛ تاپقان پۇلنى يېتىم - يېسىرلار ئۈچۈن، ئوقۇشسىز قالغان بالىلارنىڭ نورمال، خاتىرجەم ئوقۇشى ئۈچۈن، جامائەت ئىشلىرى ئۈچۈن ئىشلىتىۋاتقان ساخاۋەتچىلەر كۆپقۇ!؟

خوش، ھەسەن چەكەدە، سېنىڭ «بىر بۇردا نانغا زار بولۇپ، ئۆلۈپ قالغىلى تاس قالغان»لىقىڭنىڭ بىرەر ئوبيېكتىپ سەۋەبى باردۇ؟ ئېنىقكى، ئۆز رىزقىغا قانائەت قىلىدىغان، سەۋر - تاقەتلىك، تىرىشچان ئادەمگە يېگىلى نان تېپىلىدۇ، پۇلمۇ تېپىلىدۇ، بولۇپمۇ ھازىرقى كۈندە تېخىمۇ شۇنداق! ئەمگەك بىلەن خوشى يوق، ھارامغا ھېرىس مەست- ئەلەسلەرگە ياخشى كۈن نەدە؟

روھىڭ قورۇنسىمۇ دەپ قوياي، «رەھمەتلىك» ھەسەن چەكەدە! پۇل تاپىمەن دەپ سېنىڭ يولۇڭدا ماڭغان ئادەم سەندەك تراگېدىيىلىك ئاقىۋەتكە قالمىغاندىمۇ، پۇل تاپالمايدۇ! تاپقان تەقدىردىمۇ، تاپقان پۇلى يوقىلاڭ باھانە-سەۋەبلەر بىلەن سورۇلۇپ تۈگەيدۇ! توغرا يول، ھالال ئەمگەكى بىلەن پۇل تاپقانلارنىڭ، ئار - نومۇسى بىلەن ياشاۋاتقانلارنىڭ تېنى ساق، ئۆمرى ئۇزۇن بولسۇن!

(ئاپتور: قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىلىك مىللەت- دىن ئىشلىرى ئىدارىسىدا)



# ئارمانلىق تۇيغۇلار

(چاچما نەسر)



ئىنايەتۇللا قۇربان

## قەدىمىي مەھەللە — زامانىۋى شەھەر

... شۇنداق، دوقمۇشتىكى بوۋامدەكلا ياشانغان قارىياغاچ كېسىلدى. پەسىل قۇشلىرى — يۇرەكلەرگە باھار تېپىملىرىنى ۋىچىرلىشىپ چوقۇپ قويىدىغان قۇشلار، كۆكۈللەرنى ئىستەكلەرگە نوقۇپ قويىدىغان غەزەلخان قۇشلار كۆچۈپ كەتتى. دېرىزىلەر ئەنسىز قارىشىدىغان بولۇۋالدى. يولنىڭ سىرلىق تىۋىشلىرى يۈرەكلەر رىتىمىنى بۇزۇۋەتتى. ئىچىنى تىڭشاپ مۆگدىگەن دەرۋازىلار، ئەسىرلىك يامغۇرلاردا يۇيۇلۇپ، خۇددى ئىزلىرى ئۆچكەن ئابىدىدەك كونىراپ كەتكەن قوش قوۋۇقلۇق ئىشىكلەر ئازايدى. قۇياشنىمۇ كېرەك قىلمايدىغاندەك ۋاللىدە يورۇپ، مەغرۇر كېرىلگەن ئېگىز - ئېگىز بىنالار ئاشۇنداق قەدىمىي قورۇلارنىڭ ئەسىرلىك چۈشلىرىنى چۇۋۇۋەتتى. كۆز ئالدىمىزدا زامانىۋى شەھەر پەيدا بولدى. يېڭىچە ھاياتلىق، تۇرمۇش شەكىللىرى بارلىققا كەلدى. كوچىلاردا چاقماقتەك ئۆتۈشكەن ماشىنىلارنىڭ شامىلىدا قويۇندەك پىرقىراپ توختىيالمىغان كىشىلەر بىر - بىرىگە سوقۇلۇشقا باشلىدى. سانجاق ئادەملەرنىڭ يوللىرى روبىرو، سەپەرلىرى كېسىشكەن، نەزەرلىرى غۇژمەكلەشكەن، تەلەتىدە يىلتىزسىز كۈلكە، كۆزلىرىدە سىرلىق ئەيمىنىش.

چېكىلىپ كۆيۈۋاتقان قۇياشنىڭ بېگىزدەك ئاپتىپىدا بەزىلەر كۈنلۈك كۆتۈرگەن، گاھىلارنىڭ قولىدا مىنېرال سۇ؛ بەزىلەر قوللىرىنى سايىۋەن قىلىپ، يوللىرىدەك تورلىشىپ كەتكەن يۈزلىرىنى ئاپتاپتىن دالدىلاشقان، گاھىلىرى سەللا كەچ قالسا تىمسىقلاپ ئۆزدۇ تاپالمايدىغان ئۆيلىرىدىن قاچىلاپ چىققان داغ چاينى ئاۋايلاپ شۇمۇرۇپ، خۇددى تەقدىرىدەك قورۇلغان گۈلە - قاقلارغا خېرىدار ساقلاپ ئولتۇرۇشقان؛ بەزىلىرى ماشىنىسىدا نەگە بېرىشنى — ئەمدى نەگە بېرىشنى بىلمەي، ئەتراپتىكىلەرگە ئېرەڭسىز كۆز تاشلاپ ئولتۇرۇشىدۇ. گاھىلىرى بېزەڭلەرچە گۈلىيىپ كەلگەن - دېۋمىلەپ تۇرغان ماشىنىلارغا يول بوشىتىش بىلەن ئاۋارە. شۇنداق، شەھەرنىڭ كوچىلىرى ئادەم دېڭىزى — خۇددى غايەت زور چارىلان دەم تارتىپ كېتىۋاتقاندەك، خۇددى قەدىمىي چۆچەكلەردىكىدەك: كۈندە گۈزەل قىزلارنى يېيىش ئۈچۈن، كۆھقاپتەك نەپسىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن تىمىسقىلاپ كېتىۋاتقاندەك ... بۇ يەردىن ھەممىنى تاپقىلى بولىدۇ: گۈزەللىكنى، خۇنۇكلۇكنى، تۇقلۇقنى، شوخلۇقنى، بىچارىلىكنى؛ ئېگىز - ئېگىز بىنالارنى، بىنالار سايىسىگە كۆمۈلگەن كۈلبىلەرنى ... بەزىلەر كۈندە مىڭ رەت ئارمانلىرىنى كۆلدۈرىدۇ، قاندۇرىدۇ، گاھىلار ئارمان قىستاشلىرىغا قىزىرىپ، كۈندە مىڭ قېتىم ئۆلۈپ تىرىلىدۇ، بۇ يەردە.

ئويلاپ باقسام، ئۆزگىرىپ قاپتىمەن: ئاشۇنداق كوچىلاردا سەھەر تۇرىدىغىنى سەن بوپ قاپسەن، كەچ ياتىدىغىنى مەن. نېمە دۇر ئىشلار بىلەن ھامان مەشغۇل بولىدىغىنى سەن، غەيۋەت كۆكىگە ئوت يېقىپ جۆرىدەپ ئولتۇرىدىغىنى مەن. ياماق بولسىمۇ، كونا بولسىمۇ يارىشىپ، ياراشتۇرۇپ كىيۋېرىدىغىنى سەن، پۇت سۇنغۇدەك يوتقان يوق، ياراتمايدىغىنى يەنە مەن. «شۇنىمۇ ئادەم قىلامدۇ» دەپ، «شۇنچىلىك ھەققىمۇ ئۆزرىنى ئۆپرىتامدۇ» دەپ ئاپتاپ سۇنۇپ، بىكار تەلەپ ئولتۇرىدىغىنى مەن. پۇللا بولسا جۆل بولسىمۇ زېرىكمەيدىغىنى سەن ...

ئەسلىدە سەھەرچى مەن ئىدىم. سۇبھىگە نام بەرگەن، شەپەققە ئىزادىن قىزىرىش بەرگەن، ئەزەنگە ئۈن بەرگەن، سەھەر بۇلبۇللىرىغا كۈي بەرگەن مەن؛ «يىللىق ئىشنى باھاردىن، كۈنلۈك ئىشنى سەھەردىن»، «ئەتىگەن تۇرۇپ كەتكەن ئىتمۇ ئاچ قالمايدۇ» ھېكمەتلىرىنى ياراتقان مەن ئىدىم. ئەپسۇس، ئۆزگەرگىنى، يۇمشاۋاتقىنى مەن بولۇپ، ئېھتىمال تەرەققىياتقا يېتەلمەي، تاغىنىڭ ھاۋاسىدەك ئۆزگىرىشلەرگە ئۆزۈمنى تەتبىق ئېتەلمەي قالغاندىمەن ... لېكىن بىلەمسەن؟ مەن ئۇنداق لېيى خام، بېلى بوشلاردىن ئەمەس. مەن زامانغا، زامانىۋى دۇنياغا لايىق ئادەم بولۇش ئۈچۈن تىرىشىمەن. ئىشەنمىسەڭ، ئىختىيارىڭ!

## ئېزىقىش

بۇرادەر، بىزدىكى ئاينىش - ئېزىقىش، تاپتىن چىققان قائىدە - يوسۇنلار، ۋىجدان سۇيىدە سۇغىرىلمىغان ئاتلىق - ئاكىلىق ئىستەكلەر ھەم ئانىلىق تەمەلەر تەقدىرىمىزنى يەنە قانداق قىسمەتلەرگە دۇچار قىلاركىن - ھە!؟ بىزدىكى قاراڭغۇ كوچىلار تەمەلىرىگە قانماي - قانماي سىڭىپ كىرىشلەر؛ بىزدىكى باشقىلار مىراسلىرىغا ئاسانلا ئالدىنىپ سىرغىپ كېتىشلەر؛ بىزدىكى نامى ئۇلۇغ، مېھرى ئوتلۇق سورۇنلارغا باشچىلاپ كىرىپ كېتىشلەر؛ رومكىلار قىستىگە بېرىلىشلەر؛ پۇل ۋەسلى ئۈچۈن سەۋدالىق تۇيغۇلىرىدا تولغىنىشلار؛ نام ئۈچۈن، مەنپەئەت ئۈچۈن ئەرلىك قىسمىدىكى ئاينىشلار، ئاياللىق ئار - نومۇسىدىكى بۇلغىنىشلار ... راستىنلا بىزدىكى ئېزىشلار كۆپكەن، بىزدىكى بۇزۇلۇش، بىزدىكى يۇمشاش كۆپكەن. بىز



ھېكمەت: دۈشمەننىڭ قۇدرىتىدىن قورقماي، خائىننىڭ ھىيلىسىدىن قورق. (ئەسقەر ھوشۇر)

يۇمشاۋېتىپتىمىز، ئىزىمىزدىن ئېزىۋېتىپتىمىز. تەقدىرىمىز شۇڭا بېشى يوق يىلاندەك تولغىنىۋېتىپتۇ. بالىلار شۇڭا بىزدىن ياتلىشىپ كېتىپتۇ. ئاڭلاپ باق، ئۇلارنىڭ ناخشىسى باشقا! قاراپ باق، ئۇلارنىڭ ئىشكوبى باشقا! بەزىلىرى مايلامچى، بەزىلىرى كولامچى، بەزىلىرى بالا ئىشچى، گاھىلىرى غەمسىز بايۋەچچى، گاھىلىرى ئاتىسى بار، ئانىسىمۇ بار يېتىمچى...

شۇنداق بۇرادەر، شۇنداق، بەزى چاغلاردا يوللار ئىزلىرىدىن داجىدى، يوسۇنلار قېلىپىدىن چىقىپ كەتتى. مەسچىتكە بارسا نامازدا تۇرالمايدىغان بولۇۋالدى، تاھارىتى بوشلۇقىدىن؛ مۇسبەتكە بارسا قاتاردا تۇرمايدىغان بولۇۋالدى، قارىسىنى سۇندۇرۇش تەخىرسىزلەكىدىن. ئۆلۈمنىڭ يىغىسىدىن غېيۋىتى ئېشىپ كەتتى، تويىنىڭ شادلىقىدىن غەلۋىسى يوغىناپ كەتتى. بۆشۈك توي، سۈننەت توي بالىلارنىڭ ئىدى، چوڭلارنىڭ بالىلارچە قىلىقلىرىدىن بالىلارغا ئورۇن تەگمىدى. ئەرلەر رومكىغا بىر چاپلاشقانچە تۇرالمىغاچقا، ياكى باشقا رەڭلىك سورۇنلاردىكىدەك بولالمىغاچقا، ئاياللار جۈپ - جۈپ بولۇشۇپ ئۇينايدىغان بولۇپ قالدى. يا ئۇسسۇلغا، يا تانسىغا ئوخشمايدىغان شالغۇتلاشقان قەدەملەر، سىزگورلۇكىدىن بوشىنىپ غىتىلدىغان بەدەنلەر، «دىسكو» دېسە سەل كەلگەندەك يامراپ كېتىدىغان بوغماق- بوغماق تەنلەر ... توۋا دېيمەن، كىشىلەرنى نېمە قىلىۋەتتىڭ دۇنيا؟! بىر قېرىندا ياتقانلارنى بىر قورۇدا تۇرالماس قىلىۋېتىپسەن، توزۇتتۇپسەن، پۇل ئۇچۇن؛ ئانىنىڭ قورسىقىغا پاتقانلارنى ئالەمگە سىغمايدىغان قىلىۋېتىپسەن، پۇل ئۇچۇن؛ پادا باققاندا دوست بولغانلارنى ياڭاق چاققاندا ئايرىپسەن، يەنە پۇل ئۇچۇن؛ ئوت كەلسە سۇ بولۇپ چېچىلغانلارنى، چاقماق چۈشسە قالقان بولۇپ يېپىلغانلارنى، توڭلىسا ئوت بولۇپ ئىسسىتقانلارنى، ئۇسسىسا يۈرەكىدىن ئۇسسۇزلۇق تۇتقانلارنى، ئاشۇنداق قېرىنداشتىن قەدىرلىك بولغانلارنى شەيتان بازىرىغا باشلاپ رەقىب قىلدىڭ، يەنە شۇ مەنپەئەت ئۇچۇن، پۇل ئۇچۇن؛ يۈرەكلەرنى شەيتان سېھرىدە غىدىقلىسا قاراپ تۇردۇڭ دۇنيا، ئەقىللىق كۆزلەرنى سېھرى بىلەن باغلىسا ماقۇل كۆردۈڭ دۇنيا. ئۇنىڭ تويىماس تەممەسىگە، قەستىگە تايىماس ۋىجدانلارنى، بۇزۇلماس قىسمەتلەرنى، يۇمشىماس ئىرادىلەرنى تاشلاپ بەردىڭ دۇنيا، تاشلاپ بەردىڭ. يۇمشاپ بەرسۇن دەپ، ئېزىپ بەرسۇن دەپ، ئەقىدىسىدىن، ئەسلىدىن تېزىپ بەرسۇن دەپ. ئەنە شۇنىڭدىن يۈرەكلەرنىڭ ۋىجدان تومۇرى قۇرىدى، ئېتىقادنىڭ ئوتلۇق تىلىكى سوۋۇدى، قىسمەتلەردە تىغدەك مەنە بولمىدى. بىر تىزىققا تىزىلغان بەختلەر چېچىلدى. شەيتانسۈپەت مەقسەتلەر شۇنىڭدىن ئېچىلدى. ئۆز يۇشتىدىن تامغانلاردىن تايدى، بەزىلەر شۇڭا؛ ئۆز قۇۋمىدىن بولغانلاردىن چاندى، بەزىلەر شۇڭا؛ ھالال ئىشلەپ ھاللاندى، سادىلىقىدىن شاللاندى، سەبىلىكىدىن قارىلاندى، بەزىلەر شۇڭا. يېتىم قىز سۇغا چىقسا دەريامۇ قۇرۇپ كەتكىنىدەك، ئۆزلىرىنىڭ ئانىدىن تۇغما زۇۋانىدىنمۇ، ئالەمدە تەنها ئۇستۇۋېشىدىنمۇ، داستان - داستان بولغۇدەك شۆھرەتلىك ئىشلىرىدىنمۇ ياتلاشتى، بەزىلەر شۇڭا. خۇددى باشقىلارنىڭ تېغىدا ساپلا گۈلدەك، باشقىلارنىڭ بېغىدا سانجاق مېۋىدەك. «قوشنامنىڭ قوش كۆرۈندى». باشقىلارنىڭ ھەممە نېمىسى گۈزەل كۆرۈندى، ئېسىل بىلىندى. «ئۆي يەكلىگەننى ئەل يەكلەپتۇ»، ئۆزۈڭنى ئۆزۈڭ يارىتىمساڭ، باشقىلارنى ئۆزۈڭگە ئۆزۈڭ قاراتمىساڭ، دەسسەپ تۇرغان يېرىڭدە نېمە بار ئۆزۈڭ قازمىساڭ، تارىختىكىدا قانداق ئىز بارئۆزۈڭ ئاچمىساڭ، ئۇلۇغلۇقىڭنى ئۆزۈڭ ياراتقان، ئۆزۈڭ نۇرلاندۇرمىساڭ... كىم سېنى قۇياش كۆرۈپ كۆككە كۆتۈرىدۇ؟! كىم سېنى تاغلىرىڭدەك ھەيۋەت بىلىپ بويىلاپ قارايدۇ!؟ ھەممىنى تىلەۋەرمە، ئۆزۈڭدىمۇ يېتەرلىك قۇۋۋەت بارغۇ، ھېلىمۇ تىلەمچىلەر كۆپىيىپ كەتتى. سورىساڭ، بەزىلەر مەسلىھەت بېرىدىكەن ئۆزى بىلەن تەڭ كۆرۈپ سېنى؛ بەزىلەر ئۇستاز بولۇۋالىدىكەن شاگىرت بىلىپ مەڭگۈ سېنى ...

ھايات كوچىلىرىمىز ئاشۇنداق بولۇپ قالدى. «سۇ سايغا، پۇل بايغا» ئاقىدىغان بولدى. پۇل، بايلىق بىلەن ئۆزىنى بىلەلمىگەنلەر توقلۇقتىن شوخلۇق قىلىدىغان بولۇپ قالدى، قاراڭغۇ كېچىلەر قىنىشلىرىغا تاللاپ ھۇزۇرلىنىدىغان بولۇپ قالدى. «قۇرۇق گەپ قۇلاققا خۇشياقماس»، «قۇرۇق گەپكە مۇشۈك ئاپتاپقا چىقماس» بولۇپ قالدى. نەپلىك گەپكە، پو گەپكە، ئېپى بار گەپكە قۇلاقنى ياقىدىغان بولدى بىرتۇركۇم كىشلەر. قاقشىما گەپتىن، ياشلىما گەپتىن پېشنى قېقىپ قاچىدىغان بولدى بىرتۇركۇم كىشلەر. «قېرىنداشتىن قارنىم ياخشى» بولۇپ، «ملڭ ئېغىز كاپ - كاپتىن، بىر ئېغىز چېچچاپ ياخشى» بولۇپ قالدى. شۇڭا، كىشلەر قېرىنداشلىقنى، دوستلۇقنى پۇل بىلەن، نەپ بىلەن دەڭسەيدىغان بولۇپ قالدى. تالاي - تالاي ئىشلارنى ئاشۇنىڭ بىلەن ئۆگشايدىغان بولۇپ قالدى. بەزىگە قاراپ تۇرماقتىن باشقا ئامال بولمىدى، بەزىنى ماختاپ تۇرماقتىن باشقا چار بولمىدى، بەزىگە قاقشاپ تۇرماقتىن نېرى چارە تېپىلمىدى، بەزىنى تاشلاپ تۇرماقتىن باشقا ئامالغا كۆز يەتمىدى... ئىشلار نېمە بوپكەتكەن دۇنيا؟ مەن ياشاشنىڭ ئېپىگە كىرەلمىدىممۇ! ياكى ئەپلىك يوللار مېنى تاللاۋاتامدۇ!؟

مەنمۇ مەن - مەن دېگۈچىلىكى بارلاردىن ئىدىم. تىلى قىيادەك مەزمۇت ئىدىم، قىياغا ئۇرۇلغان دولقۇندەك تاراشلاندىم. تاغدەك ئۇيۇل - مەزمۇت ئىدىم، قۇمدەك خۇيۇم بىلەن شامالالارغا توزغاقلاندىم. سەن يېڭى - يېڭى ئارمانلىرىڭنى ئويلايسەن، مەن پەقەت ھەۋەس قىلىپ ساڭلا قارايمەن. قويغان باھاسىغىلا سودا قىلىپ، ھاجىتىڭنى تېز پۈتتۈرىدىغىنى سەن؛ سودا ئۇچۇن باھا تالىشىپ، يىگىننىڭ كۆزىدىن ملڭ كىرىپ چىقىدىغىنى مەن؛ ساختىلىق قاپلىغان دۇنيادا ھەممىنىلا ساختا دەپ قاراش كېسىلى ماڭا چاپلاشقان، شۇڭا ھەممىنىڭ باھاسىنى تالىشىمەن. دېمىسىمۇ يېڭى بىر بۇيۇم بازارغا كىرىپ بولغۇچە، ساختىسى تەڭ قاپلايدۇ بازارنى. ساختىلىرىنى يىغىپ بولغۇچە، كۆيدۈرۈپ بولغۇچە، ساختا ئىشلەيدىغان «ھەققىي» زاۋۇتلار يەنە مەھسۇلات چىقىرىپ بازارنى تەمىنلەپ تۇرىدۇ. ئاشۇنداق تۆكمە بازاردىمۇ، كۆركەم بازاردىمۇ ئايرىيالماي، بىرىگە



قەلب ئىزھارى: غۇرۇرلۇق مۇھەببەتتىن ئۈستۈن تۇرالىشى كېرەك، بولمىسا، ئادەمىيلىك قىممىتىڭ تۆۋەنلەپ كېتىدۇ. (ئاينۇرەم)

بولمىسا بىرىگە ئالدىنىۋاتقىنى مەن، گەپ قىلالماي گۆللىنىۋاتقىنى مەن، داپقۇر ـ داپقۇر قويۇلۇپ كېتىۋاتقىنى مەن. شۇڭا، ئۇيقۇم بۇزۇلىدىكەن مېنىڭ، شۇڭا چۈشلىرىم كۆپكەن مېنىڭ. شۇڭا، سەھەر تۇرالمايدىغىنى مەن بوپقالدىم. سەھەر ماڭا باقمايدىغان بولۇپ قالدى، مەن سەھەرگە قانمايدىغان بولۇپ قالدىم.

## بۈيۈك ئارمان

داڭلىق ئىشلىرىم كۆپ مېنىڭ، داڭلىق يېمىشلىرىم كۆپ. داڭلىق ياراتمىلىرىم، قازمىلىرىم، يازمىلىرىم كۆپ. پولۇ بىلەن مەن دۇنياغا ئاتالغان، كاۋاپ بىلەن مەن دۇنيادا داڭق قازانغان. ئەجدادلار بىزگە ئاشۇنداق سەھەر تۇرۇشنى، سەھەردىن، باھاردىن ئىش ـ ئوقەتنى باشلاشنى، قولدەك ئىشلەپ، بەگدەك ياشاشنى ئۆگەتكەن. پولۇنى چوڭ لېگەنلەردە ئىلىك ـ ئىلىكى بىلەن گۆشنى بېسىپ، قاملاپ يېيىشنى ئۆگەتكەن. پاقلان گۆشنى پۈتۈن يېيىشنى، قىرقىمىغان ئوغلاق گۆشنى دورا قىلىشنى؛ تونۇر كاۋاپ، دۇملىمە كاۋاپ، تاۋا كاۋاپ، قىيما كاۋاپ، بەل كاۋاپ، دۇمبە كاۋاپ، ئۈچەي كاۋاپ، جىگەر كاۋاپ، بۆرەك كاۋاپ، جاڭگال كاۋاپ ... تۈرلۈك ـ تۈمەن كاۋاپ خىللىرى بىلەن ئوزۇقلىنىشنى، ھۇزۇرلىنىشنى، قۇۋۋەتلىنىشنى ئۆگەتكەن. شۇڭا، مەن بىر چاغلاردا سەل كەلسە توغرا تۇرغانىدىم، ياۋ كەلسە يەر چىشلەتكەنىدىم، شىر كەلسە ھۈرپەيگەنىدىم، يولۋاس بىلەن ئېلىشىپ قانمىغانىدىم، ياۋا توڭگۇز بىلەن چېلىشىپ يانمىغانىدىم. يىگىتلىك پوتىسىنى بەلدىن يەشمەي باغلىغانىدىم، يىگىتلىك نامىنى ئەلگە بەرگەن ۋەدەمدە، ئەقىدەمدە ئاقلىغانىدىم.

ئەمدىچۇ؟ مەن يېيىشتىن قالدىم، چېلىشىشتىن قالدىم، قېنىشتىن قالدىم. پوتا باغلاپ چىنار سۈپەت تۇرۇشتىن قالدىم، ئات چاپتۇرۇپ قۇيۇن كەبى يورۇشتىن قالدىم. ئارمانىمغا يېلىنىدىغان بولۇپ قالدىم، سايەمگە يۈكۈنىدىغان بولۇپ قالدىم. ھايات رىتىمىنىڭ دەۋر قەدەملىرىگە يېتىشەلمەسلىكى بەلكى بۇنىڭ سەۋەبىدۇر ياكى «جاھان ساڭا باقمىسا، سەن جاھانغا باق» دېگەن ئەجداد ھېكمىتىگە قېيداپ قىلىۋاتقاندىمەن. سەۋەب كۆپكەن ھەر ئىشتا. ھۇرۇنلۇقتا غەم كۆپەيىدىكەن، خىيال تۈگىمەيدىكەن؛ نامراتلىقتا قائىدە ـ يوسۇن تولىلايدىكەن. توي دېسە، چاي دېسە قاتراپ تۇرالمايدىغانلار كۆپەيدى يەنە بىزدە؛ بالا مەكتەپكە پۇل دېسە قاچىشىپ توختىمايدىغانلار كۆپەيدى يەنە بىزدە؛ بالىلىرىنى ئوقۇشسىز تاشلاپ، تويسىز تۇل ـ بويتاق تاشلاپ، يېتىم ـ يېسىر، ئاجىزلارنى يۆلەكسىز تاشلاپ، ھەج ـ ھەرەم تەمەسىدە بولىدىغانلار كۆپىيىپ قالدى يەنە بىزدە؛ ئىچىدىغانلار، چېكىدىغانلار، تاپتىن چىقىپ قاندىغانلار، ئاشۇنداق تۇرمۇش يولىنى تەمە قىلىدىغانلار كۆپىيىپ قالدى يەنە بىزدە؛ بىزدە يەنە ئاتىسى بار، ئانىسى بار يېتىملەر كۆپىيىپ قالدى؛ بىزدە يەنە جاھانغا تۆۋرۈك بولىدىغان ئوغۇللار بىر ئائىلىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدىغان بولۇپ قالدى. ئانىلىق ئىزىدىن تۆرلىپ، پەرىشتە سۈپەتكە يۈگىنىپ، ئالەمگە گۈزەللىك تېتىملىرىنى بېرىدىغان قىزلار ئەجدادلارنىڭ شەرم ـ ھايا يولىنى تۇتالمايدىغان بولۇپ قالدى. ئەل ئىچىدىن چاقناپ چىقىپ، ئىلىم كۆكىدە، پەن يولىدا، ئەجداد ئىشقىدا، ئەجداد ئىزىدا ئاجايىپ شۆھرەتلەرنى يارىتىۋاتقانلارنى ئۇدۇم قىلىپ كۆرسەتسىمۇ، ھالال ئىشلەپ، ئۆز ھاجىتىنى قاندۇرۇۋاتقانلارنى ئۆرنەك قىلىپ بوينىغا ئېسىپ قويسىمۇ، ئۆزىنىڭ ئەسلى پەزىلىتىنى، بالىلىق مەجبۇرىيىتىنى، ئانىلىق ئۇلۇغلۇقىنى، ئاتىلىق مەسئۇلىيىتىنى تونۇپ يېتەلمەيدىغانلار كۆپىيىپ قالدى يەنە بىزدە.

«بازار» دېسە، نېمىكەن دەيتىمەن! ئىنسانلار ھەممە تەئەللۇقاتىنى بازارغا تۆكۈۋەتكەندەك، ھەممە تەقدىر ـ قىسمەتلىرىنى بازارغا باغلىۋەتكەندەك، بازار ھەممىنى تەڭشەپ قويىدىغاندەك، «ئاناڭ بازار، ئاتاڭ بازار» بولۇپ كېتىپتۇ. كۈلگەنلەرمۇ مۇشۇ يەردىكەن، كۈلكىسى خۇددى ئۆزلىرىدەك سوغۇلغانلارمۇ مۇشۇ يەردىكەن. «ئېگىز تاغقا چىققاندا، قولىڭىزدىن مەن تارتاي؛ بار ئويۇننى سىز ئويناڭ، دەردىڭىزنى مەن تارتاي» دېگەن ناخشىلارمۇ شۇ يەردىكەن. ھەي بازار، ھەي بازار!

جاھان بەك تېز ئۆزگىرىپ كەتتى، دۇنيا بەكلا تېز تەرەققىي قىلىپ كەتتى. يېتىشەلمىدىم، ئۆزۈمنى ئوڭشاپ بولالمىدىم، دەڭسەپ بولالمىدىم. تۈگىمەس غەملىرىمنىڭ تۈۋىگە يېقىلدىم، ئۈچى چىقماس خىياللىرىمغا بۆلۈنۈپ يۈردۈم، ئارمانلىرىمنى قاندۇرالمىدىم. دەرمانسىزلىقىمدىن، ئامالسىزلىقىمدىن دەمبەمگە چىقىر ئاپتاپ ئىزدىگەندەك مۆكۈنۈپ ئولتۇرىدىغانلا بولۇپ قالدىم. ئولتۇرغان يېرىمگە چوكۇپلا قالىدىغان بولدۇم. ئېچەك يۆلەپ باشقىلارنىڭ ماڭغان يوللىرىغا، پۇل تۇتقان قوللىرىغا، بەرىكەتلىك داستىخانلىرىغا، كەلگەن يوللىرىغا، كۈلگەن ئارزۇلىرىغا، ئالغان لازىمەت ـ سوۋغاتلىرىغا، تۇرۇپ يېگەنلىرىگە، داپقۇر كېيگەنلىرىگە قاراپ قالىدىغان بولدۇم. يەرشارى ئايلانماي توختاپ تۇرسا دەيمەن، قۇياش ئۆزىنى ماڭىلا ئاتاپ، سايەلىرىمگە ئۆزىنى قاقلاپ تۇرسا دەيمەن؛ ۋاقىت يەنە ئازراق توختاپ تۇرسا ئۆزۈمنى بىر پەس ئوڭشىۋالسام دەيمەن. ئېقىندىن قاچقان سۇلارنى جىراغا جورىۋالسام دەيمەن؛ ئېزىققان يوللارنىڭ بېشىنى ئىزىغا سالسام دەيمەن؛ توقلۇقتىن ئۆزىنى بىلمىگەنلەرنى پېشىنى تارتىپ قويسام دەيمەن؛ شوخلۇقتىن قانمىغانلارنىڭ نەپسىنى داغلاپ قويسام دەيمەن؛ ئەخلاقنى بۇلغىغانلارنىڭ قەدىمىنى باغلاپ قويسام دەيمەن؛ ھەممىنىڭ ئىززەت ـ نەپسىنى، ئوبرازىنى قوغداپ قالسام دەيمەن.

ۋاقىت يەنە بىر مەزگىل ساقلاپ تۇرسا قانداق ياخشى ئىدى ـ ھە! كالام تۇغدى موزىيى چوڭ بولسا سېتىۋالسام، بالامنى مەكتەپتە ئوقۇتۇۋالسام، چوڭىنىڭ تويىنى قىلىۋالسام؟ يامغۇرغا يېلىنىپ يۆلىنىپلا قالغان ئۆيلىرىمنى ئوڭشىۋالسام، يەنە نۇرغۇن ـ نۇرغۇن ئىشلىرىمنى، چۈشلىرىمنى ئوڭشىۋالسام ...

(ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىدا ئوقۇتقۇچى)



ھېكمەت: قانداق چاغدا يىغلاش بىلەن كۈلۈشنى بىلمىگەن كىشى ئۆز قەدىر ـ قىممىتىنى دائىم يوقىتىپ قويىدۇ. (ئىسقەر ھوشۇر)

# چىرىك ـ چىرىك مارجانلار



مېھرىگۈل راخمان

## ۋاقىت

قانداقتۇر بىر ئىشقا ئىچى پۇشقان ئادەمدەك «چىك ـ چىك ـ چىك...» قىلىپ چىكىلداۋاتقان ۋاقىت ئىسترېلكىسىغا ئىزتىراپلىق خىياللار ئىلكىدە پۇچۇلانغىنىمچە نىدا قىلدىم:

ـــ سەن ھەممىگە قادىر سېھرىي كارامىتىڭ بىلەن كۈن، ئاي، يەسىل، يىللارنى ۋە ئىنسانىيەتنى ئۆزۈڭ بىلەن تەڭ يۈگۈرتىسەن! مەن يۈگۈرۈۋېرىپ ھاردىم، ماغدۇرسىزلاندىم... سەنمۇ ھېرىپ كەتكەنسەن، بەلكىم. ماڭا شەپقەت قىلىپ، بىر پەس توختاپ تۇرغىن! مەن ساڭا يېتىشۋېلىپ، بىھۇدە ئۆتۈپ كەتكەن كۈنلىرىمنى مەنىلىك، ئەھمىيەتلىك ئىشلار بىلەن يېڭىۋاشتىن تولدۇرۇۋالاي، ئارزۇ ـ ئارمانلىرىمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇۋالاي. كەتكۈزۈپ قويغان پۇرسەتلىرىمنى تولۇقلىۋالاي!...

ۋاقىت ئىسترېلكىسى جاراڭلىق ئاۋازى بىلەن مۇنداق جاۋاب بەردى:

ـــ مەن سەندەك ھورۇنلارغا شۇنداق تاش يۈرەك يارالغانمەن! سېنىڭ يارامسىزلىقىڭغا قاراپ ئىچىم پۇشۇپ «چىك ـ چىك ـ چىك...» قىلىۋاتقىنىمنى بىلمىدىڭمۇ؟! ئەقلىڭ بولسا، سەن ماڭا يېلىنماي، ئۆز تىرىشچانلىقىڭغا تايانغىن. مۇنداق بىر ھەقىقەت ئېسىڭدە بولسۇنكى، مەن توختىيالمايمەن، ئەبەدىلئەبەد توختاپ تۇرمايمەن!...

مەن ۋاقىت بىلەن تەڭ مېڭىشقا ئىرادە قىلغان بولساممۇ، لېكىن بىردەملىك شېرىن چۈشنىڭ ئىسكەنجىسىدىن ئويغانغىنىمدا، ۋاقىتتىن پەقەت بىر چامدام كېيىن قالغانلىقىمنى بىلدىم. ئەمما، ھەرقانچە يۈگۈرۈپمۇ ئاشۇ بىر چامدامدىن ھالقىيالمىدىم.

دوستۇم، سەن ۋاقىتنىڭ تېز ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىقىغا ئۆكۈنمەي، ئۆزۈڭنىڭ ۋاقىتنى بىھۇدە ئۆتكۈزۈۋاتقانلىقىڭغا ئۆكۈن. چۈنكى، ۋاقىت توختاپ تۇرمايدۇ، كەتكۈزۈپ قويغان ۋاقتىڭ مەڭگۈ قايتىپ كەلمەيدۇ، شۇنداقلا ئۇ سېنىڭ ھاياتىڭنى، ئۆمرۈڭنى بىللە ئېلىپ كېتىدۇ... ئوت يۈرەك شائىر ل. مۇتەللىپ شۇنداق دېگەن:

«ۋاقىت ئالدىراڭغۇ، ساقلاپ تۇرمايدۇ،
يىللار شۇ ۋاقىتنىڭ ئەڭ چوڭ يورغىسى.
ئاققان سۇلار، ئاتقان تاڭلار قايتىلانمايدۇ،
يورغا يىللار ئۆمۈرنىڭ يامان ئوغرىسى...»

بەزىلەر بۈگۈننىڭ قەدرىگە يەتمەي، ئەتىسگە تەلمۈرۈپ كۈن ئۆتكۈزىدۇ. بۈگۈن بىلەن ئەتە ئالماشقاندا، بىھۇدە ئۆتۈپ كەتكەن تۈنۈگۈنى ئۈچۈن ھەسرەت چېكىدۇ. شۇنداق، بۈگۈن بىلەن ئەتە ئوتتۇرىسىدىكى بىردەملىك تېڭىرقاش پۇشايماننىڭ مۇقەددىمىسى بولۇپ قالىدىغانلىقىنى ھېس قىلغىنىڭدا بەكمۇ كېچىككەن بولىسەن. ۋاقىتنى كۆرەي دېسەڭ كۆرەلمەيسەن، قول بىلەن تۇتاي دېسەڭ تۇتالمايسەن. لېكىن، سېنىڭ غەلىبە بىلەن كۈلۈشۈڭ ۋە مەغلۇبىيەت بىلەن ھەسرەتلىنىشىڭ ۋاقىت بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان.

سەن باشقىلارغا ھەسەت قىلىدىغان ۋاقتىڭنى ئۆزۈڭنى چۈشىنىشكە سەرپ قىل، ئاندىن قانداق ياشاشنى بىلەلەيسەن.

## سەن ۋە مەن

سەن ئۆزۈڭنىڭ قەدىرسىز بولۇپ قالغانلىقىڭدىن زارلانما، چۈنكى ئۆزىنى قەدىرلەشنى بىلمىگەن ئادەم باشقىلارنىڭ قەدىرلىشىگىمۇ ئېرىشەلمەيدۇ. مېنىڭ يىگانىلىقىم ھەرگىزمۇ ياخشى دوست تاپالمىغانلىقىمدىن ئەمەس، بەلكى ھەقىقىي دوستلۇقنى قەدىرلەيدىغان پاك قەلب ئىگىسىنى تاپالمىغانلىقىمدا.

مەن قەلب دەرۋازاڭنىڭ بوسۇغىسىدا تىلەمچىلەرگە خاس بىچارىلەرچە تۇرغىنىمدا، سەن ماڭا مەن كۈتكەن پاك مۇھەببەتنى ئەمەس، بەلكى تۈگىمەس ئازاب ـ ئوقۇبەت سەدىقە قىلدىڭ.

سەن چىرايلىق ئېچىلغان گۈلنىڭ يېنىغا بارغىنىڭدا، ئۇنىڭ ئۆتكۈر تىكەنلىرىدىن زارلىنىپ ئارقاڭغا بۇرۇلدۇڭ. لېكىن، بىراۋ ئۇ گۈلنى ئاۋايلاپ ئۈزۈپ، ئۇنىڭ خۇش ھىدىدىن لەززەتلەنگەندە، سەن ئۇنىڭغا ھەسەت قىلدىڭ.

مەن سۆيگۈ ئىزدەپ سەرسان بولغىنىمدا، سەن مېنى سۆيگۈ قەلەندەرى دەپ مەسخىرە قىلدىڭ. ئەپسۇسكى، ھەقىقىي سۆيگۈنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىغانلارنىڭ قانداق ئاتىلىدىغانلىقىنى سەن ئۆگەنمىگەن ئىدىڭ.



ھېكمەت: ئاتوم بومبىسى چۈشكەن جاينىڭ تۇپرىقى ۋەيران بولسا، يىتتە ـ يىلىك بومبىسى چۈشكەن جاينىڭ خەلقى ۋەيران بولىدۇ. (مەرتجان غېنى)

چۈشىنىش باشقا گەپ، ياخشى كۆرۈش باشقا گەپ. سېنى چۈشەنگەنلا ئادەمنىڭ ساڭا مۇڭداش، سىرداش، قولداش بولالىشى ناتايىن. لېكىن، سېنى ياخشى كۆرگەن كىشى ئاقىۋەتتە ساڭا چىن مۇڭداش، سىرداش، قولداش بولالايدۇ ھەمدە سېنىڭ بارلىق سەۋەنلىكلىرىڭنى كەچۈرۈۋېتەلەيدۇ.

## قەلب تەرسىلىرىم

● تۇرمۇش ئۆركەشلەپ ئېقىۋاتقان دەريا. سەن شۇ دەريانىڭ تامچىسى. دولقۇنلار ئەۋجى سېنى بەزىدە كۆتۈرىدۇ، بەزىدە چۆكتۈرىدۇ؛ قايناملار سېنى ئۆزلىرى بىلەن چۆرگىلىتىدۇ، پىرقىرىتىدۇ؛ بەزىدە سېنى قىرغاقلارغا ئاپىرىپ تاشلارغا شىددەت بىلەن ئۇرسا، بەزىدە تېرەن جايلىرىغا چۆكتۈرۈۋېتىدۇ. سەن مۇشۇنداق جەريانلاردىن زارلانماسلىق ۋە تىرىشىپ- تىرماشساڭلا، بايلىق دەرياسىدىن جاۋاھىرلارنى سۈزگۈچى غەۋۋاس بولۇپ چىقىسەن.

● مۇھەببەت ئۆز مەنزىلىگە يېتىپ بېرىپ، ئۆز ئىسمىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالدى. شۇ سەۋەبتىن، ئۇ چەكسىز ئازاپ، كۆز يېشى ۋە پۇشايماندىن باشقا ھېچنېمىگە ئېرىشەلمىدى.

● سەن كۆرلىرىمدىن ئۆزۈڭنىڭ سىيماسىنى ئىزدىمەي، ئوتلۇق يۈرىكىمنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىن ئورۇن ئالغان مۇھەببىتىڭنى ئىزدىگىن.

● مۇھەببەت تولىمۇ سىرلىق ھەم گۈزەل. ئەمما، ۋىجدان ئەھلى ئۆز ئۆمرىدە پەقەت بىرلا كىشىنى ھەقىقىي ياخشى كۆرەلەيدۇ.

● مەن گۈلنىڭ خۇشبۇي بەرگلىرىگە قونىدىغان كېپىنەكلەرنىڭ گۈلنىڭ نازۇك تىكەنلىرىگە قونغىنىنى زىنھار كۆرمىدىم.

● بۇلبۇلنىڭ ئىشق شاھى ئىكەنلىكىدىن ئەبەدىي گۇمانلانمايمەن، چۈنكى ئۇ ئەزەلدىن توزۇغان گۈل ئۈچۈن سايرىغىنى يوق.

● ھاياتىمنىڭ ئۇنسىز ئۆكسۈشلىرى جىسمىڭنى تەۋرىتەلمەيدۇ. بىراق، روھىڭ ئاشۇ ئۆكسۈشلىرىمنىڭ شاھىدى. شۇ سەۋەبتىن، سېنى پۈتۈن ۋۇجۇدۇمدىكى ئازابلىرىم بىلەن سۆيىمەن.



● گۈل ئۆزىنىڭ تىكىنى بولغاچقىلا قەدىرلىكتۇر. ھەممىلا ئادەمنىڭ گۈلنى ئۈزۈۋېلىپ ھۇزۇرلانغۇسى كېلىدۇ، لېكىن بەزىلەر تىكەندىن قورقۇپ، گۈل ۋەسلىگە يېتەلمەيدۇ. ھالبۇكى، جاسارەتلىك، پەملىك ئادەملەرلا تىكەننىڭ ئازابلىرىغا بەرداشلىق بېرىپ، گۈلدىن بىر ئۆمۈر ھۇزۇرلىنىشنى بىلىدۇ.

● مۇھەببەت ئۆز مەنزىلىنىڭ يىراقلىقى ۋە يولىنىڭ ئەگرى- توقايلىقى بىلەن قىممەتلىك ھەم شېرىن. مۇھەببەتنى ھەممىلا ئادەم تەرىپلىشىدۇ. بىراق، ئېغىر سىناقلارغا بەرداشلىق بېرەلىگەن ئادەملا ھەقىقىي مۇھەببەتنىڭ مەنزىلىگە يېتەلەيدۇ.

● سەن تۇرمۇشتىن ھەرقانچە بىزار بولساڭمۇ، يەنىلا قەددىڭنى كېرىپ ياشىشىڭغا توغرا كېلىدۇ. چۈنكى، تۇرمۇش شارابى ھەم ئاچچىق، ھەم تاتلىق. سەن ئۇنىڭ ئاچچىق تەمىنى تېتىغان ۋاقتىڭدا، تۇرمۇشنىڭ گۈزەللىكىنى ۋە تاتلىقلىقىنى ئاندىن ھېس قىلىسەن. ئەپسۇسلىنارلىقى شۇيەردىكى، سەن ئۇنىڭ ھەقىقىي قەدرىگە يېتەلمەستىن بۇ دۇنيا بىلەن خوشلىشىسەن.

● سەن ھايات خۇشاللىقىنى ئۆزگىلەردىن، ئۆزگىلەرنىڭ بىساتىدىن ياكى ۋۇجۇدىدىن ئىزدىمەي، ئۆز روھىڭ، ئۆز ۋۇجۇدۇڭدىن ئىزدە. چۈنكى، بارلىق خۇشاللىق ئۆز روھىڭغا، ۋۇجۇدۇڭغا، ئۆزلۈكۈڭگە يوشۇرۇنغان بولىدۇ.

● ئېرىشىش ئۈچۈن ۋاز كېچىشكە توغرا كېلىدۇ. ئۇنىڭدىنمۇ، بۇنىڭدىنمۇ قۇرۇق قالماسلىقنى ئويلاپ، «ئىككى ئاتقا بىرلا ۋاقىتتا تەڭ مىنىمەن» دېيىش، قۇربانسىز غەلىبىگە، بەدەلسىز ئىستىقبالغا ئېرىشىمەن دېيىش نادانىنىڭ ئىشىدۇر. «ئىككى ئاتقا بىرلا ۋاقىتتا تەڭ مىنىمەن» دېگەن ئادەم ئاخىرقى ھېسابتا ھەر ئىككى ئاتتىن قۇرۇق قالىدۇ.

● سەن ئۇنى سۆيۈشتىن ئىلگىرى، ئۇنىڭ سېنى سۆيىدىغان ياكى سۆيمەيدىغانلىقىنى بىلىشىڭ زۆرۈر. ئۇنداق بولمىغاندا، سەن ھامان بىر كۈنى سۆيگۈنىڭ ئەھمىيەتسىز قۇربانىغا ئايلىنىپ قالىسەن.

● سەن ئۇنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى سۈرۈشتە قىلىشتىن بۇرۇن، ئۆزۈڭنىڭ كەچۈرمىشلىرىڭ ئۈستىدە ئەسلەپ باق. چۈنكى، ئىنسان بولىدىكەن، ھاياتلىق بولىدۇ، ھاياتلىقتا چوقۇم كەچۈرمىش مەۋجۇت.

● سەمىگدە بولسۇنكى، باشقىلارنى ئويۇنچۇق قاتارىدا كۆرۈپ مۇئامىلە قىلساڭ، ئاقىۋەتتە ئۆزۈڭمۇ باشقىلارنىڭ ئالدىدا ئويۇنچۇققا ئايلىنىپ قالىسەن. چۈنكى، بۈگۈن مەن سېنىڭ ئويۇنچۇقۇڭ بولسام، قاراپ تۇر، ئەتە سەن باشقىلارنىڭ ئويۇنچۇقىغا ئايلىنىسەن. كونىلارنىڭ «بۇ ئۆتنە ئالەم» دېگىنىنى ئۇنتۇپ قالما!

● سېنىڭ ئەڭ خەتەرلىك دۈشمىنىڭ كىم ۋە نېمە؟ بۇنى بىلەمسەن؟ سەن ئۆز دۈشمىنىڭنى ئەتراپىڭدىن ئىزدىمە، بەلكى ئۆزۈڭدىن ئىزدىگىن. چۈنكى، سېنىڭ تىلىڭ بارلىق سىرلىرىڭنى ئاشكارىلاش ئارقىلىق ئۆزۈڭگە دۈشمەنلىك قىلىدۇ.

(ئاپتور: يەكەن ناھىيە «مېھرىبان كومپيۇتېر مۇلازىمەت ئورنى»دا)

قەلب ئىزھارى: نېمىنىڭ نومۇس ئىكەنلىكىنى بىلمىگەن ئادەم، نېمىنىڭ غۇرۇر ئىكەنلىكىنىمۇ بىلمەيدۇ. (ئەركىن ئابدۇرېھىم تەرىما)

# ئۆزگىچە

مۇساجان يۇنۇس

ئەي بۇرادەر، جاھانغا قاراشلىرىڭ ئۆزگىچە،
بىلىپ ھەركىم پەيلىگە ياراشلىرىڭ ئۆزگىچە.
بىراۋلارغا گىدىيىپ، بىراۋلارغا يېلىنىپ،
بەزى سەمرىپ، بەزىدە ياداشلىرىڭ ئۆزگىچە.
يېتىش ئۈچۈن مەقسەتكە، ئالىلىنىپ كەش. يېتەككە،
تاشلاپ بەرگەن سۆڭەكنى غاجاشلىرىڭ ئۆزگىچە.
ئايرىماي ئاق ـ قارىنى، بۇلبۇلدۇر دەپ قاغىنى،
بىرنى بۇ بىر دېگەننى ساۋاشلىرىڭ ئۆزگىچە.
تېپىپ ئېزىز داداڭدىن، چېنىپ ئۇلۇغ ئاناڭدىن،
تەخسە، تاۋاق ئاستىنى يالاشلىرىڭ ئۆزگىچە.
كۆرمەي تۇرۇپ سېمىزنى، سۇرۇپ يولۇ پەيزىنى،
چاچلىرىڭنى «توي» ئۈچۈن تاراشلىرىڭ ئۆزگىچە.
ياخشىلىققا مۇشت ئېتىپ، رەزىللىككە تۆش يېقىپ،
ئادىمىلىك خىسلەتتە ياداشلىرىڭ ئۆزگىچە.
ئۆز ـ ئۆزۈڭنى بىلەلمەي، ئىنسانلىققا كۆنەلمەي،
گاھ ئەركىلەپ گاھىدا قاۋاشلىرىڭ ئۆزگىچە.
كۈندە نەچچە پۈكلىنىپ، ئوت ئىچىدە ئۆكلىنىپ،
تەمە كۆشەپ، لەۋ تامشىپ ياشاشلىرىڭ ئۆزگىچە.

(ئاپتور: مەكىت ناھىيىلىك ئىنتىزام
تەكشۈرۈش كومىتېتىدا)

# دېھقان ئاتا

مۇھەممەدئىمىن ئابدۇقەييۇم

شۇقەدەر مەغرۇرسەن، شۇقەدەر مەزمۇت،
ئۆكۈنگەن تۇرقۇڭنى كۆرمىدىم ئەسلا.
ياشايسەن ھاياتقا بېقىپ ئۈمىدۋار،
نى مۈشكۈل يەلكەڭنى باسسىمۇ، ئاتا.

ئاقارغان چاچلىرىڭ كەچمىش سۆزلىسە،
كۆزۈڭدىن تۆكۈلەر خىيال كەلكۈنى.
سەن بىلەن چىقىپ ھەم سەن بىلەن پاتار،
ھاياتلىق بەرگۈچى قۇياش ھەركۈنى.

بىلىمەن، دىلكەشلىك ئاچچىق موخوركا،
شورايسەن ھارغاندا قېنىپ ۋە قېنىپ.
ئەجرىڭدىن تۇپراقتا سىڭىپ ئۈمىدلىك
گۈلخاندەك ھەر زامان تۇرىدۇ يېنىپ.

راھەتتىن سۆز ئېچىپ باقمىدىڭ بىر رەت،
ياشايسەن جاپانى يەلكەڭگە ئېلىپ.
ئەجرىڭگە چۈشلۈق نەپ بەرمىسىمۇ يەر،
ياشىدىڭ كەسپىڭنى ئەڭ ئەزىز بىلىپ.

سەن بىلەن قۇت تېپىپ ياشايدۇ دۇنيا،
سەن بىلەن چىن بەخت تاپىدۇ ئالەم.
سەن بىلەن ئىلھامىم ئۆكسۈمەس مەڭگۈ،
سەن ھامان تۆھپىسى تەڭداشسىز ئادەم!

(ئاپتور: تۇرپان شەھەر يار يېزا
چاجالىق 4 ـ كەنتتە دېھقان)

# دوستلارغا سۆز

ئابدۇكېرىم ئابدۇخالىق

ئۆز بەختىڭنى ئۆزۈڭ تاپمىساڭ،
كىم بېرىدۇ سېنىڭ بەختىڭنى؟
بىخۇد بولساڭ، ئۆمۈر خورايدۇ،
يەيدۇ شەيتان ئالتۇن ۋاقتىڭنى!

مەنسۇپ ئەمەس ساڭا بۇ ھايات،
ئۆز يولۇڭنى ئۆزۈڭ ئاچمىساڭ.
بىراۋ ساڭا ھوسۇل بەرمەيدۇ،
ئۇرۇقىڭنى ئۆزۈڭ چاچمىساڭ!

بېسىپ قالساڭ تونۇق يولغا ئىز،
كىم قايتۇرار ئۆزۈڭ قايتمىساڭ؟
كىملەر كېلىپ چېپىپ بېرىدۇ،
كەتمىنىڭنى ئۆزۈڭ چاپمىساڭ؟

باغلىرىڭغا كۆچەت سالمىساڭ،
سايە تاشلار كىممۇ يولۇڭغا؟
ئەل سۆيىدە ئۆزۈڭ ئاقمىساڭ،
كىممۇ ئېقىپ بېرىدۇ ساڭا؟

ئۆز ئىشىڭنى ئۆزۈڭ قىلمىساڭ،
ھېچكىم ساڭا بەرمەس قىلىشىپ.
يىقىلغاندا ئۆزۈڭ دەس تۇرغىن،
ئۆگەن ھۈنەر، بىلىم ... تىرىشىپ!

«ئۆمۈر بېغىم سولمىسۇن» دېسەڭ،
ئېچىلدۇرغىن ھايات گۈلۈڭنى.
ئەقىل، ھۈنەر، پاراسەت بىلەن
داغدام قىلغىن مەنزىل ـ يولۇڭنى!

(ئاپتور: مارالبېشى ناھىيىلىك
سوت مەھكىمىسىدە)

# بىر غېرىچ

زەينۇرە زەيىدىن

(ساتىرا)

قايرىپ قويۇپ ھاياتنى، كىيگەن يوپكاڭ بىر غېرىچ،
شۇ يوپكىنىڭ ۋەجىدىن ئاران ماڭدىڭ بىر غېرىچ.
مودا قوغلاپ ئۆزۈڭچە قىلىپ باقتىڭ ھەممىنى،
ئۇزۇن ئۆرۈم چېچىڭنى كېسىپ تاڭدىڭ بىر غېرىچ!

كىيگەن كوپتاڭ بېلىڭنى ياپمىغاننى ئاز كۆرۈپ،
ئۆلچىمىدىن ئاشۇرۇپ ئويۇۋالدىڭ بىر غېرىچ.
ماسلاشماق بوپ دەۋرنىڭ مودىسىغا تېخىمۇ،
پاشنىسىنى ئاياغىڭنىڭ قىلىۋالدىڭ بىر غېرىچ.

نەدىن تاپقان پۇلكىنتاڭ، قات ـ قات زىنجىر بويۇنۇڭدا؟
بولسا ئاشۇ زىنجىرنى ئۆلاي دېدىڭ بىر غېرىچ.
نەدە شۇنداق ئادەت بار، تىرنىقىنى ئۆستۈرۈش؟
ئېپۇس، شۇنى پەرۋىشلەپ قىلاي دېدىڭ بىر غېرىچ.
ئازلىق قىلسا ناۋادا ئاتا ـ ئاناڭ بەرگەن پۇل،
رازى بولماي تۇمشۇقنى سوزۇۋالدىڭ بىر غېرىچ.
چىقىپ كەتكەن كېچەڭ كۆپ، ئەنسىرىتىپ چوڭلارنى،
قاۋاقخانا، «دىبا»دا ئۇزۇۋالدىڭ بىر غېرىچ؟!

چاپىنىڭ شۇنداق نىشانسىز، ئويلاپ قويماي زاتىڭنى،
چېكىنىدىڭ ـ يۇ، ئالغا ھېچ باسالمىدىڭ بىر غېرىچ!
گۈزەل خۇلق ـ ھاياتى يوقىتىپ سەن، ھەي ئېست،
پەزىلەتنىڭ سۆيىدە ئاقالمىدىڭ بىر غېرىچ.

•••

نېمە قىلساڭ مەيلىڭ، ئونۇتمىساڭ ئەسلىڭنى،
ئەيش ـ ئىشرەت كويىدا يوقاتمىساڭ ۋەسلىڭنى
نادانلىققا يول ئېچىپ، قۇرۇتمىساڭ نەسلىڭنى...
ئويلان، ھالاك بولۇشقا پەقەت قالدىڭ بىر غېرىچ!

(ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە
فاكۇلتېتى 02 ـ 1 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى)

# پاكلىق قەسىدىسى

مۇھەممەت مۇسا

پاك ئۆتەر بولساڭ ھاياتتا ياغىدۇ ھۆرمەت ساڭا.
ئاچىدۇ كەڭرى قۇچاقلار شان بىلەن شۆھرەت ساڭا.
بارلىقىڭنى ئەل ـ ئاۋامنىڭ ئىشىچۈن قىلساڭ پىدا،
دوست ـ يارەنلەر ئوڭ ـ سولۇڭدا بولغۇسى ئۈلپەت ساڭا.
پاك بېسىپ ھەربىر قەدەمنى ئەل ئۈمىدىن ئاقلىغىن،
ئەلگە قىل خىزمەت داۋاملىق كەلسىلا پۇرسەت ساڭا.
پارتىيىنىڭ سۆزلىرىگە سەن ئەمەل قىلساڭ تۇگەل،
ئەل ـ جامائەت باشقا ئالغاي، ياغقۇسى نۇسرەت ساڭا.
گەر كېلىڭنى قويۇۋەتسەڭ يۈز كېتەر، ئابرۇي كېتەر،
ئاقىۋەتتە ياش تۆكەرسەن چاڭ سالار ھەسرەت ساڭا.
شۇ ھاياتىڭ بەتلىرىگە داغ چۈشەر ئۆچمەيدىغان،
ئايلىنارسەن خەسكە ئاخىر، بار تۈمەن كۈلپەت ساڭا.
ئەل ـ ۋەتەنگە چىن ساداقەت بىلدۈرۈپ قۇچساڭ شەرەپ،
ھەممە بىردەك گۈل ئۇزاتقاي بىلدۈرۈپ ھۆرمەت ساڭا.

(ئاپتور: يەكەن خەلق رادىئو ئىستانسىسىدا)



# 中国民族

主管：国家民族事务委员会

（用汉，英，蒙古，维吾尔，哈萨克，朝鲜文出版）

主办：民族团结杂志社

社长：李建辉（汉族）

总编辑：郭正英（裕固族）

常务副社长：图鲁甫．巴拉提（维吾尔族）

副总编辑：伊德里斯．巴拉提（维吾尔族）

副社长兼副总编辑：朴文吉吉（朝鲜族）

副社长兼：副总编辑 石维斌（苗族）

副社级：调研员 沙格德尔（蒙古族）

（维吾尔文）

（总第113期）

编辑：维吾尔文编辑部

主编

伊德里斯．巴拉提

（编审）

副主编

图尔洪·伊里提孜

（副编审）

维编部主任

哈米提．尼格麦提

（副编审）

编辑：

艾尔肯·艾拜都拉

（副编审）

美术编辑：

迪里夏提·伊德里斯

本期责任编辑

哈米提．尼格麦提

编辑部地址：乌鲁木齐市和平南路巴里坤小区一号楼 一单元601，603室；

内文制版：本单位“萨里塔娜提”电脑设计制作室

电脑室地址：乌鲁木齐市和平南路巴里坤小区一号楼一单元603室

邮政编码：830001

印刷装订：新疆新华印刷厂

发行：新疆维吾尔自治区报刊发行局

订阅：全国各地邮局

国内统一刊号：CN11-4608/C

邮政发行代号：（新）58-117

出版日期：2007年7月25日


## 2007年 第四期要目


来自中央的声音

少数民族事业规划：民族工作走向科学化的新起点
---访国家民委副主任丹珠昂奔……本刊记者 牛志男

卷首语

到底谁变了……伊德里斯．巴拉提编

侃侃我的民族

我们精神世界的良好趋势(2)……乌买尔江．斯迪克
伟大的父亲 慈祥的母亲……艾比布拉．热介甫

民族素质论坛

到底什么样的母亲最伟大？……亚里坤．肉孜
别人的尊重在于你自己……艾山江．阿布来提

书与素质

博士的内心世界(访谈录)……阿里甫．穆罕默德

民族宝库

多朗木卡姆及其特点……吐尔汗．夏吾东
卡龙琴的创造……艾合塔木．欧马尔

民族与风俗

维吾尔族的颜色观念……海热提江．乌斯曼
谈谈维吾尔族传统民族服饰……阿布来提．阿布都热西提

人生感悟

请你做一个品格高尚的人……乌买尔．穆罕默德伊明

永恒的丰碑

我心中的诗人—肉孜．沙依提……多来提．库尔班

民族与文艺

艺术家的道德素质……艾尼瓦尔．阿布都热依木

社会焦点

中小学生早恋何时止？……阿不力孜．伊布拉音

民族园

兰州的维吾尔人……阿布都瓦里．阿尤甫
西藏的珞巴族及其风俗习惯……阿布都沙拉木．吐尔逊

世界民俗大观

土库曼人的风俗……迪里夏提．伊德里斯

花坛

称心的日子(散文)……艾乃图拉．库尔班
散文三则……美合热古丽．热合曼
诗一首……木沙江．尤努斯
农民之父(诗一首)……穆罕默德伊明．阿布都克尤木
致朋友(诗一首)……阿布都克里木．阿布都哈里克

封面：维吾尔族农民……吾尔开西．加帕尔摄影
封二：荣获新疆《汗腾格里文学奖》我刊作者—阿布都干尼．库尔班尼亚子……
封三：舍伊达义电脑书法作品选……
封底：维吾尔族的农民—配图诗……马合木提．穆罕默德作诗，吾尔开西．加帕尔等摄影